يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلار

ئادىل مۇھەممەت



# قەدىمكى خوتەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-12064-2
9 787228 120642 >
定价:20.00 元

يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلار

ئادىل مۇھەممەت

# قەدىمكى خوتەن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

古代和田：维吾尔文／阿迪力·穆罕默德著．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008．11
（新疆丝绸之路文化丛书）
ISBN 978-7-228-12064-2

Ⅰ．古… Ⅱ．阿… Ⅲ．文化史—和田地区—古代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．K294．52

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 177254 号

**责任编辑** 热依汗古丽·库尔班
**责任校对** 阿依古丽·沙比提
**特约校对** 万力·在顿
**封面设计** 王 洋
**出版发行** 新疆人民出版社
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路 348 号
**电　　话** (0991)2827472
**邮　　编** 830001
**经　　销** 新疆维吾尔自治区新华书店
**印　　刷** 新疆翼百丰印务有限公司
**开　　本** 880×1230 毫米　1/32
**印　　张** 8．75
**印　　次** 2008 年 11 月第 1 版
**版　　次** 2008 年 11 月第 1 次印刷
**印　　数** 0001－5000
**定　　价** 20．00 元

يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلار

# قەدىمكى خوتەن


ئاپتورى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: رەيھانگۈل قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 2827472 — 0991
پوچتا نومۇرى:830001
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ يېبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.75
نەشرى: 2008 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2008 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 0001
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-228-12064-2
باھاسى: 20.00 يۈەن

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ياش تەتقىقاتچى ئادىل مۇھەممەت 1967 - يىلى 8 - ئايدا مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1986 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئورۇن مەسئۇلى ۋە ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 2000 - يىلى 1 - ئايدا مەملىكەت بويىچە «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالانغان. 2003 - يىلى 8 - ئايدىن تا ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئوقۇش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئادىل مۇھەممەت تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى 1990 - يىلى باشلىغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى، مەدەنىيەت - سەنئەت، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەر بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان.

ئادىل مۇھەممەتنىڭ تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن

نەتىجىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار»، «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار»، «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى»، «باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان»، «مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

ئادىل مۇھەممەت ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو مۇزېيشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

# كىرىش سۆز

خوتەن ۋىلايىتى — تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان. شەرق تەرىپى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، جەنۇب تەرىپى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەرب تەرىپى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن، شىمال تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي جەنۇب تەرىپى كەشمىر (ھىندىستاننىڭ ئەمەلىي كونتروللۇقىدىكى رايون) بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 210 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 670 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 600 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر مەيدانى 274 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر. قارىمىقىدا بىر شەھەر، يەتتە ناھىيە (خوتەن شەھىرى، گۇما ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، نىيە ناھىيىسى) بار. تەۋەسىدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بار. مەمۇرىي مەھكىمە جايلاشقان خوتەن شەھىرىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي ئاھالىسى 1 مىليون 644 مىڭ 527 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 1 مىليون 614 مىڭ 116، يېزا ئاھالىسى 1 مىليون 444 مىڭ 800.

يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، غەربى ئېگىز، شەرقى پەس. بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايون 33.3 پىرسەنتنى، چۆل - جەزىرە 63.3 پىرسەنتنى، بوستانلىقلار 3.7 پىرسەنتنى

ئىگىلەيدۇ. 36 چوڭ - كىچىك دەريا، 58 بۇلاق بار. دەريالىرىنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 8 مىليارد 820 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، بوستانلىق رايونىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان قىسمى 2 مىليارد 363 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلىرىدىن ئاساسلىقى ياۋا قوتاز، شىلاڭ ياۋا ئېشىكى، شىلاڭ جەرىنى، كۆكمەت، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن توشقانزەدىكى، قانتېپەر، قار لەيلىسى، رەۋەن، چاكاندا، چۇچۇكبۇيا، يەر مەدىكى، ئالىقات قاتارلىقلار بار. بايقالغان قېزىلما بايلىقىدىن قاشتېشى، نېفىت، كۆمۈر، تۇز، ھاك، چىرىمتال، مەرمەر تاش قاتارلىقلار بار.

خوتەن ۋىلايىتى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.2℃ - 10.4℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 43.2℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 28.9℃-، كۈننىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2400 - 2900 سائەت ≤10℃، يىغىندا تېمپېراتۇرىسى 4100℃ - 4300℃. قىروسىز مەزگىلى 210 - 240 كۈن. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 30 - 50 مىللىمېتىر، سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2400 - 2800 مىللىمېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم بوران چىقىش ۋاقتى 25 - 30 كۈن.

خوتەن ۋىلايىتى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 174 مىڭ گېكتار، ئورمان كۆلىمى 147 مىڭ 500 گېكتار، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 967 مىڭ 300 گېكتار كېلىدۇ. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز، ياغلىق دان ۋە ھۆل - قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەر بار. چارۋىچىلىقى — يايلاق چارۋىچىلىقى ۋە دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى دەپ ئايرىلىدىغان بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. چارۋىسىدىن قوي، كالا، ئات، ئېشەك، تۆگە

قاتارلىقلار بار. بۇلاڭ ئىچىدە خوتەن يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ. سانائىتىدىن ئاساسلىقى ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر ساناىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، پاختا توقۇمىچىلىق، يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك، قاشتېشى ئويمىچىلىقى، ئاشلىق - ماي ۋە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلار بار. يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقى خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانماقتا. دۆلەت تاشيولىنىڭ 315 - لىنىيىسى تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. تارىم قۇملۇق تاشيولىدا قاتناشنىڭ باشلىنىشى خوتەن بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى؛ ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان بولۇپ، 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. خوتەن ئايرودرومىغا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يولوچىلار ئايروپىلانى قونالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۇچالايدۇ. ھەر ھەپتىدە قەرەللىك ئۈرۈمچىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلان بار. يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردىكى پروگراممىلىق تېلېفونلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەتلىك ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوماتىك ئۇچۇر تورىغا كىرگۈزۈلدى.

خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق جايلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە گۇما، ئۇدۇن، كېرىيە، نىيا (بۇ ئەسەردە قەدىمكى نىيا بەگلىكىنىڭ نامى ‹nina› نىيا ۋە ھازىرقى ناھىيە نامى نىيە تەڭ قوللىنىلدى)، ئۇزۇنتات بەگلىكلىرىنىڭ يېرى بولغان ۋە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋىسا تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خانلارنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى بولغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭنىڭ 24 - يىلى (مىلادىيە 1759 - يىلى) خوتەن خان ئامبىلى قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇنىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 1883 - يىلى) خوتەن بىۋاستە

قاراشلىق ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ، قەشقەر ۋالىيمەھكىمىسىگە قارىغان. مىنگونىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 1920 - يىلى) خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، كېيىن 7 - مەمۇرىي رايون دەپ ئۆزگەرتىلگەن. مىنگونىڭ 32 - يىلى (مىلادىيە 1943 - يىلى) ۋالىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلغان. 1979 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى قۇرۇلغان.

بۇ ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن نىيا خارابىسى، ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرى، مەلىكىئاۋات خارابىسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن قۇملۇق مەنزىرىسى، بىپايان قاراقورۇم تېغى، چەكسىز كەتكەن ئۆزۈم كارىدورى قاتارلىقلار بار.

قەدىمكى خوتەن «يىپەك يولى»نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم بوستانلىق بولۇپ، يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپ ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەم ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە خاس بولغان مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن. مانا شۇ ئەجدادلاردىن قالغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ، ئۇلار ئەينى دەۋرنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە قەدىمكى خوتەننىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا ھەم «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»لىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرماقتا.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە ئارخېئولوگلىرىنىڭ قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى، بولۇپمۇ جۇڭگو -

ياپونىيىنىڭ نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈشى، جۇڭگو - فرانسىيىنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى، قېزىشى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەر خوتەننىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ئاچتى، قەدىمكى خوتەننى دۇنياغا تونۇتتى. قەدىمكى خوتەن ھەققىدە نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرى يېزىلدى. مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، نۆۋەتتە قەدىمكى «ئۇدۇنشۇناسلىق»تىن ئىبارەت بىر ئىلىمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سېلىندى.

بۇ كىتابتا خوتەننىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى، خوتەننىڭ قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتى، كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى، نىيا قەدىمكى خارابىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى، خوتەننىڭ قەدىمكى تىل - يېزىق، ۋەسىقىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىندى.

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب خوتەننىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ........................................................ 1
1. خوتەننىڭ تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ............ 3
2. خوتەننىڭ برونزا قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ........... 21
3. خوتەننىڭ دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ................................................ 25
4. خوتەننىڭ قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتى ... 31

ئىككىنچى باب خوتەن كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى .. 45
1. كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ............................. 46
2. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ بايقىلىشى ۋە نام ئېلىشى ........................................ 52
3. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ دائىرىسى ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى ..... 53
4. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ يىل دەۋرى ................................ 72
5. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيە............................................ 76
6. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيە............................................ 86
7. كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ................................................ 97

8. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ قوشنا جايلار مەدەنىيىتى بىلەن بولغان باغلىنىشى...................................104
9. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتتىكى مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتى .......................................112

ئۈچىنچى باب نىيانىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى .. 119
1. نىيا خارابىسىنىڭ بايقىلىشى ۋە «نىيا» نامى ...... 119
2. نىيا خارابىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى ...........................................123
3. نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى ..........................126
4. نىيا خارابىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئالاھىدىلىكى......141
5. نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ......150
6. نىيا خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى ..........................180
7. نىيا خارابىسىدە ئەكس ئەتكەن ئىقتىسادىي فورماتسىيە............................................184
8. نىيا خارابىسىدە ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي فورماتسىيە ..........................................204
9. نىيا خارابىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتتىكى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ...................................228

تۆتىنچى باب خوتەننىڭ قەدىمكى تىل - يېزىق، ۋەسىقىلىرى.............................................243
1. قارۇشتى يېزىقى ......................................245
2. ئۇدۇن يېزىقى ........................................256
3. خەنزۇ يېزىقىدا قەغەزگە پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر .........262
4. تۈبۆت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر..........................266

# بىرىنچى باب

# خوتەننىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى

تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت — يازما خاتىرىگە ئېلىنمىغان، يەنى يېزىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپ، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە بۇ دەۋر «تارىختىن بۇرۇنقى دەۋر» دەپ ئاتىلىپ، بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەتكە «تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت» ياكى «تارىختىن بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ دەۋر ئىنسانلارنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىدىن تاكى يېزىق پەيدا بولغان دەۋرگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسانلار كونا تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى، برونزا قوراللار (مىس بىلەن قەلەينىڭ بىرىكمىسىدىن ياسالغان قوراللار) دەۋرى مەدەنىيىتى، تۆمۈر قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ھەمدە ھەرقايسى دەۋرلەرگە خاس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، ھەر خىل قىيا تاش رەسىملىرىنى قالدۇرغان.

شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇن شىنجاڭدا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى، ياۋا مېۋە ۋە ياۋا ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنى ئوزۇقلۇق قىلغان. بۇنىڭدىن 6000 — 7000 يىل

بۇرۇن شىنجاڭدا ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن شىنجاڭ برونزا قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. شىنجاڭ برونزا قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن، بۇ زېمىندا ياشىغان ئەجدادلار ئىگىلىكىدە ئوۋچىلىق، ياۋا مېۋە ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئوزۇقلۇق قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، كىچىك كۆلەمدىكى چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىقمۇ بولغان. برونزا قوراللار ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆسۈشكە باشلىغان ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىمۇ تەدرىجىي ھالدا كېڭەيگەن. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇنقى زامانلارنىڭ ئالدى - كەينىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا، بولۇپمۇ شىمالىدا چارۋىچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، نۇرغۇن رايونلاردا كىشىلەر سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزگەن. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى پايانسىز ئوتلاق - داللاردا ياشايدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەللىرى «كۆچمەن بەگلىكلەر» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېرىقچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قۇمۇل بوستانلىقىدا تىرىكچىلىك قىلغان ئەجدادلار تەدرىجىي ھالدا مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا قەدەم قويۇپ، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ھەمدە بىر ياكى بىر نەچچە شەھەرنى سىياسىي مەركەز قىلغان «شەھەر بەگلىكلىرى»نى بارلىققا كەلتۈرگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىر ئەتراپىدا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەدەنىيلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن جايلارنىڭ ئىجتىمائىي

ئىشلەپچىقىرىشىدا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بەزى رايونلاردا دېھقانچىلىق، يەنە بەزى رايونلاردا چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

## 1. خوتەننىڭ تاش قوراللار دەۋر مەدەنىيىتى

قەدىمكى خوتەن رايونىنىڭ تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ خارابە ـ ئىزلار كۆپلەپ تېپىلمىغاچقا بولسىمۇ، بىراق بۇ ھەقتە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى خوتەن رايونىنىڭ تاش قوراللار دەۋرىدىكى مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بىز قەدىمكى خوتەن رايونىنىڭ تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ھەققىدە توختالغاندا، ئۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە ئائىت بىرقەدەر ئومۇمىي بولغان چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلدۇق.

كونا تاش قوراللار دەۋرى — ئىنسانلار تاشلارنى چوقۇپ، يونۇپ ھەرخىل قوراللارنى ياسىغان ھەم ئىشلەتكەن دەۋر بولۇپ، بۇ خىل چوقۇپ، يونۇپ ياسالغان قوراللارنى ئىشلىتىش كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر تەرمىچىلىك (يېگىلى بولىدىغان تەبىئىي ئۆسۈملۈك ۋە ياۋا مېۋىلەرنى يىغىش)، دەريا بېلىقلىرىنى تۇتۇش ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان.

شىنجاڭدا ھازىرغىچە كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ خارابە ـ ئىزلاردىن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى جىرغال كونا تاش قوراللار ئىزى، خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى كونا تاش قوراللار ئىزى، لوپ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇرۇق دەريا قىنى بويىدىكى كونا تاش

قوراللار ئىزى، نىيە ناھىيىسى ناغرىخانىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇرۇق دەريا قىنى بويىدىكى كونا تاش قوراللار ئىزى، قوبۇقسار ناھىيىسى قوشتۈگە كونا تاش قوراللار ئىزى ۋە يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي غول تۆپىلىكىدىكى كونا تاش قوراللار ئىزى قاتارلىقلار بايقالغان بولۇپ، ئالدىنقى تۆت ئىزدىن چوقۇپ ياسالغان تاش قوراللاردىن چوڭ تىپتىكى چاناش - يانجىش قورالى، تاش بازغان، تاش ئۆزەك ۋە چوقۇش قورالى قىلىنغان يالپاق تاش قوراللار قاتارلىقلار تېپىلغان[1]. بۇ ئىزلار ئىچىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي غول تۆپىلىكىدىكى كونا تاش قوراللار ئىزى شىنجاڭنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ئارخېئولوگىيىسىدىكى مۇھىم بىر بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ[2].

1987 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ۋە ئامېرىكا ئارىزونا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرغاق رايونلارنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بىرقانچە يېرىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئۇرۇپ ياسالغان تاش قوراللار ۋە تاش پارچىلىرىنى تاپقان.

تۆۋەندە خوتەندىن تېپىلغان قەدىمكى تاش قوراللار ئەينى چاغدىكى رەت تەرتىپى ۋە قويۇلغان نومۇرلىرى (بەلگىسى) ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلىدۇ.

---

[1] يۇ تەيشەن: «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 3 - بەت؛ مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجاڭ: «شىنجاڭ تارىخى تېزىسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 5 - بەت.

[2] ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل قاتارلىقلار: «تۇرپان ئويمانلىقى يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي غول تۆپىلىكىدىن بايقالغان كونا تاش قوراللار ئىزى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2001 - يىللىق 1 – 2 - قوشما سان، 30 - بەت.

87 - XYF ·1

بۇ ئىز خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىدىكى قارا يانتاق دېگەن جاينىڭ جەنۇبىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان. بۇ يەردىن سەككىز دانە ئەۋرىشكە تېپىلغان بولۇپ، بۇلار مېتامورفىك جىنسلىق ئاندېزىتتىن چوقۇپ ياسالغان تاش بولقا، تاش ياپراقچە ۋە تاش قوراللاردىن ئىبارەت. تاش ياپراقچىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ قىرى ئۆزئارا سوقۇلۇشۇپ ھەرە چىشىدەك بولۇپ كەتكەن. ئەۋرىشكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 5.4 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

87 - XNF ·2

بۇ ئىز نىيە دەرياسىنىڭ ئىككى ئاساسىي مەنبەسى قوشۇلىدىغان نۇقتىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناغرىخانىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەلپۈگۈچسىمان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2000 مېتىر كېلىدۇ. قۇرۇق دەريا قىنىنىڭ قىرغىقىدىن قارا ۋە كۆل رەڭ بۇلۇڭلۇق يانتۇ شېغىل تاش ياپراقچىلىرىدىن بەش دانە يىغىۋېلىنغان.

87 - XLF ·3

بۇ ئىز خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى لوپ بىلەن يانتاقلىق ئارىلىقىدىكى يەلپۈگۈچسىمان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمال تەرىپى لوپ ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىردىن ئېگىز. قۇرۇق دەريا قىنىنىڭ قىرغىقىدىن چوقۇپ ياسالغان تاش مېغىز، تاش ياپراقچىلارنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىر دانە تېپىلغان بولۇپ، ماتېرىيالى قارا ۋە كۆل رەڭ ئاندېزىت.

87 - XNM ·4

بۇ ئىز نىيە دەرياسى بويىدا بولۇپ، قاراقورۇم تېغىغا تۇتىشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 مېتىر ئەتراپىدا،

كۋارتسىلىق تاش قاتلىمىنى ئاساس قىلغان بۇ دېلتا رايونىدىن قېلىنلىقى 10 ـ 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان سۇس قوڭۇر رەڭلىك ئوخشاش قۇم تاشتىن ياسالغان بۇيۇملار ناھايىتى كۆپ تېپىلغان. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا 140 داندىن ئارتۇقىنى ئىلغاپ چىققان. يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە سىپتا تاش مېغىز، سىپتا تاش پارچىلىرى، سايمان ـ جابدۇق، تاش مېغىز ياسىلىشتىن بۇرۇن ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن تاش ياپراقچە، قىرىنى چىقىرىش جەريانىدا ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن «سپوللىس» (قىرىندى ياپراقچە) ئۇۋاقلىرىغا ئوخشاش نەرسىلەر بار. كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ماتېرىيالى قوڭۇر رەڭلىك كرېمنىيلىق تاغ جىنسلىرى، ئاز ساندىكىلىرى كۋارتس ياكى تاغ جىنسلىرىنىڭ پارچىلىرىدىن ئىبارەت. كرېمنىيلىق تاغ جىنسلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىككى تەرىپى تۈز كېسىلگەن سىپتا تاش پارچىلىرىنىڭ ئارقا يۈزىنىڭ ئۈچ يېرىدە ئۇچۇپ كەتكەن ئىز بار، كۆپرەكى ئۇچۇپ كەتكەن. ئۇلارنى كەڭلىكى بويىچە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلگەندە: ≥10 ۋە <10 مىللىمېتىر بولىدۇ، ئىككىسىنىڭ سانى ئاساسەن تەڭ. ئالدىنقى گۇرۇپپىدىكىسىنىڭ ئەڭ كەڭرى يېرى 13.4 مىللىمېتىر، كېيىنكى گۇرۇپپىدىكىسىنىڭ ئەڭ تار يېرى 5.2 مىللىمېتىر كېلىدۇ. سىپتا تاش پارچىلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىدە ئىشلەتكەن ئىزلار بار، بەزىلىرىنىڭ بىر تەرىپىدە ياكى ئىككى تەرىپىدە قايتا ياسالغان ئىزلار بار.

5. XKM – 87

بۇ ئىز كېرىيە ناھىيىسى گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 4 كىلومېتىر كېلىدىغان كېرىيە دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى يەردە، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىر ئەتراپىدا. بۇ يەر كۆچمە قۇم بارخانلىرى بىلەن كۆمۈلگەن بولۇپ، قۇم بارخانلىرى ئارىلىقىدىكى جىلغىنىڭ ئاستىدىن بىر دانە تۈۋرۈك شەكىللىك سىپتا تاش مېغىز، ئىككى دانە سىپتا تاش

پارچىسى ۋە يەتتە دانە تاش ياپراقچە (كېيىنكى بۇيۇملار تاش مېغىزنى ياساشتا ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن ئۇۋاقچىلاردىن ئىبارەت) يىغىۋېلىنغان. بۇ بۇيۇملار قۇم ئارىلاش ساپال پارچىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بوز رەڭلىك كۋارتسىلىق شېغىل تاش ۋە قارا رەڭلىك قىرلىق شېغىل تاشتىن ياسالغان.

6. XDM – 87

بۇ ئىز كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 17 كىلومېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولىنىڭ شىمالىغا 1 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1500 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىن لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان ساپال پارچىلىرى ۋە ئۇزۇنلۇقى 22.4، كەڭلىكى 10 مىللىمېتىر كېلىدىغان سۇس قوڭۇر رەڭلىك بىر پارچە كۋارتسىلىق سىپتا تاش پارچىسى تېپىلغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالتە ئورۇننى گۇرۇپپىغا بۆلسەك، بىرىنچى گۇرۇپپا XYF – 87، XNF – 87 ۋە XLF – 87 لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىغىۋېلىنغان بۇيۇملارغا چوقۇپ ياسالغان سىپتا تاش مېغىز، تاش ياپراقچە قاتارلىق تاش قوراللار ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ ئىككىنچى گۇرۇپپا XNM – 87، XKM – 87 ۋە XDM – 87 لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يىغىۋېلىنغان بۇيۇملاردىن سىپتا تاش قوراللار ئالاھىدە بولۇپ، سىپتا تاش مېغىزنى ياساش جەريانىدا پەيدا بولغان بىر قىسىم تاش ياپراقچە ۋە قىرىنى چىقارغاندا پەيدا بولغان «سپوللس»لارمۇ بار. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئالىملارنىڭ مۇھاكىمىسىدىن قارىغاندا، بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى يىغىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ سانى چەكلىك بولۇپ، تاش قورال ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا بىرەر ئېنىق چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ، ئەمما شىنجاڭدىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىلەردىن قېزىۋېلىنغان چوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا بەزىبىر پەرقلەرنى كۆرۈۋالغىلى

بولىدۇ. مەسىلەن، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى بۇيۇملار دېھقانچىلىق ۋە مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم تاش پالتا، تاش ئوتىغۇچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار يىغىپ توپلىغان ئەۋرىشكىلەر كونا تاش قوراللار ھۇنەرۋەنچىلىكىدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تۇر بولۇپ، بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى تاش قوراللار ياسىلىش ئۇسلۇبىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىسى سىپتا تاش قوراللاردۇر[1].

بەزىلەر بۇ يادىكارلىقلارنى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 7000 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىشى مۇمكىن دەپمۇ قارىماقتا[2].

چوقۇپ ياسالغان تاش قوراللارنى ئىشلىتىش — كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر تەرمىچىلىك، دەريا بېلىقلىرىنى تۇتۇش ۋە نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ياكى قۇرۇمىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان. خوتەن بوستانلىقىنىڭ غەربىدىكى پامىر ئېگىزلىكىدىكى جىرغالدىن سۇنئىي ئوت ئىشلىتىلگەن ئىزنىڭ بايقىلىشى، بۇ مەزگىلدە ئاھالىلەرنىڭ سۇنئىي ئوت ئىشلىتىشنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە ئوۋ گۆشىنى ئوتتا پىشۇرۇپ يېگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[3].

---

[1] خۇاڭ ۋېيۋېن، لى جياچياڭ: «شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىن يېڭىدىن تېپىلغان تاش قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1992 - يىللىق 2 - سان، 79 -، 82 - بەتلەر.

[2] لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 46 - بەت.

[3] ئىسراپىل يۇسۇپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى 6 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - بەت.

ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى — كونا تاش قوراللار دەۋرى بىلەن يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر ھېسابلىنىدۇ. چوقۇش ياكى تاراشلاش ئارقىلىق ياسالغان تاش قوراللارنى ئىشلىتىش بۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ دەۋردە ئۇششاق تاش قوراللارمۇ خېلى كۆپ بولغان، بىراق بۇ دەۋردە سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار بىلەن ساپال بۇيۇملار تېخى بارلىققا كەلمىگەن. بۇ دەۋرنىڭ مۇتلەق يىل - دەۋرى بۈنىڭدىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە يېقىنلىشىدۇ.

شىنجاڭنىڭ تاش قوراللار دەۋرىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى ھەققىدىكى قاراشلاردا، ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئورنىغا «ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرى» دېگەن ئاتالغۇنى دەسسىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. «ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرىنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن، ئۇ تەخمىنەن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن بولغان بىر مەزگىللىك تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1] غان بولغاچقا، كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن كېيىنكى دەۋر، يەنى ئوتتۇرا تاش قوراللار ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.[2] شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭ، جۈملىدىن قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بىر قىسىم خارابە - ئىزلار مۇشۇ نام بىلەن ئاتالماقتا.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرى — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە

---

[1] ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قوراللار خارابىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1995 - يىللىق 3 - سان، 34 - بەت.

[2] ئىسراپىل يۇسۇپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى 6 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 29 -، 30 - بەتلەر.

تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بارلىققا كەلگەن، بولۇپمۇ دېھقانچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى — ئىنسانلارنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرى ۋە ئۇششاق تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن مەزگىلىدە، پەقەت تەبىئەتكىلا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر قېتىملىق زور بۆسۈشنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇ دەۋردە سىلىقلاپ ياسالغان تاش قوراللار، ساپال قاچىلار ۋە توقۇمىچىلىق بارلىققا كەلگەن. ئوقيانىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى — يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقنىڭ سەۋىيىسى ۋە تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. ئوقيا بىلەن ئوۋ ئوۋلاش ئوۋچىلىقنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوۋ ئوبيېكتىنىمۇ كۆپەيتكەن. ئىنسانلار ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا يارىلانغان ھايۋانلار بىلەن بەزى ھايۋان باللىرىنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايغا ئېلىپ بېرىپ بېقىپ، زۆرۈر بولغاندا ئۆلتۈرۈپ يېيىش بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى بېقىپ كۆپەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. قىسقىسى، ھايۋانلارنىڭ ئائىلىدە بېقىلىشى ۋە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كەلگەن.

يېڭى تاش قوراللار بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 – 6000 يىللار بۇرۇنقى شەكلى ئۇششاق ھەم كىچىك چوقۇپ ياسالغان تاش قوراللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ تىپىكلىرى ۋاستىلىك ھالدا چوقۇپ ۋە قىرىپ يونۇش ئارقىلىق ياسالغان تاش ياپراقچە ۋە تاش ئۆزەكلەر ھەمدە قايتا پىششىقلاپ ياسالغان ئوۋ ئوۋلاش ۋە كېسىش ئەسۋابلىرىدۇر. بۇ خىل قوراللار بېلىق تۇتۇش، يىغىمچىلىق ئىگىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شىنجاڭدا ھازىرغا قەدەر مۇشۇنداق خارابىلىكلەردىن ئەللىككە يېقىنى بايقالغان بولۇپ،

ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. بىرقەدەر مۇھىملىرىدىن قۇمۇل شەھىرىدىكى تارانچى، يەتتىمقۇدۇق، پىچان ناھىيىسىدىكى دىغار، يانقىر، تۇرپان شەھىرى ئەتراپىدىكى ئاستانە، يارغول، توقسۇن ناھىيىسىدىكى ئويمانبۇلاق، ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى سايگەمە، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى چىچېڭزى، سىداۋگۇ، فۇكاڭ شەھىرىدىكى فۇبېي دېھقانچىلىق مەيدانى، شىخەنزە شەھىرى ئەتراپىدىكى 105 - تۇەن مەيدانى، ئالتاي شەھىرى ئەتراپىدىكى شەمىرشەك، قابا ناھىيىسىدىكى جېدىقارىن، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوپال، گۇما ناھىيىسىدىكى كىلىياڭ، كېرىيە ناھىيىسىدىكى كىچىك پۇلۇ، باشقانسۇرا (باش كەكسۇلۇق) ۋە مارالبېشى، قاراشەھەر، لوپنۇر رايونى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، نىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قاراقورۇم تېغىنىڭ ئالدى تاغلىق رايونى قاتارلىقلار بار. بۇ يەرلەردىكى تاش قوراللارنىڭ تىپى ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئاساسلىقى ئۇششاق تاش ياپراقچە، تاش ئۆزەك ۋە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يونۇغۇچ، ئۇچلۇق قورال، ئويغۇچ، ئوق باشىقى، نەيزە قاتارلىقلار بولۇپ، ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىي يايلاق رايونلىرىنىڭ ئۇششاق تاش قوراللىرى بىلەن بىر قەدەر ئورتاقلىققا ئىگە. خارابىلىكلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى چۆل - جەزىردە بولغاچقا، بۇ بۇيۇملار ئاساسەن تەكشۈرۈش جەريانىدا يىغىۋېلىنغان، قېزىۋېلىنغانلىرى ناھايىتى ئاز. نۇرغۇن ئورۇنلاردىن سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار، ساپال پارچىلىرى بىلەن مېتال بۇيۇملار بىللە تېپىلغان بولۇپ، يەر قاتلىمى مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، كونكرېت يىل دەۋرىنى بېكىتىش بىرقەدەر قىيىن. نۆۋەتتە يەر قاتلىمى مۇناسىۋىتى ئېنىق بولغانلىرىدىن كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىلا بار. بۇنىڭدىن باشقا، شەمىرشەكتىكى تاش تاۋۇتلۇق قەبرىدىن ئۇششاق تاش ئوق باشىقى، سىداۋگۇ

خارابىسىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن ئۇششاق تاش ئۆزەك قىرتۇۋېلىنغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ ئورۇندىن يەنە كۆپ مىقداردا كۆندۈرۈلۈپ بېقىلغان هايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى تېپىلغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى برونزا قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، مۇتلەق يىل دەۋرى مىلادىيەدىن 2000 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا ياكى تېخىمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى شىنجاڭنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ تۆۋەن چېكى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ خارابە ـ ئىزلىرىدا سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايدىن تېپىلغان يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، بىراق هازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئىگە بولغان بىر قىسىم ماتېرىياللار ئاساسىدا، قەدىمكى خوتەن رايونىدا يېڭى تاش قورالار دەۋرى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىۋاتقان خارابە ـ ئىزلاردىن نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي ئېقىنى بىلەن غەربىي ئېقىنى قوشۇلىدىغان جاينىڭ ئەتراپى، گۇما ناھىيىسىدىكى كىلياڭ، ساغان ـ قىزىلتام، كېرىيە ناھىيىسىدىكى باشقانسۇرا قاتارلىق جايلاردىكى ئىزلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

### 1) كىلياڭ خارابە ئىزى

بۇ خارابە ئىزى قاراقورۇم تېغىنىڭ غەربىي شىمالىغا، گۇما ناھىيىسى كىلياڭ يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتىرچە كېلىدىغان تاشقىن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″77°56′40، شىمالىي پاراللېل ″37°14′20 قا توغرا كېلىدۇ. بۇ

تاشقىن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنىنىڭ تەسىرىدە ھاسىل بولغان تىندۇرما جاي بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە يىمىرىلىش ۋە سۇنىڭ يالىشى تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، جىلغا ئىچىدىكى سازلىققا ئايلانغان. يانتولۇق سۇنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان ئىككىلەمچى تىنما قۇمساڭغۇ توپا قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يانتولۇقنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلىدۇ، ئۈستىنى ئوت - چۆپلەر، كۆچمە قۇم بارخانلىرى قاپلاپ كەتكەن. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1 — 2 مېتىر كېلىدۇ. يەر يۈزىدە 4 — 6 مېتىر قېلىنلىقتىكى جانلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى بار، ئىككىلەمچى قۇمساڭغۇ توپا قاتلىمى ئىچىدە نۇرغۇن كۈل، ئوتۇن - كۆمۈر پارچىلىرى، كۆيۈپ كەتكەن سۆڭەك پارچىسى قاتارلىقلار بار. بۇ جاينىڭ ئەتراپىدىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىغىۋېلىندى. بۇ خارابە ئىزىدا يىرىك ساپال پارچىلىرى، سۆڭەك پارچىلىرى بار، تاش پارچىلىرىدا جىجاپ ئويۇلغان ئىزلار بار بولۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئىزلىرى يوق[1].

## 2) باشقانسۇرا خارابە ئىزى

باشقانسۇرا — باش كەڭسۇلۇق (سۇلۇق دېگەن سۆز خوتەن يەرلىك تىلىدا «سۇلاق» دېيىلىدۇ، شۇڭا يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇ جاينى «باش كەڭسۇلاق» دەپ ئاتايدۇ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خارابە ئىزى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا 77 كىلومېتىرچە كېلىدىغان كېرىيە دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قۇمساڭغۇ توپا قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ كۆرۈنىدىغان

---

[1] يۇ جۇڭچى: «شىنجاڭدىكى بىرنەچچە يېڭى تاش قوراللار مەدەنىيىتى خارابە ئىزلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە — كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى: «قۇرغاق رايونلار — شىنجاڭنىڭ 4 - دەۋر تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1995 - يىللىق 3 - سان، 64 - بەتتىكى نەقىل).

ئېدىرلىقتا بولۇپ، يەر يۈزىدە يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق. خارابىلىكنىڭ شەرقىي تەرىپىدە سۇنىڭ يالىشىدىن ھاسىل بولغان جىلغا بار، شىمالىي تەرىپىدە كېرىيە ناھىيىسىدىن پۈلۈ يېزىسىغا بارىدىغان ئاددىي تاشيول ۋە كېرىيە دەرياسى بار. قاپتاللىقنىڭ ئالدى تەرىپىنى بوران يالاپ كەتكەن، يەر ئۈستىنىڭ يىمىرىلىشى بىرقەدەر ئېغىر، خارابىلىكنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 3500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى يەر يۈزىدە چېچىلىپ ياتىدۇ، بىر قىسمى قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان. خارابە ئىزىدىن 173 دانە تاش قورال يىغىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ئۆزەكلىرى، ئۇششاق تاش ياپراقچە، قىرغۇچى قوراللار ۋە تاش ئوق باشىقى قاتارلىقلار بار. تاش قوراللار ئىچىدە ئۇششاق تاش قوراللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ قوراللار سېلىكاتلىق تاغ جىنسلىرى ۋە سىلانتىستىن ياسالغان.

بۇ خارابە ئىزىغا قارىتا قېزىش ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما خارابىلىكتە تاش قوراللار ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تارقالغان. يىغىۋېلىنغان بۇيۇملار ئارىسىدا ئۇششاق تاش قوراللار زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. قىرغۇچى قوراللار، تاش ئۆزەكلەر ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدۇ. بۇ يەردە پېتىنغۇ تەگلىك ۋە مىس تەگلىك تاش ئوق باشىقى ئۇچرايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساپال قاچا پارچىلىرى يوق. تاش قوراللارنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە سوقۇش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ئۇرۇش - سوقۇش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە بەزىلىرى بېسىپ يونۇش ئۇسۇلىدا ئىشلەنگەن. يىغىۋېلىنغان تاش قوراللارنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشقا قارىغاندا، بۇ تىپىك يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ياكى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئۇششاق تاش قوراللار خارابە ئىزى ئىكەن. ئەمما، بۇ جاينىڭ يەر قەۋىتى مۇناسىۋىتى ۋە مەدەنىيەت مەزمۇنىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن،

تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىي يوسۇندا ئىنچىكە قېزىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ[1].

### 3) نىيا سىپتا تاش قورالالار ئىزى

بۇ ئىز نىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي بېشىدىكى ئۆلۈغساي بىلەن غەربىي بېشى قوشۇلىدىغان نۇقتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك جايدا بولۇپ، بۇ جايدىن سىپتا تاش پارچىلىرى، تاش ياپراقچە، قىرىندى ياپراقچە قاتارلىق 140 نەچچە ماددىي بۇيۇم يىغىۋېلىندى[2].

قەدىمكى خوتەن رايونىدا بايقالغان خارابە ـ ئىزلارنىڭ كۆلىمى خېلىلا چوڭ بولۇپ، تېپىلغان ئۇششاق تاش قوراللارنىڭ سانىمۇ كۆپ، كېمىنىڭ ئاستىغا ئوخشاش تاش ئۆزەكلەر، يۇمىلاق بېگىزسىمان تاش ئۆزەكلەر، يالپاق تاشلار بىرقەدەر كۆپ بولغاندىن سىرت، يالپاق تاشلاردىن پايدىلىنىپ ئىككىنچى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئۇزۇن قىرغۇچى قوراللار، ئۇچلۇق قوراللارمۇ بار. بۇ ئىزلاردىن يەنە خېلى كۆپ ئۇششاق تاش ياپراقچىلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ خارابىلىكلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەۋر چېكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن كېيىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خارابىلىكلەردىكى ئۇششاق تاش قوراللار قۇمۇل يەتتەقۇدۇقتىكى ئۇششاق تاش قوراللارغا ئوخشايدۇ[3].

---

[1] ۋاڭ بو، جاڭ تېنەن: «شىنجاڭنىڭ تاش قوراللار دەۋر ئارخېئولوگىيىسى جەھەتتىكى يېڭى بايقاش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان، 35 ـ، 36 ـ بەتلەر.

[2] ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 79 ـ بەت.

[3] ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قوراللار خارابىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان، 94 ـ، 95 ـ بەتلەر.

قەدىمكى خوتەن رايونىدا يۇقىرىقى خارابە - ئىزلاردىن باشقا، گۇما ناھىيىسىدىكى ساغانىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېدىرلىق، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قىزىلتام قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى ئىزلاردىن تاش پىچاق، تاشتىن ياسالغان ئورۇش - كېسىش سايمانلىرى، سۈركەپ ياسالغان تاش ئورغاق قاتارلىقلار ۋە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل، كۈل رەڭ ساپال پارچىلىرى تېپىلغان.

خوتەن رايونىدىكى قەدىمكى ئىزلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ساپال بۇيۇملار بايقالدى، بەزى ئىزلاردىن ئاز مىقداردا رەڭلىك ساپال پارچىلىرىمۇ بايقالدى. ساپال بۇيۇملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئومۇمەن مۇقىم ئولتۇراق ياكى يېرىم ئولتۇراق تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئىزلاردىن يەنە يارغۇنچاق ۋە دان ئايرىش قوراللىرى بايقالدى، بۇ خىل تاش قوراللار ئادەتتە دانلىق زىرائەتلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، بۇ جايدا ئەينى دەۋردە مەلۇم دەرىجىدە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق مەۋجۇت بولغان. تېرىقچىلىقنىڭ بىرقەدەر مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى تەبىئىي. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ھەرقايسى ئىزلاردىن بايقالغان كۆپ مىقداردىكى ئۇششاق تاش قوراللار، ياپىلاق تاش قوراللار ۋە سوقۇش ئارقىلىق ياسالغان چوڭ تىپتىكى تاش قوراللار ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋە گۆشىنى پارچىلاشقا ئىشلىتىلگەن. مانا بۇلار ئوۋچىلىقنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا خېلى سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قىسقىسى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار تۇرمۇشىدا ئوۋچىلىق ۋە تەبىئىي مېۋە، ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىپ ئىستېمال قىلىدىغان تەرمىچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، مەلۇم دەرىجىدە بېلىق تۇتۇش ئىگىلىكىمۇ مەۋجۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ دەۋرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق بارلىققا

كەلگەن، شۇنداقلا ئۇي چارۋىلىرى باقىمچىلىقىمۇ شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ[1].

1976 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ماتېرىياللار ئىشخانىسى «جۇڭگو ئىپتىدائىي جەمئىيەت خارابىلىرى تىزىملىك جەدۋىلى» (يىغىر ئېلىش نۇسخىسى)نى بېسىپ تارقاتقان بولۇپ، ئۇنىڭغا خوتەن ۋىلايىتىدىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ۋە قىسمەن مىس قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ خوتەن ناھىيىسىدىكى مەلىكئاۋات، نىيە ناھىيىسىدىكى نىيا خارابىسى، كېرىيە ناھىيىسى (جاي ئىسمى بېرىلمىگەن)، لوپ ناھىيىسىدىكى ۋوپ (بۇ جاينىڭ نامىنى ئېنىقلىغىلى بولمىدى)، گۇما ناھىيىسىدىكى كىلياڭ، زاڭگۇي قاتارلىق بىرقانچە جايدىكى خارابىلىكلەرنىڭ تىزىملىكى كىرگۈزۈلگەن[2]. بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم جاي ناملىرى ۋە خارابىلىكلەر بىزگە تونۇشلۇق بولمىسىمۇ، بىراق بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان جاي ناملىرى ۋە شۇ جايدىن تېپىلغان مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ يادىكارلىقلار ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە ۋە ئېنىقلىما بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە بىرقەدەر سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان پېشقەدەم تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ۋە كۆزقاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەم دېگەندىمۇ تاش قوراللار بىلەن مىس قوراللار

---

[1] ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى 6 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 35 -، 36 - بەتلەر.

[2] لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 47 - بەت؛ توختىنىياز تۇرسۇن: «خوتەننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1996 - يىللىق 3 - سان، 41 - بەت.

تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانغان، بەزىلىرى كېيىنكى دەۋرگە مەنسۇپ يادىكارلىقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گوما ناھىيىسىدىكى غازى غوجام مازىرى، قىزىلتام قۇملۇقى ۋە بۇ ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئېتەكلىرى؛ قاراقاش ناھىيىسىدىكى زاۋا بوستانلىقى ياقىسىدىكى چۆللۈك، خوتەن ناھىيىسىدىكى مەلىكئاۋات خارابىلىكى، لوپ ناھىيىسى يورۇڭقاش بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇق؛ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتىتوڭۇك، كۆكچى شەھىرى ۋە بۇ ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئېتىكى؛ نىيە ناھىيىسىدىكى نىيا خارابىلىكى، شايانتاق قاتارلىق جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

گوما ناھىيىسىدىكى ساغاننىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئېدىرلىقى ۋە ساغاننىڭ ئەتراپىدىكى غازى غوجام مازىرى خارابىلىكىدە بايقالغان يادىكارلىقلار ئاساسەن يانجىش، كېسىش ئەسۋابى، بىلەي قاتارلىق تاش قوراللارنىڭ پارچىسى بولۇپ، بۇ يەرلەردىن بايقالغان ساپال پارچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ۋە سۇر ساپاللاردۇر. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ يۈزى سىدام، ئاز ساندىكىلىرىدە دولقۇنسىمان ئويۇك سىزىقلار بار.

گوما ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇقتا قىزىلتام دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىتىن شىمالغا كەڭلىكى 3 ـ 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەردە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بىر قىزىل تۇپىلىق دۆڭلۈك بولۇپ، بۇ دۆڭلۈكتە لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ۋە سۇر ساپال پاچىلىرى ھەمدە تاش قوراللار ئۇچرايدۇ، تۆمۈر قوراللار ۋە قۇرۇلۇش ئىزى ئۇچرىمايدۇ. بۇ دۆڭلۈكتىن تاش پىچاق (ياكى تاش ئورغاق) يىغىۋېلىندى.

قاراقاش ناھىيىسىدىكى زاۋا بوستانلىقى ياقىسىدىكى يۇمىلاقساچقان ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى تاغ ئالدىدىكى سايدا نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى ۋە تاش قوراللارنىڭ قالدۇقلىرى ئۇچرايدۇ.

ساپال پارچىلىرىنىڭ لېيىغا قوۋم ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاز ساندىكىلىرىدىلا گۈل نۇسخىسى بار، ياسىلىشى قوپال.

لوپ ناھىيىسى يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە سۆڭەك سۆلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپلىرىمۇ بار. لېكىن، كۆپلىگەن كېمە شەكىلدىكى يارغۇنچاقلار ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ يادىكارلىق بولۇشى مۇمكىن. يادىكارلىقلار ئىچىدە يەنە تەكشى چوقۇلۇپ، ئوقۇرچە چىقىرىلغان يۇمىلاق تۆگمەن تېشىمۇ بار بولۇپ، يۇقىرىدىكى يادىكارلىق بىلەن بىر دەۋرگە مەنسۇپ ئەمەس.

كېرىيە ناھىيىسى بوغاز لەڭگەر يېزىسى يەتتىمتۇنۇكتىكى سايلىقتىن ئازراق تاش قوراللار ۋە ساپال پارچىلىرى يىغىۋېلىندى. تاش قوراللاردا سىلىقلانغان ۋە تېشىلگەن ئىزلار بار. لېكىن، ئۇلار ئىگىز دەرىجىدە شامالنىڭ يېمىرىشىگە ئۇچرىغاچقا، پەرق ئېتىش ناھايىتى تەس. ساپال پارچىلىرى قىزىل رەڭلىك سىدام ساپالنى ئاساس قىلىدۇ. كېرىيە ناھىيىسى كۆكيار يېزىسى كۆكچى شەھىرىدىكى سايدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار يۇقىرىدىكى يادىكارلىقلار بىلەن ئوخشايدۇ، لېكىن مېتال بۇيۇملار ئۇچرىمايدۇ.

نىيە ناھىيىسى ئەندىرە دەرياسى بويىدىكى شايانتاقتىن يىغىۋېلىنغان ئۇچلۇق بىر غول تاش ۋاستىلىك ھالدا ياپىلاقلانغان بولۇپ، تاش پارچىسى ۋە تاش ياپراقچىسىدىن پايدىلىنىپ ئىنچىكە تاش پارچىلىرىنى چېقىش ئۇسۇلى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياكى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. دەريا بويىدا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە ئىزى بار. نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى نىيا خارابىسى گەرچە خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇن بۇ جايدا ئادەمزات ياشىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇ جايدا دائىم ئالتە قىرلىق تاش ساقا ئۇچرايدۇ، ئېھتىمال ئۇ ئوق قورالى

بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىن يەنە ياغاچنى تېشىپ ئوت چىقىرىشقا ئىشلەتكەن كىچىك ياغاچ تاختىلار تېپىلدى، كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئازگاللار زىچ تارقالغان بولۇپ، ئېھتىمال ئۇ دەسلەپكى دەۋرنىڭ يادىكارلىقى بولۇشى مۇمكىن[1].

خوتەننىڭ چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى تاش قوراللار دەۋرى ۋە مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېخى سىستېمىلىق، ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنمىغاچقا، ھازىر بۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدۇ. يۇقىرىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەمىن ئەتكەن پارچە - پۇرات ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى ئاھالىلەر چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، كۆپىنچە ھاللاردا تاغدىكى سۈيى ۋە ئوت - چۆپى مول جىلغىلاردا ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تۈزلەڭلىكتىكى دەريا بويلىرى ياكى سۇغا يېقىن جايلارغا ماكانلاشقان. ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەتكەنگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق جايى نىسپىي مۇقىم بولغان، لېكىن قانداق ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقىنى بىلىش تەس. بىزگە مەلۇم بولغان خارابە ۋە يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، تۈزلەڭلىكتىكى ئاھالە دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان. ئۇن تارتىشقا ئىشلەتكەن تاش قوراللار، قەبرىلەرگە جەسەت بىلەن بىللە قويۇلغان بۇغداي، قوي سۆڭىكى قاتارلىقلار بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. بۇ دەۋردە توقۇمىچىلىق، ساپال بۇيۇملارنى ياساش، تاش قوراللار ۋە ياغاچ قوراللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكمۇ بولغان. توقۇلما بۇيۇملارغا ئاساسەن قوي يۇڭىنى خام ئەشيا قىلغان. ئۆي ھايۋانلىرى ئاساسەن ئات،

---

[1] لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 48 -، 51 - بەتلەر.

قوي، ئىت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قاراقورۇم تېغىدا ياشىغان ئاھالە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان[1].

ئومۇمەن، قەدىمكى خوتەننىڭ تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ خارابە ـ ئىزلار ۋە بۇ خارابە ـ ئىزلاردىن تېپىلغان بۇيۇملار بىر قەدەر كۆپ ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەر قاتلىمى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا، قەدىمكى خوتەننىڭ تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ بېرىش ھەم مەدەنىيەت خاراكتېرىنى بېكىتىش نۆۋەتتە تەس بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئىشىنىمىزكى، بۇ مەسىلە كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلاردا ھەل بولغۇسى.

## 2. خوتەننىڭ برونزا قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى

برونزا قوراللار دەۋرى — ئىنسانىيەت تارىخي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يەنە بىر مۇھىم دەۋر ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن كېيىن ئىنسانلار برونزا قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى برونزا بۇيۇملارنى ياساش ۋە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. بىراق، برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدا يەنىلا تاش قوراللار ئاساس قىلىنغان. دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندا، بەزى رايونلاردا برونزا قوراللار دەۋرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق بولغان، بولۇپمۇ مۇشۇ دەۋردە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ بىرقانچە چوڭ ئاملى ھېسابلانغان دۆلەت، شەھەر، يېزىق ۋە

[1] لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 54 -، 55 - بەتلەر.

مىس بۇيۇملار بارلىققا كەلگەن. برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىردەك بولمىسىمۇ، بىراق مۆلچەرلىنىشىچە، تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 - يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىلىغىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش جەريانىدا برونزا قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت ئىزلىرى خېلى كۆپ بايقالدى. ئۇلار ئاساسەن باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى نەنۋەن قەبرىستانلىقى، لەنجۇۋەنزە خارابىسى، كۇيسۇ خارابىسى، شىرىنزىدىكى ئىز؛ ئارا تۈرۈك ناھىيىسى ھەربىي ئات فېرمىسىدىكى ئىز، تۈز كۆلدىكى خارابە، كارساڭدىكى ئىز؛ تۇرپان شەھىرى ئەتراپىدىكى قاراغوجا خارابىسى؛ چۆچەك شەھىرى ئەتراپىدىكى سەھىيە مەكتىپىدىكى ئىز ۋە قەبرىستانلىق؛ لوپنۇر ناھىيىسى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق ۋە قۇم دەرياسى ئېقىنى ئەتراپىدىكى ئامىۋى قەبرىستانلىق؛ خوشۇت ناھىيىسىدىكى شىنتاران خارابىسى ۋە چۇقۇدىكى ئىز؛ كۇچا ناھىيىسىدىكى قارادۆڭ خارابىسى؛ ئاقسۇ كونىشەھەر ئەتراپىدىكى ئىز ۋە قارا يۇلغۇندىكى ئىز؛ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئاقدالادىكى ئىزدىن ئىبارەت. بىراق مەدەنىيەت تىپىدىن قارىغاندا، ئۇلارنى نەچچە خىلغا ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، نەنۋەن قەبرىستانلىقى، لەنجۇۋەنزە خارابىسى، كۇيسۇ خارابىسى، شىرىنزىدىكى ئىز، ھەربىي ئات فېرمىسىدىكى ئىز، تۈز كۆلدىكى ئىز ۋە كارساڭدىكى ئىز قاتارلىقلارنىڭ بەلگىلىك ئوخشىشىدىغان تەرەپلىرى بولغاچقا، ئوخشاش تىپتىكى بىر خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەبرىستانلىق بىلەن قۇم دەرياسى ئېقىنى ئەتراپىدىكى ئامىۋى قەبرىستانلىقنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى ئوخشاش بىر خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ دەپ

قاراشقا بولىدۇ. شىنتاران بىلەن چۆقۇدىكى ئىزلارنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئوخشاش تىپتىكى، شۇڭا ئۇلار ئوخشاش تىپتىكى بىر خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ. بۇنىڭدىن باشقا، قارادۆڭ خارابىسى، ئاقسۇ كونىشەھەر ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەر، قارايۇلغۇن ۋە ئاقدالا خارابىلىكلىرىدىمۇ بەلگىلىك ئورتاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ ئوخشاش تىپتىكى بىر خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن.

خوتەن رايونىدا ھازىرغىچە بايقالغان برونزا قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ خارابە ـ ئىزلار ئانچە كۆپ ئەمەس، بىراق يېڭىدىن بايقالغان مۇنداق ئىككى ئورۇننى ۋەكىل خاراكتېردە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

1996 ـ يىلى جۇڭگو ـ ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن برونزا قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بايقىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ساپال قاچىلار روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قولدا ياسالغان بۇ قاچىلار لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ياكى كۈل رەڭ ساپالدىن ئىبارەت. شەكىل جەھەتتىن ئۇلارنى تېگى تۈز كومزەك، تېگى تۈز جام قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇلارغا قايرىما گىرۋەك، مونەكچە نەقىشلەر چېقىرىلغان. بۇ جايدىن يەنە ئېگەر شەكىللىك تاش يارغۇنچاق، جۇلدىسى ياي شەكىللىك، پېتىنغۇ بىسلىق تاش ئورغاق قاتارلىقلارمۇ بايقالدى[①].

1996 ـ يىلى جۇڭگو ـ فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە

---

[①] يۆفېڭ، يۇ جىيۇڭ: «شىنجاڭنىڭ نىيە ناھىيىسى نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىي رايونىدىكى 1996 ـ يىلىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»؛ «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1999 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ («ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 11 ـ بەتتىكى نەقىل.)

دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن ئۇسلۇبى نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىدىكى جايدىن تېپىلغان ساپال قاچىلار ۋە تاش قوراللارغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان ساپال قاچىلار بىلەن تاش قوراللارنى تاپتى[1].

تەتقىقاتچىلار يۇقىرىدىكى ئىككى جايدىن تېپىلغان ساپال قاچىلارنىڭ شەكلى ۋە نەقىشلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنى ئاندىرىنوۋ مەدەنىيىتى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دەسلەپكى مەزگىل برونزا قوراللار مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى ئورۇندىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش نىيە دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى ۋادىلاردا مىلادىيەدىن 1000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان ھەمدە مەدەنىيەت قىياپىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان دەسلەپكى مەزگىل (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 18 – 16 - ئەسىرلەر) برونزا قوراللار مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[2].

ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسەن شۇنداق تونۇشقا بولىدۇكى، برونزا قوراللار دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ بوستانلىق، ئېگىزلىك رايونلىرىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق بارلىققا كەلگەن ۋە ئوۋچىلىق بىلەن بىللە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، بەلگىلىك دائىرىدىكى ئىپتىدائىي

---

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئومۇمىي بايان»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998 - يىللىق 12 - سان، (ئىسراپىل يۇسۇپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى 6 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 11 - بەتتىكى نەقىل.)

[2] ئىسراپىل يۇسۇپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يىمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى 6 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 11 - بەت.

دېھقانچىلىقمۇ بولغان. دېھقانچىلىقتا يەنىلا تاش قوراللار (بەزى جايلاردا ياغاچ قوراللار) كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. كۆلالچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان، يۇڭ توقۇمىچىلىق، چۆپلەردىن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى توقۇش، تېرىدىن ئاياغ تىكىش قاتارلىق ئىپتىدائىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئەينى دەۋردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇقىغا كەلسەك، ئۇلار چارۋىچىلىقتا قوي، ئۆچكە، كالا باقمىچىلىقنى؛ دېھقانچىلىقتا بۇغداي، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىشنى ئاساس قىلىپ، ئۆۋلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى ۋە بۇغداي، تېرىق يېمەكلىكلىرى قاتارلىقلارنى قوشۇمچە ئوزۇقلۇق قىلغان. دەريا، كۆل بويلىرىدا ياشىغان ئاھالىلەر يەنە بېلىقنىمۇ ئوزۇقلۇق قىلغان[1].

## 3. خوتەننىڭ دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى

تۆمۈر قوراللار دەۋرى — قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇ دەۋرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، كىشىلەر دەسلەپكى قەدەمدە تۆمۈر ئەسۋابلارنى ياساپ ئىشلەتكەن، بىراق مىس ۋە تاش قوراللار يەنىلا مەۋجۇت بولغان.

شىنجاڭدىكى خارابە - ئىزلاردىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە، شىمالدا ئالتاي تاغ ئېتەكلىرىدىن جەنۇبتا قاراقورۇم تاغ ئېتەكلىرىگىچە، غەربىي شىمالدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە غەربتىكى پامىر ئېگىزلىكىدىن قۇمۇل بوستانلىقىغىچە بولغان

---

[1] ئىسراپىل يۇسۇپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىلى 6 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 12 -، 13 - بەتلەر.

غەربىي يۇرتنىڭ ھەممىلا يېرىدە قەدىمكى ئاھالىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەمدە بەزى جايلاردا تېرىكچىلىك قىلغان ئاھالىلەرنىڭ نوپۇسىمۇ خېلى كۆپ بولغان. مەسىلەن، چابخا مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بەزى قەبرىلەرگە نەچچە ئون جەسەت بىللە دەپنە قىلىنغان، قەبرىلەرنىڭ تارقىلىشىمۇ ناھايىتى زىچ. بۇ ئەينى چاغدىكى ئاھالىلەر نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ خارابە - ئىزلار ۋە قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان ھەم يىغىۋېلىنغان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، بۇ مەزگىلدىكى ئىنسانلار تۆمۈر، مىس، تاش ۋە ياغاچ قوراللاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ برونزا قوراللار دەۋرىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن بولغان تاش قوراللار تەدرىجىي ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مىس ۋە تۆمۈر قوراللار ئىگىلىگەن. ئەينى چاغدا مىس بۇيۇملارنى ياساش تېخنىكىسى برونزا قوراللار دەۋرىدىكىدىنمۇ تەرەققىي قىلىپ، نەپىس ياسالغان چوڭ تىپتىكى مىس بۇيۇملار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، نۇراساي ۋە يۈەنتۇ تېغىدىكى مىس كېنى خارابىسى، كۈنەس ناھىيىسىدىكى 71 - تۇەن 1 - لىيەنىنىڭ بېلىق كۆلچىكى يېنىدىكى خارابە ۋە ئالغۇي قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان چوڭ تىپتىكى مىس بۇيۇملار بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىراق، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار ئاساسەن ساپال ۋە ياغاچ بۇيۇملار بولۇپ، ساپال قاچىلار ئىچىدە رەڭلىك ساپال قاچىلار بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

شىنجاڭ تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىلغىچە بولغان دەۋرلەر ئەتراپىدا تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدا دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتتىن

ئىككىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، يانبۇلاق مەدەنىيىتى، يەنە بىرى، چابخا مەدەنىيىتىدۇر.

قەدىمكى خوتەن رايونىدا ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىلىكلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، گەرچە بۇ خارابە - ئىزلاردا سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلمىغان ۋە بايقالغان بىر قىسىم مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، بىراق ھازىرچە مەلۇم بولغان خارابە - ئىزلارنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ۋە بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرىدىن قارىغاندا، قەدىمكى خوتەن رايونىدا دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئومۇمىي بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان ھەم يىل دەۋرى جەھەتتە بىرقەدەر ئۇزاق مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى چېكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلغان. قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ خارابە - ئىزلاردىن كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەبرىلەر، نىيا خارابىسى قاتارلىقلارنى ۋەكىل خاراكتېردە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

## يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى — كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى قارادۆڭ خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 41 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. 1996 - يىلى جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى مەزكۇر شەھەر قوۋۇقى ۋە شەھەر ئىچىدىكى ئۈچ قۇرۇلۇش ئىزى، شۇنداقلا شەھەر ئەتراپىدىكى يېڭى بايقالغان ۋە شامال يالاپ ئېچىۋەتكەن قەبرىلەرنى قېزىپ تازىلىدى. بۇ تەرتىپسىز تۆت چاسا قەدىمكى شەھەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە

بولغان ئارىلىقى 330 مېتىر (ئەڭ ئۇزۇن جاي)، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى 270 مېتىر (ئەڭ كەڭ جاي)، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 995 مېتىر، ساقلىنىپ قالغان سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 473 مېتىر، سېپىلنىڭ ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 3 ــ 4 مېتىر، ئەڭ ئېگىز يېرى 11 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر ئىچىنى ئاساسەن قۇم بېسىۋالغان بولۇپ، يەر يۈزىدىن ساپال كومزەك پارچىسى، تاش قورال-لار، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك تېپىتكى بېزەك بۇيۇملار، ئەينەك مارجان ۋە نۇرغۇن ھايۋانات سۆڭەكلىرى بايقالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، قوي، كالا، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ سۆڭەكلىرى كۆپرەك بولۇپ، ئات، ئېشەك، ئىت سۆڭەكلىرىمۇ بار. ئۇلاردىن باشقا، يەنە چوشقا، بۇغا، توشقان، چاشقان، بېلىق، ئۇچار قاناتلارنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى ئالتە قۇرۇلۇش ئىزىدىن ئۇچىنى تازىلاش جەريانىدا، ئورەكتىن بۇغداي، تېرىق قاتارلىقلار تېپىلدى. شەھەر ئىچى - سىرتىدىن ھەر خىل ئۆلچەمدىكى ئېگەرسىمان يارغۇنچاق ۋە يارغۇنچاق توقماقچىسىمۇ خېلى كۆپ بايقالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شەھەر ئەتراپىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بىرقەدەر زىچ بولغان ئېرىق (ئېرىق ئاساسەن شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىگە مەركەزلەشكەن) بايقالدى. دېھقانچىلىققا ئالاقىدار ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا، بايقالغان ھايۋانات سۆڭەكلىرىنى باھالاپ بېكىتىش نەتىجىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەينى چاغدا بۇ جايدىكى ئاھالىلەر سۇغىرىشقا تايىنىدىغان دېھقانچىلىقتا كالىدىن پايدىلانغان ياكى كالىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلغان دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى. يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي سېپىلىدىن ئېلىنغان ياغاچ كۆمۈر ئەۋرىشكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆلچەپ چىقىلغان كاربون 14 ئانالىزىنىڭ دەۋر سانلىق مەلۇماتى بۇنىڭدىن 50±2135 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ[1].

---

[1] ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، جاڭ يۇجوڭ: «1993 - يىلىدىن بۇيانقى كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىسىدىن قىسقىچە بايان»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1997 - يىللىق 3 - سان: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 3 ــ 4 - قوشما سان، 28 -، 30 - بەتلەر.

نىيە ناھىيىسىدىكى نىيا خارابىسىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆمۈر پىچاق، ياغاچ ساپلىق ئورغاق، تۆمۈر چوت، تۆمۈر گۈرجەك، تۆمۈر ئوق باشىقى قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى. ئۇ يەردىن يەنە تۆمۈر ئېرىتىش خارابىسى تېپىلدى، بۇنىڭدىن يۇقىرىقى قوراللارنىڭ شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ياسالغانلىقى مەلۇم[1].

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ئەسەرلىرىدە غەربىي يۇرتتىكى بىرقىسىم خانلىق، بەگلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە تەبىئىي بايلىقلىرى توغرۇلۇق خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. ئېلىمىزنىڭ خەن دەۋرىدىكى تارىخىي ئەسەرلىرىدە مۇنداق مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ: «گۇمىدىن تۆمۈر چىقىدۇ، قورال - ياراغنى ئۆزى ياسايدۇ» دېگەن سۆزدە، روشەنكى تۆمۈر مەدىنى قازىدۇ، ئېرىتىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن قورال ياسايدۇ دېگەن گەپلەر قىسقارتىلغان. شۇنداق دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ دەپ قارايدىغان بولساق، «تۆمۈر چىقىدىغان تاغ بار»، «مىس، تۆمۈر چىقىدۇ» دېگەن گەپتىن تۆمۈر رۇدىسى قازىدۇ، ئېرىتىدۇ دېگەن مەنە چىقىدۇ. بولمىسا «تۆمۈر بار»لىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. «قورال - ياراغنى ئۆزى ياسايدۇ» دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكىلەر ئىشلەتكەن «ئوقيا، نەيزە، يان پىچاق، خەنجەر، سىپاھ»نىڭ تۆمۈردىن ياسالغانلىقى ئېنىق[2].

ھازىرغىچە شىنجاڭدا نىيە ناھىيىسىدىكى نىيا خارابىسىدىن، لوپ ناھىيىسىدىكى ئاچچىق تېغىدىن، كۇچا ناھىيىسىدىكى ئاغى تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ جايدا خەن دەۋرىگە مەنسۇپ تۆمۈر تاۋلاش خارابىسى تېپىلغان.

---

[1] «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 49 -، 50 - بەتلەر.

[2] ۋۇ جېن: «خەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى شىنجاڭنىڭ قورال ياساش ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997 - يىللىق 2 - سان، 38 - بەت.

نىيا خارابىلىكىنىڭ كۆپ قىسمى قۇمنىڭ ئاستىدا قالغان بولۇپ، بۇ خارابىلىكتىن تۆمۈر ئېرىتكەن ئوچاقنىڭ ئىزى تېپىلدى. ئۇنىڭ شىمالىدا بىر قاتار ئاددىي ئۆي بار. بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى تۆمۈر تاۋلاش ئىشچىلىرىنىڭ ياتىقى بولسا كېرەك. تۆمۈر تاۋلاش ئوچىقىدىن دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر كەلگۈدەك ئىز قالغان. ئۇنىڭغا يېقىن جايدا تۆمۈر داشقاللىرى ۋە رۇدا ئۇچرىدى، قۇمنىڭ ئاستىدا شاخار بار ئىكەن، يەنە بىر يەردىن كۆمۈش، مىس ئېرىتىدىغان تىگىچە تېپىلدى. بۇ يەر ئۆز ۋاقتىدىكى قۇيمىچىلىق كارخانىسى بولسا كېرەك.

لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاچچىق تېغىدىكى تۆمۈر تاۋلاش خارابىسىنى 1958 - يىلىدىكى «تۆمۈر تاۋلاش ھەرىكىتى»دە يەرلىك ئامما بايقىغان. تاغنىڭ تۈۋىدىن قەدىمكى زاماندىن قېلىپ قالغان نۇرغۇن تۆمۈر داشقاللىرى ۋە ساپالدىن ياسالغان كۆرۈك نەيچىسىنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. ئۇنىڭغا يېقىن جايدىكى ئادەم ئاياغ باسمىغان غاردىن بىر دۆۋە تاش ئىسكىنە ۋە تاش بازغان تېپىلدى. تاش ئىسكىنە، تاش بازغاننىڭ سىرتقى يۈزىدىكى قىزغۇچ تۆمۈر رۇدىسىنىڭ تۇزۇندىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا تۆمۈر رۇدىسى قېزىش ۋە تۆمۈرچىلىكتە ئىشلىتىلگەن سايمانلار بولسا كېرەك.

1983 - يىلى بۇ يەرنىڭ سەل نېرىسىدىكى سامپۇل يېزىسىنىڭ سايباغ دېگەن يېرىدە 19 قەدىمكى قەبرە قېزىلدى. ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى غەربىي ۋە شەرقىي خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككى جايدىكى رۇدا قېزىش، مېتال ئېرىتىش خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدىكەن[1].

[1] ۋۇ جېن: «خەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى شىنجاڭنىڭ قورال ياساش ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997 - يىللىق 2 - سان، 39 - بەت.

خوتەن رايونىدىن تېپىلغان دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە ـ ئىزلار ھەمدە ئۇلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە قەدىمكى خوتەن رايونىنىڭ شەرقى، شەرقىي شىمالى، شىمالىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە قەدىمكى ئاھالىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەمدە مىس، تۆمۈر ۋە ياغاچ قوراللاردىن پايدىلىنىپ ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ برونزا قوراللار دەۋرىدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ھېسابلىنىدىغان تاش قوراللار ۋە برونزا قوراللار تەدرىجىي ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قىسمەن مىس قوراللار ۋە تۆمۈر قوراللار ئىگىلىگەن. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار ئاساسەن ساپال ۋە ياغاچ بۇيۇملار بولۇپ، ساپال بۇيۇملار ئىچىدە ساپال قاچىلار بىرقەدەر ئومۇملاشقان. ئىجتىمائىي ئىگىلىك جەھەتتە، برونزا قوراللار دەۋرىدىلا بۇ جايلاردىكى ئاھالىلەر ئىپتىدائىي يىرىك دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان بولۇپ، دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ راۋاجلانغان ھەمدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىمۇ تەدرىجىي ھالدا كىشىلەرنىڭ قوشۇمچە ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكلىگە ئايلانغان.

## 4. خوتەننىڭ قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتى

قىيا تاش رەسىملىرى دېگىنىمىز، قەدىمكى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئېگىز تاغلاردىكى ئۆڭكۈرلەر ۋە قىيا تاشلارغا چەككەن رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ. قىيا تاش رەسىملىرى ئاساسەن ئالتاي تاغلىرىغا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق جايلارغا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىگە تارقالغان بولۇپ، پامىر، قاراقورۇم تېغى، ئالتۇنتاغ

رايونلىرىغىمۇ ئاز مىقداردا تارقالغان. كونكرېت ئورۇنلىرى ئاساسەن سۇيى ۋە ئوت - چۆپ ئەلۋەك قىشلاق، ئاھالىلەر كۆچكەندە ماڭىدىغان مۇھىم يوللار، شەكلى ئالاھىدە كەلگەن ۋە تەكشى تاغلىق جايلاردىن ئىبارەت. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قىيا تاش رەسىملىرى جەمئىي 300گە يېقىن ئورۇندا بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتاي شەھىرى ئەتراپىدىكى دولاتى، چۆگۆچى، لوتوفېڭ، چىڭگىل ناھىيىسىدىكى سۇ ئامبىرى، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى بۇلات، شۇيۇڭچال، قابا ناھىيىسىدىكى تاڭبالتاس، جارتاس قورا، جېمىنەي ناھىيىسىدىكى تاتىكىش قورۇسى؛ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تاغلىق رايونىدىكى چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى بارداكۆل، تولى ناھىيىسى مايلى تېغىدىكى قاراچوق چارۋىچىلىق مەيدانى؛ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى قىزىلتاش (كاڭجياشىمېنزى، يەنى كاڭ ئائىلىسىنىڭ تاشقوۋۇقى)، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بوستان چارۋىچىلىق مەيدانى، گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى بەيتىك؛ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى توقسۇن ناھىيىسىدىكى كۆجەي؛ گۇما ناھىيىسىدىكى سانجۇ دەرياسى ۋادىسى؛ ئالتۇنتاغ ئېتىكىدىكى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ مۆلچەر دەرياسى ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىكىسى ئەڭ ئاساسلىق ئىزلار ھېسابلىنىدۇ. قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنلىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ھايۋانلاردىن ئارقار، بۇغا، كالا، ئات، تۆگە، قوتاز، يىلپىز، ئىت، تۈلكە قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى ۋە قول ئىزى، ھارۋا چاقى، گېئومېترىيىلىك شەكىللەردىن ئىبارەت. يەنە ئادەملەرنىڭ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، قورشاپ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، جەڭگە ئاتلىنىۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى، ئەر - ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋاتقانلىقى ۋە شامان ئىلاھى قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىپادىلەنگەن رەسىملەرمۇ بار. بۇ رەسىملەرگە

قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مال - چارۋىلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئوۋ ئوۋلاش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلتىجا قىلىدىغان پسىخىكىلىق ھالىتى مۇجەسسەملەنگەن. بەزى ئورۇنلارنىڭ ئەينى زاماندا ئىپتىدائىي پىرىخونلۇق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان سورۇن ئىكەنلىكى ئېنىق. نۆۋەتتە بۇ رەسىملەر شىنجاڭدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىپتىدائىي دىنى، ئۇسسۇلى ۋە ئويۇنىنى كېلىپ چىقىشى ھەمدە جىنسىقا تېۋىنىش ئىدىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان قىيا تاش رەسىملىرى برونزا قوراللار دەۋرى بىلەن دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلار ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كونكرېت دەۋرى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىنى قالدۇرغان ئادەملەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر تېخى پۈتۈنلەي ھەل قىلىنمىدى.

خوتەن رايونىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى بۇ بوستانلىقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلارغا، يەنى گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى قاراقورۇم تېغى ئېتىكىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ قىيا تاش رەسىملىرى جايلاشقان ئورنىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن قەدىمكى خوتەن رايونىنىڭ ئىپتىدائىي سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

### 1) سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرى

گۇما ناھىيىسى سانجۇ بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 26 كىلومېتىر كېلىدىغان سانجۇ دەرياسى جىلغىسىدا ئولاجى دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار، بۇ جايدىكى جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا خەتەرلىك تىك يار چوقچىيىپ تۇرىدۇ. جىلغىدا

يايپېشىل ئوت ـ چۆپلۈككە ياندىشىپ سۆپسۆزۈك سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ. دېھقانچىلىققىمۇ، چارۋىچىلىققىمۇ باب كېلىدىغان بۇ جاي تارىختا شىزاڭغا ۋە كەشمىرگە بارىدىغان چىغىر يول ئىدى.

قىيا تاش رەسىملىرى دەريا جىلغىسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قىيا تاشقا ئويۇلغان بولۇپ، تاش ناھايىتى قاتتىق، يۈزى سىلىق. قورام تاشنىڭ ئېگىزلىكى 6 مېتىرچە، كەڭلىكى 4 مېتىرچە كېلىدۇ، ئارقىسى تاغنىڭ تىك قىياسىغا، تۆۋىنى دەريا جىلغىسىغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا چىغىر يول بار. قىيا تاشتىكى رەسىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.3 مېتىرچە، كەڭلىكى (ياكى ئېگىزلىكى) 1.3 مېتىرچە بولۇپ، رەسىملەرنىڭ چوڭراقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 — 27 سانتىمېتىر، كىچىكرەكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 5 سانتىمېتىرلا كېلىدۇ. ئاساسلىق رەسىمنىڭ غوۋا بىر يۈرۈش بەلگىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ن، غ ئىككى بەلگە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپى (ياكى ئەرەب يېزىقىنىڭ ھەرپى) گە ئوخشايدۇ (بەلكى تاسادىپىي ئوخشاش چىقىپ قالغاندۇر). بەلگىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ تۆۋىنىدە بىر ئادەمنىڭ بەش يۇلتۇزنى ئىككى قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان رەسىمى بولۇپ، بۇ بەش يۇلتۇزنى ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر ئويۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. بەلگىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر ئادەمنىڭ ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىۋاتقان رەسىمى بار، ئۇدۇل تەرەپتىكى ئىككى توغرا سىزىق ئېھتىمال نىشانغا تەگمەي قالغان ئىككى تال ئوقيا ئوقى بولۇشى مۇمكىن. ئۇچىنچى ئوقيا تۆۋەن تەرەپتىكى ئارقارغا دەل مۆلچەرلەنگەن. ئوقيا ئاتقۇچىنىڭ بىر نەرسىنى دەسسەپ، كۆچەپ تۇرغاندەك ھالىتىدىن بۇ ئوقيانىڭ نىشانغا تېگىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا بىر ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوتلاۋاتقان مالغا قاراپ قاۋاۋاتقان رەسىمى بار. ئارقارنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر ئادەمنىڭ ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ مالنى توسۇۋاتقان رەسىمى بار؛ ئۇنىڭ سول كەينىدە بىر ئادەمنىڭ ئوڭ قولىنى پەس

ساڭگىلاتقان، سول قولىنى ئۆچ چىشلىق يالمان شەكلىدە سوزۇپ تۇرغان رەسىمى بولۇپ، يول كۆرسىتىپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. رەسىملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارقارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە شەكلى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىككى تاغ تېكىسىنىڭ رەسىمى بار، ئۇلارنىڭ بىرى چوڭ، بىرى كىچىك بولۇپ، بىرى ئانىسى، بىرى بالىسىدەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى ئىلمەك سىزىق ئوت - چۆپكە سىمۋول قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككى تاغ تېكىسىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە بىر ئالىقانىنىڭ شەكلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا ئادەمگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر بەلگە بار. بەلگىنىڭ سول تەرىپىدە بىر ئادەمنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغاندەك ياكى ئارقىسىدىكى تاغ تېكىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندەك ھالەتتىكى رەسىمى بار بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ھەرىكىتى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن. بۇ ئادەم مىنگەن ئاتنىڭ ئاستىدا بىر يانتۇ سىزىق بار بولۇپ، ئاتنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا سىمۋول قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە ئەسلىدە ئاززاق ئوبراز بار بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئادەملەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى، كونا يېزىقى ۋە خەنزۇچە ئادەم ئىسمى، يەر نامى ۋە بەش يۇلتۇز قاتارلىقلارنى ئويۇپ، ئەسلىدىكى ئوبرازنى ئېنىق پەرق ئەتكۈسىز قىلىۋەتكەن، ھازىر پەقەت ئىككى ئۆچكىنىڭ شەكلىنىلا ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرقانچە شەكىلدىن قارىغاندا ئارقاردەك قىلىدۇ. ئارقار كالا ئائىلىسىگە تەۋە ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ئائىلىلەردە بېقىلىدىغان ئۆچكىگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەركەك ۋە چىشىسىنىڭ ئوخشاشلا مۈڭگۈزى ۋە ئۇزۇن ساقىلى بار، مۈڭگۈزى ئارقىسىغا ئېگىلگەن، بۇ خۇسۇسىيەتلەر رەسىمدىكى ھايۋانىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ، قاراقورۇم تېغى ئارقار چىقىدىغان جايلارنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ قىيا تاشلارغا چېكىلىشى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. رەسىمنىڭ سول يۇقىرى تەرىپىدىكى

ئىككى ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىدىن قارىغاندا، يۇقىرى تەرەپتىكىسى ئارقار، تۆۋەن تەرەپتىكىسى تاغ تېكىسى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ قىيا تاشتا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە بىرقانچە شەكىلدىكى بەلگىمۇ چېكىلگەن بولۇپ، ئۇلارنى بەلگە دەپ چۈشىنىشكىمۇ ۋە گۈزەل سەنئەت ئوبرازى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بىرىنچىسىنى ئىككى قولىنى بېقىنىغا تىرەپ، پۇتىنى كېرىپ تۇرغان ئادەم دېيىشكە بولىدۇ؛ ئىككىنچىسىنى يىلان ياكى قۇرت دېيىشكە بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، تۆتىنچىسىنى ئوت - چۆپ دېيىشكە بولىدۇ.

سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ھەرقايسى ئوبرازلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ماسلىق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بىر يولىلا پۈتكۈزۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ. رەسىملەر ئوۋ ئوۋلاشنى ئاساسي تېما قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇرمۇش پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. رەسىمدىكى ئوبراز قاتتىق نەرسە (مەسىلەن، گرانىت تاش دېگەندەك) بىلەن چوقۇپ ئويۇپ چىقىلغان قوپال سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، قىيما شەكىلدىكى ئويما رەسىم يوق. ئوبراز گەرچە ئاددىي ۋە قوپال ئويۇلغان بولسىمۇ، ئويماقچى بولغان ئوبيېكتنىڭ ئاساسي خاراكتېرى ئىپادىلەنگەن. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قىيا تاش رەسىمنىڭ ئاپتورى زامان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ، ئېتىلىش ۋاقتى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ تال ئوقيانى بىر زامان ئىچىدە ئىپادىلەپ، ناھايىتى ياخشى سەنئەت ئۈنۈمى ھاسىل قىلغان. چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ قەدىمكى ئادەملەرنىڭ قىيا تاش رەسىمى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن جادۇگەرلىك سەنئىتى ئىكەن.

سانجۇدىكى قىيا تاش رەسىمىنى 1953 - يىلى غەربىي شىمال مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بايقىغان. شۇ چاغدا تەكشۈرۈشكە قاتناشقان خادىملارنىڭ سانجۇ قىيا تاش رەسىمى ھەققىدىكى دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «گويا

ناھىيىسىدىكى سانجۇ قىيا تاش رەسىمىنىڭ باشقا جايلاردا ئۇچراتقان رەسىملەردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، رەسىم بىلەن بىللە شەكلى ناھايىتى ئاددىي بولغان ئورخۇن ھەرپىمۇ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، رەسىملەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەزى ھەرپلەر ئويۇلغان. بۇ ھەرپلەرنىڭ بەزىلىرى شۇنداقلا قاراشقا ئۇچار قاناتلارغا ياكى چومۇلىگە ئوخشايدۇ، سىنچىلاپ قارىسا ئۇنىڭ ئورخۇن ھەرپى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ ... بۇ قەدىمكى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ تەسۋىرلىرى. بۇ تاش ئويما ئىلگىرىكىلىرىدىنمۇ قەدىمكىدەك بىلىنىدۇ.»[1]

ماقالىدە ئورخۇن ھەرپى دېيىلگەن ھەرپنى ئورخۇن ھەرپى دەپ مۇقىملاشتۇرۇش ئاسان ئەمەس. پەقەت «↓» ھەرپىنىلا ئورخۇن - يېنسەي ھەرپى (يەنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى)گە ئوخشاتقىلى بولىدۇ؛ بىز كۆرگەن قىيا تاش رەسىمىدىكى بەلگىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرىقى «ھەرپ» كە ماس كەلمەيدۇ. ۋاڭ زىيۇ ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ تاش ئويمىچىلىقى» ناملىق («مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى» نىڭ 1956 - يىللىق 8 - سانىغا بېسىلغان) بىر ماقالىسىدىمۇ سانجۇ قىيا تاش رەسىمى توغرۇلۇق توختالغان. لېكىن، رەسىمنىڭ مەزمۇنىنى تەسۋىرلىشىدە خاتالىق بار. مەسىلەن، «ئاتلىق بىر ئۇۋچى يانى كېرىپ بىر ئارقارغا ئوق ئۈزۈۋاتىدۇ» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە رەسىمدىكى ئاتلىق ئادەم ئوقيا ئاتمىغان، ئوقيا ئېتىۋاتقان ئادەممۇ ئاتلىق ئەمەس[2].

ئالدىنقىلارنىڭ قىيا تاش رەسىمىنى تەكشۈرۈشى يۈزەكى ۋە ئاددىي بولۇپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 -

---

[1] «شىنجاڭ تارىخىدىكى ئۇلۇغ مەدەنىي يادىكارلىقلار» ناملىق بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1955 - يىللىق 5 -، 6 - سانلىرىغا بېسىلغان.

[2] لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 384 -، 385 - بەتلەر.

يىللىرىدىن بۇيان، بەزى مەدەنىيەت يادىكارلىق ھەۋەسكارلىرى ۋە ساياھەتچىلەر ماقالە يېزىپ، سانجۇ قىيا تاش رەسىمنى تونۇشتۇردى ۋە رەسىمنىڭ ئويۇلغان دەۋرىگە قىياسەن ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ياكى تۆمۈر قوراللار بىلەن تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە مەنسۇپ دېگەن قاراشلار پەيدا بولدى. بەزىلەر ئات بىلەن ئوقيانىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ، بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ دەۋرىگە قىياسەن ھۆكۈم قىلماقچى بولدى. ئات ئېلىمىزدە تاش قوراللار دەۋرىدىلا كۆندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن تاكى ھازىرغىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىلماقتا. ئوقيا يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئېلىمىزدە 19 - ئەسىرگىچە ئاساسلىق قورال قىلىندى. قىيا تاش رەسىمنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ھازىرمۇ تاغلىق رايونلاردا شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسلۇبتا قىيا تاش رەسىمى ئويۇۋاتقانلار بار. پۈتكۈل سانجۇ تاغلىق رايونىدا ھازىرغا قەدەر تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمىي ئىزلار ياكى يادىكارلىق ئۇچرىمىدى، قىيا تاش رەسىمنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن ھېچقانداق قەدىمىي يادىكارلىق تېپىلمىدى، خەلق ئارىسىدىمۇ قىيا تاش رەسىمگە ئائىت ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن رىۋايەت يوق، شۇڭا بىرقانچە ئاددىي قىيا تاش رەسىملىرىگە ئاساسلىنىپلا ئۇنىڭ يىل دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1962 - يىلى بۇ قىيا تاش رەسىمنىڭ ئورنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، ھازىرقىسى بىلەن قەدىمكىسى ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۆز قىياپىتىنى يوقاتقان بولغاچقا، تەكشۈرۈپ دەلىللەش تېخىمۇ قىيىنلاشتى[1].

---

[1] لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 380 -، 386 - بەتلەر.

2) كىيىكتۈزدىكى قىيا تاش رەسىملىرى

بۇ قىيا تاش رەسىمى گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 37 كىلومېتىر كېلىدىغان قوشتاغ يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 11.2 كىلومېتىر كېلىدىغان سۇلىغاز كەنتىدىكى كىيىكتۈزغا جايلاشقان. بۇ يەر ئەسلىي بىر جىلغا بولۇپ، يەر نامى ئىسكەنجى؛ چوڭ دائىرىلىك يەر نامى كىيىكتۈز. قىيا تاش رەسىمى جىلغىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى چوڭ ھەم پارقىراق، 60 گرادۇسلۇق تەكشى ئىككى قىيا تاشقا ئويۇلغان. بىر تاشقا ئويۇلغان رەسىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 مېتىر، كەڭلىكى (ئېگىزلىكى) 1 مېتىردىن ئاشىدۇ. يەنە بىر تاشقا ئويۇلغىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر، كەڭلىكى (ئېگىزلىكى) 1 مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئىككى قىيا تاشنىڭ ئارىلىقى 4 ـ 5 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئادەم ۋە ھايۋانات ئوبرازىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھايۋانات ئوبرازى ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ ئەڭ چوڭلىرى 20 × 20 سانتىمېتىر، ئادەتتىكىلىرىنىڭ 10 × 5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. رەسىملەرنىڭ سىزىقلىرى توم ھەم جانلىق، يۈزى تەكشى، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا قار ـ يامغۇر ۋە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ھازىر 40 پارچىدىن باشقىلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەپىس بەدىئىي ئوبرازلارنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ رەسىملەردە ئوقيا، نەيزە كۆتۈرۈۋالغان ئاتلىق ئادەملەرنىڭ چارۋا ـ ماللارنى ھەيدەپ ماڭغانلىقى؛ بىر قولىدا ھاسا ـ تاياق تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا ئىت يېتىلەپ ماڭغان پادىچىنىڭ ئوتلاۋاتقان چارۋا ـ ماللارغا قاراۋاتقانلىقى؛ توپ ـ توپ چارۋا ـ ماللارنىڭ سۇ ئىچىۋاتقان، قوتانلارغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ھەر خىل ھەرىكەت

ھالىتى ناھايىتى ئوخشىتىپ ئويۇلغان ھەم تەقلىدىي ئوبرازلار ئەستايىدىل سىزىپ چىقىلغان. مەسىلەن، ئۇزۇن ئەگرى مۈڭگۈزلۈك ئارقار ۋە تاغ تېكىلىرىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزلىرى، ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بوشلۇقتا تاقلاۋاتقانلىقى، جەرەن، كېيىك ۋە ھەر تەرەپكە شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزى بار بۇغىلارنىڭ بېشىنى تىك تۇتۇپ ئەتراپىنى كۆزىتىۋاتقانلىقى، توپ - توپ بولۇپ ئۇركۈپ قېچىۋاتقانلىقى... قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر ناھايىتى جانلىق ھەم سىپتا چېكىلگەن بولۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. بۇلاردىن باشقا، نەچچە ئون كىشىنىڭ خىلمۇخىل ھەرىكەت ھالەتلىرى، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەر، تامغا - بەلگىلەر ۋە يېقىنقى زامانلاردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇرچە (كونا ۋە يېڭى يېزىقلاردا) ئادەم ئىسىملىرى، ئەرەب رەقەملىرى، ئادەم رەسىملىرى بار.

مەزكۇر قىيا تاش رەسىمنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق بىر قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. بەزىلەر ئۇنى برونزا قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ دېگەن قاراشتا بولۇۋاتىدۇ. رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن.

### 3) باشكېڭەز قىيا تاش رەسىملىرى

بۇ قىيا تاش رەسىمى گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تۈز سىزىق ئارىلىقى 60 كىلومېتىر كېلىدىغان كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ باشكېڭەز كەنتى دائىرىسىدە بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "37°18'12، شىمالىي پاراللېل "37°02'22 قا توغرا كېلىدۇ. قىيا تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، ئېگىزلىكى 3 – 4 مېتىر، بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان رەسىملەرنىڭ ئېگىزلىكى 10 – 23 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 – 8 سانتىمېتىر كېلىدۇ. رەسىملەردىكى

ئادەملەرنىڭ مال بېقىۋاتقان، ئوقيا - نەيزىلەر بىلەن ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنىڭ قىسمەن جايلىرى بۇزۇلغان. رەسىمدە ھايۋانلاردىن ئاساسەن ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك ئارقار ۋە تاغ تېكىسى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قېچىپ كېتىۋاتقان، بەزىلىرى بېشىنى تىك تۇتۇپ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتقان، يەنە بەزىلىرى بوشلۇقتا سەكرەۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىملەردە يەنە قوتانغا ئوخشاش قاشالانغان جايلار، شادىلىق قوتانلار، قورۇق تاملار، ئىشىكلەر چاتما شەكلىدە بىر - بىرىگە ياندىشتۇرۇلۇپ ئويۇلغان. ئۇنىڭغا خېلى يۇقىرى بەدىئىي ھۈنەر - سەنئەت سىڭدۈرۈلگەن. يەنە بىر جايدا ھارۋىنىڭ رەسىمى ناھايىتى ئوخشىتىپ ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ساندۇقى، بىر چاقى، شوتىسى بار. ئەپسۇسكى، بۇ رەسىم يېقىنقى يىللاردىلا بۇزۇۋېتىلگەن. يەنە بىر رەسىمدە ھاسا تۇتقان پادىچى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا توپ - توپ ئوتلاۋاتقان چارۋا - ماللارنىڭ خىلمۇخىل ھەرىكەت ھالەتلىرى يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قىيا تاش رەسىمدىكى چارۋا - مال قوتانلىرى ۋە قورۇق تاملار تارىم ۋادىسىدىن بايقالغان باشقا قىيا تاش رەسىملىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، باشكېگەز قىيا تاش رەسىمىنىڭ دەۋرى مىلادىيەنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى.

### 4) ئارىش ئۆڭكۈرى قىيا تاش رەسىملىرى

بۇ قىيا تاش گوما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 68.5 كىلومېتىر كېلىدىغان نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر ئۆڭكۈردە بولۇپ، چېچەك ئۆڭكۈرى قىيا تاش رەسىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدى تەرىپىدە پەلەمپەي شەكىللىك چىغىر يول ۋە جىلغا، يان تەرىپىدە تۈپتۈز كەتكەن ئوت ـ چۆپلۈك بولغاچقا، كىشىلەر بۇ يەرنى «ئايرىش ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە بۇ جاي «ئارىش ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتالغان.

ئۆڭكۈرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ھەم ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر كېلىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرىغا سۇس قىزىل، سارغۇچ، ئاق، قارا رەڭلىك تەبىئىي مىنېراللار بىلەن ھەرخىل رەڭلىك رەسىملەر ئىپتىدائىي ئۇسلۇبتا كۆركەم سىزىلغان. ئۆڭكۈرنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە تاشتىن قوپۇرۇلغان، دائىرىسى 50 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئىپتىدائىي مال قوتىنى بار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئارخېئولوگلار بۇ يەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قەدىمكىلەر ئىشلەتكەن تاش، ياغاچ ۋە سۆڭەك قوراللارنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان ھەمدە «ئارىش ئۆڭكۈر» ىنىڭ ئاز تېپىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ جاي ھازىر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى.

### 5) چېچەك ئۆڭۆي قىيا تاش رەسىملىرى

چېچەك ئۆڭۆي قىيا تاش رەسىمى گوما ناھىيىسى نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى كەڭەز دەرياسى بويى (قىيا تاش رەسىمىنىڭ كونكرېت ئورنى ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى، يەنى قېتىلىش دېگەن جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 ــ 4 كىلومېتىر كېلىدىغان توقاي دەرياسى بويىدا) غا جايلاشقان. بەزى ماتېرىياللاردا بۇ قىيا تاش رەسىمى «كەڭەز قىيا تاش رەسىملىرى» دەپ ئېلىنغان. بىز شۇ ئەتراپتىكى چارۋىچىلارنىڭ تىلى بويىچە «چېچەك ئۆڭۆي قىيا تاش رەسىمى» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. قىيا تاش رەسىملىرى بار جاينى يىراقتىن كۆزەتكەندە خۇددى چېچەكلىكتەك كۆرۈنىدۇ. قىيا تاش

رەسىملىرى دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىكى 10 مېتىرچە، كەڭلىكى 30 مېتىرچە كېلىدىغان كۆكۈچ كىچىك بىر تاغقا ئويۇلغان. قىيا تاشتىكى ئەڭ كۆپ رەسىم ئويۇلغان دائىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1.40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئەڭ كىچىك بىر پارچە رەسىم ئويۇلغان دائىرىنىڭ ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. رەسىملەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولۇپ، بەزى رەسىملەردىكى ئوبرازلار ئاللىقاچان ئۆچۈپ كەتكەن، ھازىر ئىككى بۆلەك رەسىمنىڭ يۈزىدىن پەقەت 10 نەچچە قالدۇق ئوبرازلارنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. قىيا تاش رەسىملىرى بار جاي پەستىرەك بولۇپ، ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ قولى يەتكۈدەك بولۇپ قالغان. قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئوبرازلارنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر، ئەڭ كىچىكلىرى 6.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. چوڭ بىر پارچە قىيا تاشتىكى بىر بۆلەك رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە بىر ئارقارنىڭ رەسىمى بار، ئەمما ئۇ ئانچە ئېنىق ئەمەس، رەسىمنىڭ مەركىزىدە ئۇدۇل سىزىق بىلەن ئويۇپ سىزىلغان بىر ئىشىك شەكلىدىكى رامكا بار. يەنە تارغاق شەكىلدىكى غارال (قوتان) بار. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سول تەرەپتىكىگە ئوخشاش بىر ئارقارنىڭ رەسىمى بار بولۇپ، ئارقارنىڭ بەدەن ئىپادىلىنىشىمۇ سول تەرەپتىكى ئارقارغا ئوخشىشىدۇ. غارالنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ تۆۋىنىدە ئۈچ دانە يۇمىلاق چەمبىرەك بار، مەنىسىنى چۈشىنىش قىيىن. ئۇنى سۇ كۆلچىكى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. كىچىك بىر پارچە بۆلەكتىكى رەسىمدە ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىغان ئارقار ۋە بۇغا ياكى قويغا ئوخشايدىغان ھايۋاننىڭ رەسىمى بار. ئارقارنىڭ رەسىمى ئويۇلۇپ شولىسى چۈشۈرۈلگەن. كىچىك ھايۋان ئويما توم سىزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. گەرچە كەڭزدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئېغىر

دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەمما شەكلى ئېنىق رەسىملەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دەۋرىمۇ سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرى ۋە كىيىكتۇز قىيا تاش رەسىملىرىدىن بەك كېيىن ئەمەس. بۇ رەسىملەر مۇشۇ ئەتراپتا قەدىمدىن ياشىغان ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، بۇ جايلارنىڭ قەدىمكى مۇھىت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى 1991 - يىلى «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان[1].

[1] «قەدىمكى خوتەن قىيا تاش رەسىملىرى» گە قاراڭ: ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 33 -، 36 -، 54 -، 56 - بەتلەر.

# ئىككىنچى باب

## خوتەن كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى

كېرىيە دەرياسى — قاراقورۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ، قار - مۇزلارنىڭ ئېرىگەن سۈلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلىدۇ. تاغلىق رايوندىكى دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 438 كىلومېتىر، تاغ ئېغىزىدىكى نورمۇھەممەت لەنگەر گىدرولوگىيە پونكىتىدا ئۆلچەنگەن يىغىندى سۇنىڭ كۆلىمى 7358 كۋادرات كىلومېتىر؛ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 732 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - لاتقا مىقدارى 4.16 كىلوگرام/كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 3 مىليون 10 مىڭ توننا[1].

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان كېرىيە دەرياسى ۋادىسى بىر سىرلىق ماكان. قەدىمدىن بېرى بۇ جاينى سۇ بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان كېرىيە دەرياسىنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئېقىن ئۆزگەرتىشى نەتىجىسىدە، بۇ دەريا ساھىللىرىدا ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا ماس كېلىدىغان نۇرغۇنلىغان بوستانلىقلار شەكىللەنگەن ھەمدە مۇشۇ بوستانلىقلاردا ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن قەدىمىي ئىزلار ساقلىنىپ قالغان. دەريا ساھىلىنىڭ شىمالىغا ئىچكىرىلەپ ماڭغاندا، نۇرغۇن قەدىمىي تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى، يەنى قەدىمىي شەھەر - سېپىل قالدۇقلىرىنى،

---

[1] شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسىنى تۈزۈش ھەيئىتى: «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، (1 - توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 401- بەت.

ئولتۇراق ئۆي، ئېغىل - قوتان ئىزلىرىنى، قەدىمىي قەبرىستانلىقنى، باغ - ۋاران، ئېتىز - ئېرىق ئىزلىرىنى، دەريا - كۆل ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. دەريا بويى گويا ئىنسانلارنىڭ قەدىمىي ئاپىرىدە ماكانىغا ئوخشايدۇ. بۇ جايدىن ھازىرغىچە 60تىن ئارتۇق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنىڭ بارلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. نۆۋەتتە بۇ دەريا بويىنى مەركەز قىلغان كېرىيە دەرياسى ۋادىسى — يىراق قەدىمكى زاماندىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن بىر خىل قەدىمى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن «ئانا ماكان» دەپ تونۇلماقتا.

## 1. كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

1896 - يىلى فېۋرالدا شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن كېرىيە ناھىيىسىدىن يولغا چىقىپ، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ، شايار ناھىيىسىگە يېتىپ بارغان. ئۇ بۇ قېتىمقى سەپىرىدە تۇنجى قېتىم قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنى بايقىغان ھەمدە قەدىمكى شەھەرنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزىپ چىققان[①]. ستەين 1901 - يىلى سۋېن ھېدىننىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، قەدىمكى شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەردە قېزىش ئېلىپ بارغان[②].

---

[①] سۋېن ھېدىن: «ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، شاڭخەي كىتابخانىسى 1984 - يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ يىن چىڭ: «خوتەن سۇ سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بوستانلىقلارنىڭ گۈللىنىش - خارابلىشىشى توغرىسىدا تارىخىي تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1988 - يىللىق 2 - سان، 143 - بەت.

[②] شاڭدا تەرجىمە قىلغان «ستەيننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيىسى خاتىرىسى»، شاڭخەي كىتابخانىسى 1987 - يىلى نەشرى.

ئىلىمىز ئارخېئولوگلىرىدىن ئەڭ بۇرۇن قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان كىشى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بولۇپ، ئۇ 1929 - يىلى تارىم ئويمانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چېغىدا قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىدىمۇ قىسقا مۇددەتلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان①. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى لى يۈچۈن قاتارلىق كىشىلەر 1959 - يىلى قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرۈپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئىككى يۈرۈش ئۆلتۈراق ئۆي خارابىسىنى تازىلىغان. 1983 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ۋە مارجانلىق خارابىسى قاتارلىق خارابە - ئىزلارنى تەكشۈرگەن. 1986 - يىلى «جۇڭگو - گېرمانىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى» قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرگەن. 1988 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى «تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى» 30دىن ئارتۇق پەن تەتقىقات خادىملىرىنى تەشكىللەپ، 12 كەسىپ تۈرى بويىچە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1990 - يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەشكىللىگەن كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ۋە تەكلىماكاننى ئىلمىي قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى كېرىيە دەرياسىنىڭ ئومۇمىي لىنىيىسىدە ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

---

① خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ئويمانلىقى ئارخېئولوگىيىسى خاتىرىسى»، پەن نەشرىياتى 1958 - يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ خۇاڭ ۋېنبى: «موڭغۇلىيە - شىنجاڭنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» (1927 — 1930)، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1990 - يىلى 9 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 434 -، 442 - بەتلەر.

مۇزبېيدىكى خۇاڭ شياۋجاڭ قاتارلىق خادىملار قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە بەزى ئەۋرىشكىلەرنى يىغقان[1]. يۇقىرىقىلار ئاساسەن قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىدە ئۆلچەش ۋە قىسمەن تازىلاش ياكى قەدىمىي شەھەر ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەرنىڭ جايلىشىشى ھەققىدىكى قىسمەن تەكشۈرۈشلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىغا قارىتا سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھېسابلانمايتتى. نىھايەت، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ۋە بۇ ۋادىغا جايلاشقان قەدىمكى مەدەنىيەتكە قارىتا سىستېمىلىق، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن ئورۇندالدى.

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرلەشمە تەكشۈرۈش تۈرى 1993 - يىلى دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ ھەمكارلىق تۈرىدە، دالا تەكشۈرۈش مۇددىتى ئۈچ يىل قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ خىزمەتنى ئورۇنداشتا، كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئارقىلىق، تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان بۇ

[1] شىنجاڭدا كېرىيە دەرياسى بىلەن تەكلىماكاننى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى: «كېرىيە دەرياسى بىلەن تەكلىماكاننى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى»، جۇڭگو پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تېخى ئېلان قىلىنمىغان 1959 - يىلىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى، قىسمەن ماتېرىياللار «شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «يىپەك يولى — خەن ۋە تاڭ دەۋرى توقۇلمىلىرى» قاتارلىق رەسىملىك كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن.

مۇھىم دەريا ۋادىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت قىياپىتىنى ئېنىقلاش، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ مۇھىت ئۆزگىرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ھەمدە تەھلىل يۈرگۈزۈش مەقسەت قىلىندى. 1993 -، 1994 - ۋە 1996 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ يىللىق دالا تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، بۇ ھەمكارلىق تۈرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ۋەزىپىسى ئوڭۇشلۇق ئورۇندالدى.

جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنىدىكى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات خادىملىرى ۋە ئۆلچىگۈچى، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى خادىملار ۋە فوتوگرافلاردىن ئىبارەت كەسپىي خادىملاردىن تەشكىللەندى. 1996 - يىللىق تەكشۈرۈشتە يەنە مەخسۇس ھايۋانات ئارخېئولوگىيىسى، شەھەر ئارخېئولوگىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جۇڭگو ۋە فرانسىيىلىك مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىندى. تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى جۇڭگو تەرەپنىڭ مەسئۇللۇقىغا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، فرانسىيە تەرەپنىڭ مەسئۇللۇقىغا فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ھېنرى پائۇل فرانكفورد تەيىنلەندى.

تەكشۈرۈش ۋاقتى ھەر يىلنىڭ 10 -، 11 - ئاي مەزگىلىگە، يەنى تەخمىنەن 40 كۈن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تەكشۈرۈش دائىرىسى ئاساسەن كېرىيە ناھىيىسىدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى بىلەن يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن ئىبارەت بولدى.

1993 -، 1994 - يىللىرى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى مەركەز قىلىنىپ، قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدىكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان كىچىك تىپتىكى ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسى، بىر بۇددا مۇنارى ۋە ئىككى ئورۇندىكى ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق قۇرۇلۇش خارابىلىرى قېزىلىپ رەتلەندى. قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدىكى ئېچىلىپ قالغان قەدىمكى ئۆستەڭنىڭ خارابە ئىزى تەكشۈرۈلدى. سۇنئىي ھەمراھتا تارتىلغان سۈرەتتىن، قارادۆڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىدىنمۇ قەدىمىي بولغان بىر دېلتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئايان بولدى. كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربتىن شەرققە قاراپ ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ دېلتا كېرىيە دەرياسى ئېقىنى ئەتراپىدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى پائالىيەت سورۇنى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالدى. بۇ رايون يەنىلا ئارخېئولوگىيىدىكى بىر بوشلۇق ھېسابلىناتتى. 1994 - يىلى ئۆلار قارادۆڭ رايونىدىكى خىزمەتلەرنى يۇرۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، تۆگىنى قاتناش ۋاستىسى قىلغان بىر كىچىك ئەترەتنى ئەۋەتىپ، بۇ رايوندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنىڭ 41 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى جايدا بىر يېڭى قەدىمكى شەھەر — يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى بىلەن بىر قىسىم قەبرىلەرنى بايقىدى. يىغىۋېلىنغان ئاز مىقداردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئەۋرىشكىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دەۋرى قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ۋە ئەتراپىدىكى خارابىلىكتىن بالدۇر ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇپ، ئەڭ كەم دېگەندىمۇ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئەمەس ئىدى.

1996 - يىلى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېڭى بايقالغان يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىگە قارىتىلدى. ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكىلەر يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنى تۇرالغۇ قىلىپ، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىدە ئەتراپلىق

ئۆلچەش، سۇرەتكە تارتىش، خاتىرە قالدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بىر قوۋۇق ۋە شەھەرنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ قۇرۇلۇش خارابە ئىزىنى تاللاپ قازدى ۋە تازىلىدى. 1994 - يىلى بايقالغان قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قايتا تەكشۈرۈش جەريانىدا، قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدىكى نەچچە ئورۇندا يەنە بوراننىڭ تەسىرىدىن ئېچىلىپ قالغان قەدىمكى قەبرىلەرنى بايقاپ تازىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بۇ ئەترەت قارىمىقىدىكى كىچىك بىر ئەترەت كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كونا دەريا قىنىغا داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى رايونى بىلەن شەرقىي شىمالى رايونىنى تەكشۈردى. بۇ قېتىم ئەڭ يىراق ئىچكىرىلەپ كىرگەن جاي يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىغا 14 كىلومېتىر كېلىدىغان جاي بولۇپ، شىمالىي كەڭلىك 39° قا يەتتى. يول بويىدا دەۋرى بىر قەدەر بالدۇر بولغان خارابىلىك (ئىككى ئورۇندىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى بايقىدى. ئارخېئولوگلار تۇز سىزىق بويىچە ئارىلىقنى ھېسابلىغاندا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا 240 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسىمۇ، كېرىيە دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرى (ئارىلىقى 200 نەچچە كىلومېتىر) گە يېتىپ بارالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تەكشۈرۈش چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى بىلەن كەڭلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىلگىرىكىلەرنىڭ خىزمىتىدىن خېلىلا ئىلگىرىلىدى. بولۇپمۇ قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا توغرا كېلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكى رايونىدىن بايقالغان، دەۋرى خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى

شەھەر ۋە قەدىمكى قەبرىلەر كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇز يىللىق ئارخېئولوگىيىسىدىكى مۇھىم بايقاش ھېسابلىنىدۇ[1].

## 2. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ بايقىلىشى ۋە نام ئېلىشى

19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلانغان بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئېكسپېدىتسىيە، ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىن رايونىنى مەركەز قىلغان كەڭ دېلتا رايونىدا قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ۋە يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنى مەركەز قىلغان بىر مەدەنىيەت بەلۋېغى بايقالدى.

بۇ مەدەنىيەت بەلۋېغى بايقالغاندىن تارتىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك سەيياھلار، ئىلمىي تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ نەزىرىدە سىرلىق ھەم ئالاھىدە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە قىزىق نۇقتا سۈپىتىدە تونۇلۇپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى، بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنىپ، كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ۋە بۇ يەردىكى سىرلىق مەدەنىيەت بەلۋېغى پۈتۈن دۇنياغا نامايان بولدى، بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ

---

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنى — جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998 - يىللىق 12 - سان، 28 -، 29 - بەتلەر؛ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 20 -، 23 - بەتلەر.

ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگو ـ فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بۇ رايوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشى، قولغا كەلتۈرگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بەردى. نۆۋەتتە كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ دائىرىسى، ئالاھىدىلىكى، قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ھەققىدە نىسبەتەن ئومۇمىي تونۇش ھاسىل بولۇپ، «كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى» دېگەن بۇ نام مۇشۇ رايوننىڭ — قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى تۇتاش كەتكەن، گىرەلەشكەن تولۇقلىما مەدەنىيەت بەلۋېغىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، «كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى» تارىم ۋادىسىدىكى بىر خىل ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى.

## 3. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ دائىرىسى ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى

كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان قەدىمكى خارابە ـ ئىزلار ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ بىر قەدەر مەشھۇر ھەم تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىرى «قارادۆڭ خارابىسى» ۋە ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدا بايقالغان ئەڭ قەدىمكى شەھەر — «يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى» خارابىسى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللە، خۇمدان ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىستانلىقلار ۋە ئۆستەڭ ئىزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۆۋەتتە بۇ خارابە ـ ئىزلار ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئېنىق بولغانلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

### 1) قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى رايونى

1993 — 1994 - يىللىرى جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى مەركەز قىلىپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئېغىر دەرىجىدە بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان كىچىك تىپتىكى ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسى، بىر بۇددا مۇنارى، ئىككى ئورۇندىكى ئولتۇراق ئۆي خارابىسىنى قازدى ۋە تازىلىدى؛ قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئۆستەڭ ئىزلىرىنى تەكشۈردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئارخېئولوگلار قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىن تۆرى ھەرخىل يادىكارلىق بۇيۇملىرى ساقلانغان 60 نەچچە ئورۇننى بايقىدى. بۇ يادىكارلىقلارنى مۇنداق بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: قاراڭ دۆڭ قورغىنى ۋەكىللىكىدىكى مەركىزىي قورۇلۇش، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، دىنىي قورۇلۇشلار، يەنى ئىبادەتخانا، دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىزلار، يەنى سۇغىرىش ئۆستىڭى ۋە باشقا بۇيۇملار — ساپال پارچىلىرى، تاش يارغۇنچاق، تۆمۈر قورال پارچىلىرى ۋە كىچىك تىپتىكى زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت[1].

(1) قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر (قورغان) خارابىسى

مەزكۇر خارابە كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ناھىيە بازىرىغا 261 كىلومېتىر كېلىدىغان شىمالىي قۇملۇق ئىچىدە بولۇپ، تەكلىماكاننىڭ كىندىكىگە توغرا كېلىدۇ. خارابە كونا دەريا ئىزىدىكى قارادۆڭ قورغىنىنى مەركەز قىلىپ جايلاشقان بولۇپ، قورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىدا تۆت يورۇش ئىمارەت، شەرقىي شىمالىدا ئىككى يورۇش ئىمارەت ۋە بىر خۇمدانىنىڭ ئىزى بار.

---

[1] ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، جاڭ يۇ جۇڭ: «1993 - يىلىدىن بۇيانقى شىنجاڭ كېرىيە ئارخېئولوگىيىسىدىن قىسقىچە بايان»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1997 - يىللىق 3 - سان، 39 - بەت.

ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيى ھەم ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەتراپىدا ئىپتىزلىق، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئىزى بار.

قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 5625 كۋادرات مېتىر، تامنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 8 مېتىر، ئۇستىنىڭ كەڭلىكى 8 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تامنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر ئىشىكى بار بولۇپ، يۇرۇشىدىغان يولى بار. سېپىل تېمى شاخ - شۇمبا، سېغىز ئارىلاشتۇرۇلۇپ قوپۇرۇلغان. سېپىل ئۇستىدە ئىمارەتلەر بار، شەھەر ئىچىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران بولغان. ئايرىم ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ساقلىنىپ قالغان. خارابە ئىچىدىن قىزىل، كۆل رەڭ ساپال پارچىلىرى، تاش پارچىلىرى، يارغۇنچاق تېشى، دەرەخ شاخلىرىدىن توقۇلغان يۇمىلاق ئورۇندۇق، ئەينەك پارچىسى، مىس يارماق (پۇل) پارچىلىرى قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ چاق ئارقىلىق ئايلاندۇرۇلۇپ ياسالغان. نەقىشى ئاز، ئەگرى دولقۇنسىمان نەقىش ۋە ئىنچىكە سىزىقچىلار كۆزگە چېلىقىدۇ (1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قارادۆڭ خارابىسىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن دەپ ئېلان قىلغان) .

(2) ئاھالىلەر ئولتۇراق جاي خارابىسى

قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە قېزىلىپ تازىلانغان ئىككى يۇرۇش ئولتۇراق جاينىڭ بىرى قەلئەنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان (N42 - نومۇرلۇق)، يەنە بىرى قەلئەنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان (N60 - نومۇرلۇق). ئۇلارنى پۈتۈنلەي كۆچمە قۇم كۆمۈۋەتكەنلىكتىن، پەقەت بەزى يۇمىلاق ياغاچ تۈۋرۈكلەرلا چىقىپ قالغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئۆيلەرنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن لايىھەلەنگەن، يەنى ئالدى بىلەن توغراقتىن تەييارلانغان

تۆۋرۈكلەرنى يەرگە رەتلىك ئورنىتىپ، ئۇنى ئۆينىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى قىلىپ، ئاندىن تۆۋرۈكلەرگە قومۇش بىلەن دەرەخ شاخلىرىنى چېتىپ توقۇپ چىقىپ، ئاخىرىدا كاكىل لاي بىلەن سۇۋىغان. بۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، لاي سۇۋاقلىق تام (قوشام تام) ھېسابلىنىدۇ. ئۆي ئىچىدە ئەينى ۋاقىتتىكى قارادۆڭلۈكلەر ئىشلەتكەن ئوچاق، مورا، سۇپا قاتارلىقلار ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ساپال ۋە ياغاچتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن دانلىق زىرائەت ۋە ئۈزۈم ئۇرۇقى قاتارلىقلارمۇ بايقالدى.

ئۆينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، ئولتۇراق ئۆي ئاساسىي خانا ۋە يان ھۇجرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. ئاساسىي خانا سۇپا ۋە ئوچىقى بار ياتاق ئۆي ھەم ئاشخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يان ھۇجرا بولسا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساقلاش ئۆيى (قازناق) ۋە چارۋا - مال ئېغىلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ياغاچ قۇرۇلمىلىق، لاي سۇۋاق تاملىق قۇرۇلۇش تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا كەڭ تارقالغان بىر خىل قۇرۇلۇش شەكلى بولۇپ، كېرىيىگە قوشنا بولغان نىيا ۋە كروران خارابىسىدە بايقالغان قۇرۇلۇشلاردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۆيلەرنىڭ، بولۇپمۇ تام ئۇلىنىڭ ساقلىنىش ھالىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتا ئۆيلەر تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ يەنە سۇ ئاپىتىگىمۇ ئۇچرىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(3) بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى

قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن ئىككىسى تازىلاندى. بۇلارنىڭ بىرى (N61 - نومۇرلۇق ) قەدىمكى قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە، يەنە بىرى (N62 - نومۇرلۇق) قەدىمكى قەلئەنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە. ئىككى ئىبادەتخانا خارابىسىنى كۆچمە قۇم كۆمۈۋەتكەن بولۇپ، يەر يۈزىدە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ياغاچتىن تەييارلانغان بىناكارلىق

ماتېرىياللىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تازىلاش ئارقىلىق بۇ ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ تەكشى يۈزىنىڭ چاسا شەكىللىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇلارنىڭ قورۇلۇش قۇرۇلمىسىمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، لاي سۇۋاقلىق تام شەكلىنى ئاساس قىلغان، ئەمما تاملىرى ناھايىتى قېلىن. ساقلىنىپ قالغان قورۇلۇش ئۇلىنىڭ قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 0.2 ـ 0.9 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئۆرۈلۈپ كەتكەن تامنىڭ كۆپ قىسمى ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلىنىپ قالغان.

بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمى كۋادرات شەكىلدىكى قورۇلۇش بولۇپ، ئېھتىمال مەركىزىي مۇنار بولسا كېرەك. مەركىزىي مۇنارنىڭ ئۇلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. ئاستىغا قويۇلغان ياغاچتىن قارىغاندا، ئىبادەتخانىنىڭ سىرتى تۇيۇق ئىچكى ئايلانما كارىدورى مەركىزىي مۇنار بىلەن بىر گەۋدە بولۇشى مۇمكىن. مەركىزىي مۇنارنىڭ سىرتىدا ئىككى ئايلانما كارىدور بولۇپ، ئارىلىقى 1.5 مېتىر كېلىدۇ. سىرتقى ئايلانما كارىدورنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 8.5 مېتىر، ئىبادەتخانىنىڭ يولى ياكى كىرىش - چىقىش ئېغىزى شىمالىي تام تەرەپتە بولسا كېرەك. مەركىزىي مۇنارنىڭ سىرتقى تېمى بىلەن ئايلانما كارىدور تېمىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى يۈزىگە تام رەسىملىرى سىزىلغان بولۇپ، بەزى تام رەسىملىرى ناھايىتى ئېنىق ساقلىنىپ قالغان (بۇ تام رەسىملىرى نەق مەيداندا بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، سويۇۋېلىنىپ قايتۇرۇپ كېلىنگەن. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، تەتقىقات ئۇستىدە).

جۇڭگو ـ فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر N61 - نومۇرلۇق ئىبادەتخانىدىكى تام رەسىملىرىنى تەجرىبىخانىدا تېخنىكىلىق

بىرتەرەپ قىلىپ، ئەستايىدىل قوراشتۇرۇپ مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن دەسلەپكى تونۇشقا ئېرىشتى.
قارادۆڭدىكى ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلىش ماھارىتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. رەسىملەر تەكشى ۋە سىلىق سۇۋالغان سېغىز توپىلىق تامنىڭ ئۈستى قەۋىتىگە يەنە بىر قات گەج سۈركەلگەندىن كېيىن سىزىلغان، تام رەسىملىرىنى بۇ خىل سىزىش ئۇسلۇبى مىرەن بۇددا ئىبادەتخانىسى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇچرايدۇ.
تام رەسىملىرىگە ئاساسلىقى قىزىل، قىزغۇچ سېرىق ۋە قارىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بوياق ئىشلىتىلگەن. بوياق ماتېرىيالىغا ئالاقىدار ئانالىز تەجرىبە قىلىنماقتا.
ئارخېئولوگلارنىڭ تام رەسىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مەزمۇنى ۋە سىزىلىش ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، سىزىلغانلىرى بۇددانىڭ ئولتۇرغان ۋە ئۆرە تۇرغان ئىككى خىل ھالەتتىكى رەسىمى بولۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خوتەن ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى بەزى بۇددا خارابىلەرنىڭكىگە، مەسىلەن، ئافغانىستاندىكى قارا تۆپە ياكى باميانىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تامنىڭ ئۇل قىسمىدىكى قىزىل، ئاق ئىككى قۇر نەقىش ئۈستىگە ئۆرە تۇرغان يالىڭاچ بۇددانىڭ رەسىمى سىزىلغان. بۇددانىڭ پۇتى ياكى قىزىل رەڭدە سىزىلىپ ئوڭغا قارىتىلغان، ياكى ئاق رەڭدە سىزىلىپ سول تەرەپكە قارىتىلىپ، بىر نىلۇپەر سۇپا ئۈستىگە دەسسىتىلگەن. ئىككى پۇتىنى ئالماشتۇرغان ھالەتتە ئاق نىلۇپەر سۇپا ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلغان بۇددانىڭ رەسىمى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. ئۇنىڭ ئۇچىسىغا كاسايا ئارتىلغان بولۇپ، كىيىمىنىڭ بېزىكى قوش سىزىق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. رەسىملەرنىڭ ئومۇمىي ئۇسلۇبى قەدىمكى ھەيكەللىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شىنجاڭنىڭ مىرەن ۋە راۋاق خارابىلىرىنىڭكىگە ئوخشىشىدىغان

تەرەپلەرمۇ بايقالدى. بۇددانىڭ چېچى كىچىك بۇدۇرسىمان چوققىسىغا تۈگۈلگەن بولۇپ، چاچ تۈگۈنى چوقچىيىپ تۇرىدۇ. بۇددانىڭ چىرايى كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالەتتە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، قۇلاق يۇمشىقى ئۇزۇن، بويىنىدىكى قورۇق ئىزلىرى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇددانىڭ بەزى بېزەكلىرى ھىندى بۇددىزم سەنئىتى ئۇسلۇبىغا ئىگە. بۇددانىڭ باش قىسمىغا ئاق بوياق بىلەن ئېللىپس شەكىللىك نۇر ھالقىسى سىزىلغان. ئۇنىڭ سول قولى پەسكە قارىتىلىپ، ئۇچىسىدىكى كىيىمنىڭ تۆۋەن ئېتىكى تۇتقۇزۇلغان، ئوڭ بىلىكى مەيدىسىگە قوۋۇشتۇرۇلۇپ ۋە كىيىمى ئىچىگە ئورىلىپ، ئالىقىنىلا ئوچۇق قويۇلغان.

قارادۆڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىكى تام رەسىملىرى ۋە ھەيكەللەرنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى زىچ باغلىنىش ئىپادىلەنگەندەك قىلىدۇ، ئۇ مىرەن بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى تام رەسىملىرىگە ئوخشايدۇ. ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنىڭ دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىندى. ئۇ ھازىرغا قەدەر جۇڭگو تەۋەسىدە بايقالغان دەۋرى ئەڭ بالدۇرقى بۇددىزم خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قەلئەنىڭ جەنۇبىدا يۇلغۇنلۇق قۇم بارخانلىرى كۆمۈۋەتكەن لايدا قوپۇرۇلغان قۇرۇلۇش خارابىسى تازىلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى كونۇسسىمان، ساقلىنىپ قالغان تامنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ ئىزى بار، ئەمما باشقا يادىكارلىقلار بايقالمىدى. ئەگەر ئۇ بۇددا مۇنارى دەپ قارىلىدىغان بولسا، بۇ خىل شەكىلدىكى قۇرۇلۇش قارادۆڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددا مۇنارلىرى ئارىسىدا كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(3) ئۆستەڭ خارابىسى

قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى ئۆستەڭ ئىزى ئاساسلىقى قەدىمكى قەلئەنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىگە جايلاشقان. يەر يۈزىدە كۆرۈنىدىغان ئىزلارغا ئاساسەن ئۆلچەپ سىزىپ چىقىلغان ئۆستەڭلەرنىڭ تەكشىلىككە جايلىشىش خەرىتىسىگە قارىغاندا، ئۆستەڭلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش يۆنىلىشى ئاساسەن جەنۇبتىن شىمالغا بولۇپ، كەڭلىكى 1 مېتىر ئەتراپىدا. قارىماققا ئۇلار بىر تورسىمان قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلغاندەك قىلاتتى، يەنى ياندىش بىرقانچە ئاساسلىق ئۆستەڭ بىلەن تارماق ئېقىنلار زىچ تۇتاشقانىدى. بۇ سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 2) يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى رايونى

كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرىتىدىن قارىغاندا، بۈگۈنكى كېرىيە دەرياسى ھاۋزىسىنىڭ غەربىدە بىرقەدەر چوڭراق ئىككى قەدىمكى دەريا ئېقىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئايىغىدا بىر ئۈچ بۇرجەكلىك دېلتا شەكىللەنگەن. دېلتا رايونىغا ئىلگىرى جۇڭگو - چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى كەلمىگەن. 1996 - يىلى جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مۇشۇ رايونغا قارىتىپ، بۇ رايوندىكى يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىگە قارىتا ئەتراپلىق ئۆلچەش، سۈرەتكە تارتىش ۋە خاتىرە قالدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، شۇنداقلا بۇ قەدىمكى شەھەردىكى بىر قوۋۇق ۋە شەھەرنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ قۇرۇلۇش خارابە ئىزىنى تاللاپ قازدى ۋە تازىلىدى. 1994 - يىلى بايقالغان قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قايتا تەكشۈرۈش جەريانىدا، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى

بىرقانچە ئورۇندا بورانىنىڭ تەسىرىدىن ئېچىلىپ قالغان قەدىمكى قەبرىلەرنى بايقاپ تازىلىدى[1].

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ بايقىلىشى — كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى پائالىيەت ئىزلىرىنىڭ ساقلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەر ئەتراپى ۋە ئۇنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن شەرقىي شىمالى تەرىپىدە ھەرخىل خارابە - ئىزلاردىن 40 نەچچىسى بايقالدى. تۆۋەندە يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق ۋە قەدىمكى ئۆستەڭ ئىزىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

(1) يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 41 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك 26°52.236′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81°34.905′ قا توغرا كېلىدۇ. يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇ جاينى يۇمىلاققۇم دەپ ئاتىغاچقا، بىز بۇ يېڭى بايقالغان شەھەر خارابىسىنى يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى دەپ ئاتىدۇق. تۈز سىزىقلىق ئارىلىق بويىچە ھېسابلىغاندا، قەدىمكى شەھەر كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا 230 كىلومېتىر، يەنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. قەدىمكى شەھەرنى ئاساسەن قۇم بارخانلىرى بېسىۋالغان بولغاچقا، پەقەت ئاز ساندىكى قۇرۇپ كەتكەن توغراق بىلەن يۇلغۇن يىلتىزىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ غەربى كەڭ كەتكەن كېرىيە دەرياسىنىڭ كونا دەريا قىنى ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، جاڭ يۈ جۇڭ: «1993 - يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ كېرىيە ئارخېئولوگىيىسىدىن قىسقىچە بايان»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1997 - يىللىق 3 - سان، 40 - بەت.

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئۆلچەمسىز تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، تاملىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈز ئەمەس. سۇنىڭ ئېقىتمىشى ۋە شامالدا يىمىرىلىش سەۋەبىدىن دوقمۇشلىرى ئاساسەن ساقلىنىپ قالمىغان. نەق مەيداندىكى ئۆلچەشتىن قارىغاندا، شەھەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 995 مېتىر، جەنۇبتىن شىمال (ئەڭ ئۇزۇن يېرى)غىچە بولغان ئارىلىقى 330 مېتىر بولۇپ، شەرقتىن غەرب (ئەڭ كەڭ قىسمى)كىچە بولغان ئارىلىقى 270 مېتىر كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ ھازىرقى قالدۇق سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 473 مېتىر بولۇپ، ئۈستى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 3 ـ 4 مېتىر، ئېگىزلىكى 3 ـ 4 مېتىر، ئەڭ ئېگىز يېرى 11 مېتىر كېلىدۇ. سېپىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئىككى رەت ساقلىنىپ قالغان تىك ئورنىتىلغان توغراق ياغىچى ئارىسىغا يۇلغۇن شاخلىرىنى قاتمۇقات ياتقۇزۇش ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلگەن. تامنىڭ سىرتىدا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ياكى توغراق شېخى ئارىسىغا لاي سۇۋالغان قومۇش ۋە چارۋا ـ ماللارنىڭ قىغى قاتارلىقلارنى قىيپاش شەكىلدە دۆۋىلەشتىن شەكىللەنگەن تامنىڭ بۆلىكى بار. جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن شەرقىي سېپىلنىڭ شىمالىي قىسمىدا بىردىن قوۋۇق بار. جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ كۆلىمى چوڭراق بولۇپ، بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. قوۋۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى رەت تۈۋرۈك قوۋۇق كارىدورىنى شەكىللەندۈرگەن. جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ كېشىكى بىلەن توغراق ياغىچىدىن قۇراشتۇرۇلغان ئىشىكى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان.

شەھەر ئىچىنى ئاساسەن كۆچمە قۇم قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئالتە ئورۇندىكى ئېچىلىپ قالغان قۇرۇلۇش ئىزىدا شامالدا يىمىرىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېگىزلىكى يېرىم مېتىرغا يەتمەيدىغان تۈۋرۈكنىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالغان. يەر يۈزىدە چېچىلىپ ياتقان ساپال پارچىلىرى، تاش بۇيۇملار ۋە كىچىك تېپىلمىلار، تۆمۈر بۇيۇملاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇنلىغان

هايۋانات سۆڭەكلىرىمۇ بايقالدى. ستاتىستىكىلىق مەلۇمات ۋە باھالاش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، هايۋانات سۆڭەكلىرى ئاساسەن ئۆي هايۋانلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوي، كالا، تۆگە سۆڭەكلىرىنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئات، ئېشەك، ئىت، چوشقا، بۇغا، توشقان، چاشقان، بېلىق ۋە قۇشلارنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ بار. دېمەك، يۇقىرىقىلار چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شەھەر ئىچىدىكى تازىلانغان ئۈچ قۇرۇلۇش ئىزىدا هازىر يەر يۈزىدە رەتلىك تىزىلغان تۇۋرۇك ئۇلىنىڭ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسلىقى چارۋا - ماللارنىڭ قىغى دۆۋىلەنگەن. بۇ ئىزلاردىن يەنە چوڭ - كىچىك تۆت چاسا كۇل ئازگىلى ياكى ئورەكلەر بايقالدى، تىندۇرما توپا ئىچىدە ساپال پارچىلىرى، دانلىق زىرائەت (مەسىلەن، بۇغداي) قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ[1].

(2) يۇمىلاققۇم قەدىمكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق ئالتە ئورۇندا بولغاچقا، ئۇلارغا A، B، C، D، G، H دىن ئىبارەت ھەرپلەر بىلەن بەلگە قويۇلغان ۋە جەمئىي 20 قەبرە تازىلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى A، B قەبرىستانلىقى يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 700 مېتىر كېلىدۇ، C قەبرىستانلىق قەدىمكى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر كېلىدۇ، D قەبرىستانلىق قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 400 مېتىر كېلىدۇ، H، G قەبرىستانلىقى يۇمىلاققۇم

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن - تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنى — جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 28 -، 30 - بەتلەر.

قەدىمكى شەھىرىگە بىرقەدەر يىراق جايدا بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا 5.4 كىلومېتىر ۋە شىمالىغا 12 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا.

بۇ قەبرىلەرنىڭ قىسمەنلىرى ياخشى ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا، كۆپ ساندىكىسى شامالنىڭ يىمىرىشى ھەم ئۇزاق ۋاقىت كۆنگەن قاتتىق قاقلانغانلىقتىن، جەسەت ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملار ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى چىرىپ كەتكەن، قەبرىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىمۇ ئېھتىمال ئەسلىي ھالىتىدىكىدەك بولماسلىقى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇلاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقىغا دەپنە قىلىش. خارابىلىكتىكى ئۇلاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى ئېچىلىپ يەر يۈزىگە چىقىپ قالغان بولۇپ، جەسەت توغراق ياغىچىدىن ياسالغان جەسەت ساندۇقىغا ياتقۇزۇلغان. جەسەت ساندۇقى ئىچىدە ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ جەسىتىدىن باشقا، ئۆسمۈر ۋە بوۋاقلارنىڭمۇ جەسىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەپنە قىلىنىش شەكلى ئېنىق ئەمەس.

ئىككىنچى، تىك ئازگاللىق لەھەتكە ئۇلاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى بىلەن دەپنە قىلىش. بۇنىڭدا جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدىكى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك لەھەت ئىچىگە، جەسەت توغراق ياغىچىدىن ياسالغان ئۇلاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقىغا ئۆگدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ دەپنە قىلىنغان. مەسىلەن، بىر جەسەتنىڭ بېشى جەنۇبقا، پۇتى شىمالغا قارىتىلغان، تىزى يېرىم پۈكۈلگەن ھالەتتە ئۆگدىسىغا ياتقۇزۇلغان. يەنە ئالايلۇق، ئىككى جەسەت ئۆزئارا قارىمۇقارشى يۆنىلىشتە، پۇت - قوللىرى تۈز ھالەتتە ئۆگدىسىغا ياتقۇزۇلغان، تېيىزراق لەھەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئورەك بار.

ئۈچىنچى، تىك ئازگاللىق توپا لەھەتلىك قەبرىلەر. لەھەتنىڭ يۆنىلىشى جەنۇبتىن شىمالغا بولۇپ، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە كولانغان، دەپنە بۇيۇملىرى يوق. يالغۇز جەسەت دەپنە

قىلىنغان. جەسەتنىڭ بېشى جەنۇبقا، پۇتى شىمالغا قارىتىلىپ، تىزى يېرىم پۈكۈلگەن ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، جەسەتنىڭ باش تەرىپىگە ساپال قاچا قويۇلغان. تىك كولانغان قەبرە ئىچىگە قۇم ئارىلاش توپا تىندۇرۇلغان (بۇ خىل ئەھۋال پەقەت C قەبرىستانلىقىدىلا بايقالغان).

تۆتىنچى، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرە. بۇ قەبرىلەر قۇم ئۈستىگە توغراق ياغاچلىرىنى تىك ئورنىتىپ، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى ياغاچ قۇرۇلما ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئاچىلارغا توغراق بادرىلىرىنى توغرىسىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇش ياتقۇزۇلغان، تىك ئورنىتىلغان توغراق ياغاچلىرىنىڭ ئارىسىغا قۇمۇش قىستۇرۇلغان، جەسەت ئۇنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنغان. بۇ خىل قەبرىلەر شامالدا يىمىرىلىپ كەتكەچكە، دەپنە شەكلى ئېنىق ئەمەس.

جەسەتلەر ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملار. جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى چىرىپ كەتكەن، ئاز ساندىكى ياخشىراق ساقلانغانلىرى ئورا كۆز، قاڭشارلىق، كۆپ ئۆرۈمىلىك ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى روشەن. جەسەتلەرنىڭ ئىچىگە يىرىك ۋە سىپتا توقۇلغان يۇڭ توقۇلما كىيىملەر، سىرتىغا تېرە چاپانلار كىيدۈرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ باش كىيىمى بىلەن بەلۋاغلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان. توقۇلمىلار تۈز يوللۇق ۋە قىيپاش يوللۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، ئۈستىگە رەڭدار گېئومېتىرىيىلىك گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان. بەزى ياخشى ساقلىنىپ قالغان توقۇلمىلارنىڭ رەڭلىرى ئوچۇق بولۇپ، يېڭىدەكلا كۆرۈنىدۇ. جەسەت بىلەن بىللە بىر ـ ئىككى دانىدىن ساپال قاچا قويۇلغان. قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدىكى A، B، D قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپاللار ئاساسەن لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈل رەڭ ياكى قارا رەڭلىك، ئاغزى يايپاڭ، قورسىقى قىيپاش كېلىپ ئۈستى تەرىپى سەل قورۇلغان ئاياقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ H قەبرىستانلىقىدا لېيىغا قۇم

ئاربلاشتۇرۇلغان قارا رەڭلىك ساپال قاچا ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما ئاز مىقداردا لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپال قاچىلارمۇ بار. ئۇلار ئاساسلىقى بىر قۇلاقلىق، ئاغزى ياپپاڭ ياكى جوغىلىق ۋە قورساقلىق كومزەك، ئىۋرىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قوش قۇلاقلىق كومزەكتىن ئازراق بار. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاز مىقداردا تاش ئۇرچۇق، ياغاچ ئۇرچۇق، ياغاچ تارغاق، جام، كىچىك تىپتىكى مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان بېزەك بۇيۇملارمۇ بايقالغان.

(3) قەدىمكى ئۆستەڭ خارابىسى

قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ يەردە بىرقەدەر زىچ جايلاشقان ئۆستەڭلەر بار بولۇپ، ئۆستەڭلەر ئاساسەن شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىگە مەركەزلەشكەن. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى قىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئورۇنلاشقانلىقى بىلەن ماس كېلىدۇ. ئۆستەڭلەر جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ، بەزىلىرىدە بىرى بىرىنىڭ ئۆستىگە چۈشكەن ئىز بار. ئېچىلىپ قالغان ئۆستەڭلەرنىڭ ئىزىدىن قارىغاندا، ئۇلار تورسىمان گىرەلىشىپ، رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

### 3) يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

1996 - يىلى جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلارنى تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلىرىنىمۇ تەكشۈرگەن. ئۇلار تۆز سىزىق ئارىلىقى قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىغا 14 كىلومېتىر كېلىدىغان (شىمالىي كەڭلىك 39° قا جايلاشقان) جايدا G ۋە H ئىككى قەبرىستانلىقنى

بايقىغان. ئۇلار بۇ قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىككى قەبرىستانلىقنىڭ يۇقىرى دەۋر چېكى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان.

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە، ئاساسەن ساپال پارچىسى بىلەن ئېگەر شەكىللىك تاش يارغۇنچاق قاتارلىق يادىكارلىقلار بايقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، غەربىي شىمال تەرەپتىن بايقالغان ساپال پارچىلىرى ئاساسەن لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان، ئويما گۈل نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن قىزىل رەڭلىك ساپاللاردۇر. يەنە ئاز مىقداردا كۈل رەڭ ساپاللارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېرىم ئاي شەكىللىك تاش ئورغاق قاتارلىق دەسلەپكى مەزگىل مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يادىكارلىقلارمۇ بايقالغان. بىراق، بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدا لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپالنىڭ سانى ئازىيىپ، كۈل رەڭ ساپالنىڭ سانىنىڭ كۆپەيگەنلىكى (يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىقتا دەل كۈل رەڭ ساپال ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ) بايقالغان. ئارخېئولوگلار بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا: «بۇ شۇ جايدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ كېرىيە دەرياسى ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، غەربتىن شەرققە قاراپ كۆچكەنلىكىگە ماس كېلىدۇ» دېگەن يەكۈننى چىقارغان. دېمەك، بۇلار كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالى ئېقىنىدىكى دېلتىنىڭ ئەينى چاغدا ئىنسانلار ئاۋۋال پائالىيەت ئېلىپ بارغان جاي ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئىسپاتلايدۇ. هازىرقى بايقاشلار ئارقىلىق شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ئېقىن بويلىرىدا برونزا قوراللار دەۋرىدىن ئىلگىرىكى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت ئىزى ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى بۇنىڭدىن كېيىنكى

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ[1].

خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، كېرىيە دەرياسى ۋادىسىغا قارىتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈزۈلمەي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بۇ تەكشۈرۈشلەر ئىچىدىكى ئەڭ مول ھوسۇللۇق ۋە تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغىنى جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈشى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى قايتا تونۇدى ۋە بۇ يەردىكى قەدىمكى مەدەنىيەتكە قارىتا ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە تەتقىقاتلارغا كىرىشتى. بۇ تەتقىقاتلار ئىچىدە خوتەننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگىكى خېلىلا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار كېرىيە دەرياسى ۋادىسىغا قارىتا بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ۋە ئىلگىرىكىلەر تەكشۈرۈپ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە قاراشلىرىنى، يەنى كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان خارابە - ئىزلار ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ رايونغا جايلاشقان «مارجانلىق خارابىسى» نىمۇ كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدىكەن.

مارجانلىق خارابىسى — كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 230 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرقىي جەنۇب تەرىپى (14كىلومېتىر يىراقلىقتا) گە ئېغىل دېگەن مەھەللە جايلاشقان. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىزى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا

---

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنى جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 35 -، 36 - بەتلەر.

يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى كېرىيە دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئىزنىڭ ئىككىنچى پەلەمپەيسىمان ئېگىزلىكىدە، دەريا ئىزى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ قۇملۇقتا ئېچىلىپ كىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى توغراق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇپ كەتكەن. لېكىن، بۇ قەدىمكى شەھەر ئىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ توغراق ياشىرىپ، مۇشۇ ئىزنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. قەدىمكى ئىزنىڭ شىمالىدىكى دەريا قىنىنىڭ ئويمان يېرىدە 1.6 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىلا تاتلىق سۇ چىقىدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمى شامالنىڭ يىمىرىشى سەۋەبىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ھازىر قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ قالغان قەدىمكى شەھەر ئىزىنىڭ كۆلىمى شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 500 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 1000 مېتىرچە كېلىدۇ. بۇ ئىزدىن يىغىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان، قىزىل رەڭلىك ساپال پارچىلىرىدۇر. ساپاللارنىڭ كۆپىنچىسى سىلىق ـ سىدام بولۇپ، بەزىلىرىگە سىزىق سىزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۆمۈر بۇيۇملار، يارماقلار، مىس بېزەكلەر، ئەينەك مارجان، تاش يارغۇنچاق قاتارلىقلار تېپىلدى. يەر يۈزىدە يەنە داشقال ۋە ھايۋانات سۆڭەكلىرى (بەزى سۆڭەكلەر ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن) كۆپ ئۇچرايدۇ.

1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو ـ فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى مارجانلىقنىڭ شىمالىغا 5 كىلومېتىر كېلىدىغان قارادۆڭ خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنى «كاربون 14» ئارقىلىق لابوراتورىيىدە تەكشۈرۈپ، قارادۆڭ قەلئەسىنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرىنىڭ 108 ± 2684 دىن ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

ئارخېئولوگلار مارجانلىق خارابىسىنى قارادۆڭ خارابىسى بىلەن بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا[1].

يېقىنقى يىللاردا كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى خارابە - ئىزلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنى قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېيىنكى ۋارىسى سۈپىتىدە كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ قارىشى مۇنداق:

قارادۆڭ شەھىرى ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىرلەردە بىنا قىلىنىپ، ئۇزۇنتات بەگلىكىنىڭ پايتەختى قىلىنغان، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى، دەريا قىنىنىڭ شەرققە قاراپ ئېقىن ئۆزگەرتىشى ۋە دەريا سۈيىنىڭ قىسقىرىشى تۈپەيلىدىن، قارادۆڭ شەھىرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرلەردە پايتەخت بولۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقاچقا، ئۇزۇنتات بەگلىكى مەركىزىنى جەنۇبقا يۆتكەپ، دەندان ئۆيلۈك شەھىرىنى بىنا قىلغان. پايتەخت كۆچۈرۈلگىنى بىلەن ئاھالە ئۆز يېرىدە ياشاۋېرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارادۆڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى بەك مۇھىم بولغاچقا، بەگلىك قارادۆڭنى بىراقلا تاشلىۋەتمەستىن، ئۇنىڭدىن شىمالدىكى ئاھالىلەرنى كونترول قىلىدىغان، ئۇلارغا سودا - سېتىق پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدىغان، چېگرىنى مۇداپىئە قىلىپ زېمىننى قوغدايدىغان ھەم ئۆتكۈنچى كارۋانلارغا كۆز - قۇلاق بولىدىغان «ھۆكۈمەت مەھكىمىسى» سۈپىتىدە پايدىلانغان (قارادۆڭ خارابىسىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن بۇرۇنقى

---

[1] جۇمەنىياز تۇرسۇن، مەتكېرىم ئىسمائىل: «خوتەندىكى قەدىمكى ئىزلار (5) — كېرىيە دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى شەھەر - ئولتۇراق جاي ئىزى»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 2 - سان، 102 - بەت.

چاغلارغا مەنسۇپ يادىكارلىقلارنىڭ بايقالماسلىقىمۇ شۇ قېتىمقى كۆچۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن)، ئۇزۇنتات بەگلىكىنىڭ ئۆز پايتەختىنى جەنۇبقا يۆتكىشى ئۇدۇن ئېلىگە زور تەھدىت ئېلىپ كەلگەن. نەتىجىدە ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، قانلىق ئۇرۇشلار پارتلىغان. ئۇزۇنتات بەگلىكى يېڭى مەركەز قۇرۇش ۋە پايتەختنى يۆتكەش جەريانىدا هالسىزلىنىپ كەتكەچكە، ئەسلىدە ئۆزىدىن ئاجىز بولغان ئۇدۇن ئېلىگە قارام بولۇپ، مىلادىيە 175 - يىلى ئۆز سەلتەنىتىنى يوقاتقان. ئۇدۇن ئېلى ئۇزۇنتات بەگلىكىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىنمۇ قارادۆڭ شەھىرىدىن داۋاملىق پايدىلانغان. قارادۆڭ خارابىسىدە ئۇدۇن ئېلىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلارنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشى بۇنىڭ دەلىلى؛ بۇ شەھەر شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇن ئېلىنىڭ شىمالدىكى دۈشمىنى كۇسەن بەگلىكىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان مۇھىم بازىسىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇدۇندا بۇددا دىنى گۈللەنگەن (مىلادىيە 3 — 4 - ئەسىرلەر) مەزگىللەردە، دەل قارادۆڭ قەلئەسى يېنىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىنغان. بۇ مەزگىللەردىمۇ قارادۆڭ شەھىرى كۇسەن بىلەن پىشامشان ئارىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلىك رولىنى يوقاتمىغان. كېيىنچە دەريا ئېقىنى شەرققە سۈرۈلۈپ كەتكەچكە، خوتەن دەرياسى بويىدىكى يولنىڭ رولى ئېشىپ، قارادۆڭنىڭ ئورنى تەدرىجىي ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ بارغان. ئۇنىڭ ئارقىسىدىلا يۈز بەرگەن پىشامشاننىڭ خارابىلىشىشى، ئۇدۇن - كۇسەن ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشى، توبۇتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى... قاتارلىق بىر قاتار سىياسىي دۇالغۇشلار نەتىجىسىدە، جەنۇبىي يىپەك يولى لىنىيىسى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويغان. قارادۆڭ شەھىرىمۇ تاشلىنىپ قالغان. بۇ مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولغان ئىش. قىسقىسى، قارادۆڭ شەھىرى «هولولوكيا رىۋايىتى»دە ئېيتىلغاندەك، غايىبتىن كەلگەن قۇم ئاپىتى تەرىپىدىن بىر

كېچىدىلا ۋەيران بولغان بولماستىن، بەلكى ئانا دەريانىڭ ئالا كۆڭۈللۈكى سەۋەبىدىن پەيدىنپەي خارابلىشىپ، ئاخىر قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن. نوقۇل تەبىئەتنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزۈنتات بەگلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پايتەختى سانالغان يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرى بولغان[1]. بۇ خىلىلا دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي پەرەز بولۇپ، كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى — قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 4. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ يىل دەۋرى

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان قەدىمكى خارابە ـ ئىزلار ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ ھەم بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشتە قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى، يۇملاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسى ۋە يۇملاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى ئىز قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىشقا ھەم مۇشۇ ئاساستا بىرقەدەر ئومۇمىي بولغان بىر خۇلاسىنى چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى بايقالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، بۇ قەدىمكى شەھەر ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

قارادۆڭگە تۇنجى قېتىم بارغان سۋېن ھېدىن ئۆز

---

[1] ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 314 ـ بەت.

خاتىرىسىدە: «بۇ شەھەرنىڭ نامى ‹قارادۆڭ›، مەنىسى ‹قارا رەڭلىك قۇم دۆڭ› دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى تەكلىماكان شەھىرى (دەندان ئۆيلۈكنى دېمەكچى — ئاپتور) دەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇلار بىر دەۋرگە مەنسۇپ. چۈنكى، بىناكارلىق قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەم تام قوپۇرۇش شەكلى پۈتۈنلەي ئوخشاش»[1] دەپ يازغان.

قارادۆڭگە سۋېن ھېدىندىن تۆت يىل كېيىن بارغان ستەين خارابىلىك يېنىدىن تاپقان مىس يارماقنى ئاساسەن، قارادۆڭنى «كېيىنكى خەن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ»[2] دەپ قارىغان.

خۇاڭ ۋېنبى خارابىلىكتىن مىلادىيە 1 - ئەسىرگە مەنسۇپ بەش جۇلۇق مىس يارماق ۋە مىلادىيە 4 -، 5 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ كىچىك يارماقنى تاپقان ھەم مۇشۇنىڭغا ئاساسەن يىل دەۋرىنى بېكىتكەن[3].

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەترىتى قارادۆڭ خارابىسى ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىقتىن مىلادىيە 6 - ئەسىرگە مەنسۇپ كۆك، ئاق گۈللۈك پاختا رەخت، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنى تاپقان ھەم بۇ بۇيۇملارنى «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلار»[4] دەپ قارىغان.

1986 - يىلى جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى كاربون 14

---

[1] ساۋېن خۇنتىڭتوننىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى» (ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 301 - بەتتىكى نەقىل).

[2] ئاۋرېل ستەين: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 1 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 410 - بەت.

[3] خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى»، پەن نەشرىياتى 1958 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[4] «يىپەك يولى — خەن، تاڭ دەۋرىدىكى توقۇلما بۇيۇملار»، مەدەنىيەت يادىكارلىق نەشرىياتى 1972 - يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە ، 1972 - يىللىق 3 - سان.

ئارقىلىق ئانالىز قىلىپ، قارادۆڭنىڭ سېپىل تېمىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىسىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ 108 ± 2684 يىل، ئۆي ئىچىدىن ئېلىنغان قومۇش ئەۋرىشكىسىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ 94 ± 2133 يىل، ياغاچ كۆمۈر ئەۋرىشكىسىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ 75 ± 2135 يىل ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان[1].

1994 - يىلى جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى قارادۆڭ خارابىسى يېنىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ مىلادىيە 3 -، 4 - ئەسىرگە مەنسۇپلۇقىنى، «ئۇنىڭ ھازىرغىچە جۇڭگودا بايقالغان ئەڭ دەسلەپكى بۇددىزم خارابىسى ئىكەنلىكى»نى ئېنىقلاش بىلەن بىللە، ئەۋرىشكىلەرنى كاربون 14 ئارقىلىق ئانالىز قىلىپ، 250 ± 1910 يىل ۋە 40 ± 1800 يىلدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك يىل دەۋرى مەلۇماتىنى ئېرىشكەن[2].

قەدىمكى قارادۆڭ شەھىرىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىرىنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئۆلچەنگەن ئۈچ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى (N61 - نومۇرلۇق) نىڭ سانلىق مەلۇماتى ئىككى خىل بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 250 ± 1910 يىل ۋە 86 ± 1193 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا؛ N62 - نومۇرلۇقنىڭ بولسا بۇنىڭدىن 40 ± 1800 يىل ئىلگىرىكى زامانغا توغرا كېلىدۇ (دەۋرى بىرقەدەر بالدۇر بولغان ئىككى سانلىق مەلۇماتنى فرانسىيە ئىلمىي تەتقىقات مەركىزىنىڭ رادىئوئاكتىپلىق تەجرىبىخانىسى ئۆلچەپ بېكىتكەن؛ دەۋرى سەل كېيىن بولغان سانلىق مەلۇماتنى

---

[1] خۇ جىيۇ: «كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلاردىن يىغىۋېلىنغان ئەۋرىشكىلەر ئۈستىدە كاربون 14 ئانالىزى»، «جۇڭگو قۇملۇقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1989 - يىللىق 3 - سان.

[2] «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 28 - بەت.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەجرىبىخانىسى ئۆلچەپ بېكىتكەن)[1].

يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئىچىدىكى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن 2684 ± 108 يىل دېگەن مەلۇماتنى قارادۆڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى يىل دەۋرىگە، مىلادىيە 6 - ئەسىرگە مەنسۇپ پاختا رەخت ۋە توقۇلما بۇيۇملارنىڭ دەۋرىنى ئەڭ تۆۋەن يىل دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ ھېسابلىساق، قارادۆڭ قەلئەسى ۋەكىللىكىدىكى مەدەنىيەت ئىزىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردىن، مىلادىيە 7 - ئەسىرگىچە بولغان 1000 يىل ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ دەۋرىنى فرانسىيە ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى رادىئوئاكتىپ تەجرىبىخانىسى جەنۇبىي قوۋۇق بىلەن غەربىي سېپىلدىن ئېلىنغان ياغاچ ۋە ياغاچ كۆمۈر ئەۋرىشكىسىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئۆلچەپ ئېنىقلاپ چىقتى. ئېنىقلانغان بەش خىل سانلىق مەلۇماتتا، غەربىي سېپىلدىن ئېلىنغان ياغاچ كۆمۈر بۇنىڭدىن 2130 ± 50 يىل، جەنۇبىي قوۋۇقتىن ئېلىنغان ياغاچ بۇنىڭدىن 2130 ± 50 يىل، جەنۇبىي قوۋۇقتىن ئېلىنغان ياغاچ كۆمۈر بۇنىڭدىن 2005 ± 15 يىل، جەنۇبىي قوۋۇقتىن ئېلىنغان ياغاچ بۇنىڭدىن 2260 ± 55 يىل، جەنۇبىي قوۋۇقتىن ئېلىنغان ياغاچ بۇنىڭدىن 1290 ± 50 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ چىقتى. بۇ بەش سانلىق مەلۇمات ئىچىدە، 1290 ± 50 يىل روشەن ھالدا سەل

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنى — جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۈيغۇرچە، 2002 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 28 - بەت.

كېيىنرەك بولغاندىن باشقا، قالغان تۆت خىل سانلىق مەلۇمات ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا شەھەر ئىچىدىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ[1].

## 5. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيە

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيە بىر قەدەر ئېنىق بولۇپ، قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ۋە يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى خارابە - ئىزلاردا ئەكس ئەتكەن چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكىللىرىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1) دېھقانچىلىق

دېھقانچىلىق ئىگىلىكى — كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى بولۇپ، ئۇ بۇ مەدەنىيەت دائىرىسىدىكى ھەرقايسى خارابە - ئىزلاردا ۋە قەبرىستانلىقلاردا ساقلانغان يادىكارلىقلاردا بىر قەدەر روشەن ئەكس ئەتكەن.

---

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن - تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنى — جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 30 - بەت.

قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى ئۆستەڭ ئىزى سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئىزىدىكى ئۆيلەردىن تاش يارغۇنچاق، ساپالدىن ۋە ياغاچ بۇيۇم قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن دانلىق زىرائەت ۋە ئۈزۈم ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ بايقىلىشى، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى ئورىلاردىن خېلى كۆپ مىقداردىكى دانلىق زىرائەت، يەنى بۇغداي، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ بايقىلىشى، شەھەرنىڭ سىرتىدىن كۆپ مىقداردا ئېگەر شەكىللىك تۈگمەن تېشىنىڭ بايقىلىشى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ يەردىمۇ بىرقەدەر زىچ كەلگەن ئۆستەڭ ئىزى بايقالغان بولۇپ، ئۆستەڭلەر ئاساسەن شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىگە مەركەزلەشكەن. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى قىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئورۇنلاشقانلىقى بىلەن ماس كېلىدۇ.

قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن يىغىۋېلىنغان ياكى قېزىۋېلىنغان ھەر خىل ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سۆڭەكلىرىنى باھالاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى قوينىڭ سۆڭىكى، ئۇنىڭدىن قالسا كالىنىڭ سۆڭىكى، ئۈچىنچى ئورۇندىكىسى تۆگىنىڭ سۆڭىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئۆگىتىلگەن ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئىكەن. بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا، كالا ئاساسلىق تېرىلغۇ قورالى قىلىپ ئىشلىتىلگەن ھەم چارۋىچىلىق ئىگىلىكىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىقتىسادىي ئىگىلىك

شەكىللىرىنىڭ بەلگىسى بولغان ئۆستەڭلىرىنى قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى بىلەن يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئاھالىلىرى قازغان. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇمۇ شىنجاڭدا بايقالغان ئەڭ قەدىمكى سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق ئىزىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا 2000 يىلنىڭ ئالدىدىلا كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى بىرلىكتە يولغا قويغان ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ[1]. مۇھىمى، يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يەردە ياشىغۇچىلار ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان دېھقان، چارۋىچى، توقۇمىچى ۋە مېتال تاۋلىغۇچىلار بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇن ئۇلار دانلىق زىرائەتلەرنى، يەنى ئارپا، بۇغداي، تېرىق قاتارلىقلارنى تېرىپ ئۆستۈرگەن. بۇ تارىم ۋادىسىدا ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللاردا مۇشۇ رايوندا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىنى يېڭىلىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن كىشىلەر كۆپ ھاللاردا بۇ يەردىكىلەرگە ساپ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشاتتى، ئەمدى بولسا بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئەھۋالى شىنجاڭنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە قىلدى[2].

---

[1] ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، جاڭ يۇجۇڭ: «1993 - يىلىدىن بۇيانقى شىنجاڭ كېرىيە ئارخېئولوگىيىسىدىن قىسقىچە بايان»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1997 - يىللىق 3 - سان، 42 - بەت.

[2] كورىننې دېباشىني فرانكفورت (فرانسىيە)، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى يوقالغان بوستانلىق — جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ھەققىدە»، «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تارىخىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش» («فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقى»، 11 - قىسىم)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2006 - يىلى 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 57 - بەت.

## 2) بىناكارلىق ئۇسلۇبى

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە سەنئىتى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ قەدىمكى تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

1994 - يىلى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك چوڭ دېلتا رايونىدا يىل دەۋرى قارادۆڭ خارابىسىدىن بۇرۇن بولغان، تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق جايى — يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار بايقالدى. بۇ تۇنجى قېتىم بايقالغان خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي خارابىسى، شۇنداقلا نۆۋەتتە شىنجاڭدا بايقالغان شۇ دەۋردىكى بىردىنبىر ئولتۇراق ئۆي خارابىسى بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە مەنسۇپ بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئولتۇراق يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي خارابىسى ھېسابلىنىدۇ.

قارادۆڭ خارابىسى كىچىك قورغانلارنىڭ قورشىلىشىدىن تۈزۈلگەن كىچىك تىپتىكى شەھەر خارابىسى ئىدى. بىراق، يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىر مۇداپىئە تىپىدىكى قەدىمكى شەھەر بولۇپ، (ئېھتىمال سىياسىينىڭ مۇقىمسىزلىقى، سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئىنكاس قايتۇرۇش، چارۋىچى مىللەتلەردىن كەلگەن تەھدىت، بۇلاڭ - تالاڭ، ھۇجۇم قىلىش ياكى پەقەت بىر خىل سەزگۈرلۈك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولۇشى مۇمكىن) شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۆزىنى قوغدىشىدا يەنىلا گۇمان بار. نۆۋەتتە بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە ئامالسىزمىز. بىراق، پۈتۈن قۇرۇلۇشىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكىدىن، ئەينى چاغدا خېلى كۆپ ئادەم ۋە ماددىي

كۆچ سەرپ قىلىنغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شەھەر سېپىلى كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان بولۇپ، قۇرۇلۇش گەۋدىسىنىڭ ئېگىزلىكى 2 ــ 4 مېتىر، قېلىنلىقى 4 ــ 5 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلى سېغىز توپا بىلەن كېسەك قويۇلۇپ مۇستەھكەملەنگەن. بۇنداق قۇرۇلۇش ئۇسۇلى جۇڭگونىڭ توپىنى چىڭداپ تام ياساش تېخنىكىسى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. جەنۇبتىكى شەھەر قوۋۇقى كىچىك بىر دۆڭنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى دېڭىز يۈزىدىن 1160 مېتىر ئېگىز بولۇپ، بۇ خارابىلىكتىكى ئەڭ ئېگىز نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. قورغاننى قوغداش يۈزىسىدىن ياسالغان مەخپىي يول سېپىلنى كېسىپ ئۆتىدۇ. كىچىك يول بىر ياغاچ ئىشىك بىلەن ئېتىۋېتىلگەن. ئارخېئولوگلار ئۇ ياغاچ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىنى بايقىغان.

قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن قېزىلىپ تازىلانغان ئىككى يۈرۈش ئولتۇراق ئۆينىڭ ساقلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن لايىھىلەنگەن، يەنى ئالدى بىلەن توغراقتىن تەييارلانغان تۈۋرۈكلەرنى يەرگە رەتلىك ئورنىتىپ، ئۇنى ئۆينىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى قىلىپ، ئاندىن تۈۋرۈكلەرگە قومۇش بىلەن دەرەخ شاخلىرىنى چېتىپ توقۇپ، ئاخىرىدا كاكىل لاي بىلەن سۇۋىغان. بۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق لاي سۇۋاقلىق تام ھېسابلىنىدۇ. ئۆي ئىچىدە ئەينى ۋاقىتتىكى قارادۆڭلۈكلەر ئىشلەتكەن ئوچاق، مورا، سۇپا قاتارلىقلار ساقلىنىپ قالغان.

بۇ ئۆيلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، بۇ ئولتۇراق ئۆي ئاساسىي خانا ۋە يان ھۇجىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان بولۇپ، ئاساسىي خانا سۇپا ۋە ئوچىقى بار ياتاق ئۆي ھەم ئاشخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يان ھۇجرا بولسا تۇرمۇش

بۇيۇملىرىنى ساقلاش ئۆيى (قازناق) ۋە چارۋا ـ مال قوتىنى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

«بۇ تارقاق جايلاشقان ئىمارەت خارابىلىرى دەرەخ سايىسى قاپلاپ تۇرغان قانالنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ساتما ئۆيلەردىن ھاسىل بولغان كىچىك تىپتىكى ئولتۇراق ئۆي رايونى، بىر قىسىم قوۋۇق ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار بولغان ئىمارەتلەر ھەمدە گۈللۈك ۋە باغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، باغلارغا ئۈجمە، شاپتۇل ۋە ئۈزۈم تىكىلگەن. خەلق ئىشلىتىدىغان ياكى دىنىي مۇراسىملارغا ئىشلىتىدىغان ئۆيلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ياغاچ قۇرۇلمىلىق، لاي سۇۋاقلىق قوشام تام (ئىچى ياغاچ ياكى قومۇش بىلەن توقۇلۇپ، سىرتى لاي بىلەن سۇۋالغان) لىق ئىمارەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆي جاھازلىرىدىن يىپەك يولى تەۋەسىدىكى بۇيۇك ئالاقە دولقۇنى (مەسىلەن، سودا، ئىدېئولوگىيە ۋە دىن)نى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ياغاچ ئويما بۇيۇملار بىناكارلىقتا يۇنان ئۇسلۇبىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، پېرسىيەدىن (سۇرىيە) دىن باكتىرىيە، قەندىھارغىچە بولغان بۇ خىل ئۇسلۇب بىناكارلىق ۋە رەسساملىقتا زور تەسىر كۆرسەتكەن»[1].

يۇملاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە مۇكەممەل ساقلانغان ئولتۇراق ئۆي ئىزى بايقالمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ سېپىل قالدۇقلىرى ۋە سېپىل قوۋۇقلىرى ئۆزگىچە بولغان يەنە بىر خىل بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغان. سېپىل قالدۇقىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئىككى رەت قىلىپ

---

[1] كورىننې دېباشنې فرانكفورت (فرانسىيە)، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى يوقالغان بوستانلىق ـــ جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ھەققىدە»، «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تارىخىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش» («فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقى»، 11 ـ قىسىم)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2006 ـ يىلى 12 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى.

تېز ئۆرنىتىلگەن توغراق ياغىچى ئارىسىغا يۆلەنگەن شاخلىرىنى قاتمۇقات ياتقۇزۇش ئارقىلىق سېپىل تېمى ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، تامنىڭ سىرتىدا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ياكى توغراق شېخى ئارىسىغا لاي سۇۋالغان قوموش ۋە چارۋا ـ ماللارنىڭ قىغى قاتارلىقلارنى قىيپاش شەكىلدە دۆۋىلەشتىن ھاسىل قىلىنغان تام بۆلىكى بار. جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن شەرقىي سېپىلنىڭ شىمالىي قىسمىدا بىردىن قوۋۇق بار. جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ كۆلىمى چوڭراق بولۇپ، بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. قوۋۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى رەت تۈۋرۈك قوۋۇق كارىدورىنى شەكىللەندۈرگەن. جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ كېشىكى بىلەن توغراق ياغىچىدىن قۇراشتۇرۇلغان ئىشىكى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان. بۇ خىل سېپىل سوقۇش تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى شەھەر ـ قەلئە بەگلىكلىرىنىڭ قەلئە ـ قورغان قۇرۇلۇش بىناكارلىقىدىكى ئومۇمىيلاشقان بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئىدى.[1]

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ كۆلىمى قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ بولۇپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ياسىلىش ئۇسۇلىمۇ بىرقەدەر ئىپتىدائىي. كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بايقالغان، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ (ئېھتىمال غەربىي خەندىن بالدۇر بولۇشىمۇ مۇمكىن) بۇ قەدىمكى شەھەر — كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ۋە خوتەن ئارخېئولوگىيىسىدىكى مۇھىم بايقاش بولۇپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەھلىل قىلىنسا، خوتەننىڭ مەدەنىيەت تارىخى، بىناكارلىق تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيىدە ئەكس ئەتكەن بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە

---

[1] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 104 ـ، 106 ـ بەتلەر.

ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى دىنىي قۇرۇلۇشلاردا ئىپادىلەنگەن.
قارادۆڭ قەدىمكى شەھرىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ تەكشى يۈزى چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش قۇرۇلمىسىمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، لاي سۇۋاقلىق تام شەكلىنى ئاساس قىلغان، ئەمما تاملىرى ناھايىتى قېلىن. بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمى كۋادرات شەكىللىك بولۇپ، ئېھتىمال مەركىزىي مۇنار بولسا كېرەك. مەركىزىي مۇنارنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. توپىسى سېغىز توپا. ئاستىغا قويۇلغان ياغاچتىن قارىغاندا، ئىبادەتخانىنىڭ سېغىز توپىلىق ئىچكى ئايلانما كارىدورى مەركىزىي مۇنار بىلەن بىر گەۋدە بولۇشى مۇمكىن. مەركىزىي مۇنارنىڭ سىرتىدا ئىككى ئايلانما كارىدور بار.
كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىگە تەۋە قارادۆڭ قەدىمكى شەھرى بىلەن يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھرىدە بايقالغان ئولتۇراق ئۆي خارابىلىرىدىن بۇ قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا قارادۆڭ قەدىمكى شەھرى ئەتراپىدىكى ھەر خىل خارابە ئىزلىرىدىن جەمئىي 60 نەچچىسى بايقالغان؛ يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئەتراپىدىكى ھەر خىل خارابە ئىزلىرىدىن جەمئىي 40 نەچچىسى بايقالغان. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئولتۇراق ئۆينى ئاساس قىلغان. يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ھەقىقىدىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن 40 يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسىغىچە بولغان كىلومېتىرچە ئارىلىقتا 40 تىن ئارتۇق ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، خوتەن دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسى ئوتتۇرا

ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەنۇبتىن شىمالغا 110 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە 90 كىلومېتىر كېلىدىغان كەڭرى دائىرىدە ئالتە تۇركۇم مەھەللە ئىزىنىڭ بارلىقى ئېنىقلانغان[1]. بۇ ئولتۇراق ئۆيلەر قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى بىلەن يومىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى تەۋەسىگە يۆلتۇزلاردەك زىچ تارقالغان بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى شەھەردىكى مەركىزىي قۇرۇلۇش، ئىبادەتخانا ۋە دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىزلار، يەنى ئېرىق - ئۆستەڭلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەشكىل قىلغان.

3) قول ھۈنەرۋەنچىلىك

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيىدە ئەكس ئەتكەن ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكىللىرى ئىچىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ ھەم تۈرلىرىمۇ بىرقەدەر كۆپ.

كۇلالچىلىق — كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى. يومىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئىچىدىن يىغىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان جوغىلىق قىزىل رەڭلىك ساپال كومزەكلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكلى چابخا مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ شۇ خىل كومزەكلەرگە ئوخشايدۇ؛ لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۇل رەڭ ساپال قاچا بىلەن قارا رەڭلىك ساپال قاچىنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ.

يومىلاققۇم قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ئاز مىقداردىكى ساپال قاچىلار بولۇپ، ھەربىر قەبرىگە بىر - ئىككى دانىدىن قويۇلغان. يومىلاققۇم

---

[1] تۇمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 306 - بەت.

قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىكى A، B، D قەبرىستانلىقلىرىدىن قېزىۋېلىنغانلىرى ئاساسەن لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈل رەڭ ياكى قارا رەڭلىك ساپال قاچىلار بولۇپ، ئۇلار ئاغزى ياپپاڭ، قورسىقى قىيپاش كېلىپ، ئۈستى تەرىپى سەل قورۇلغان ئاياقلارنى ئاساس قىلىدۇ؛ H قەبرىستانلىقتا لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قارا رەڭلىك ساپال قاچا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما ئاز مىقداردا لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپال قاچىلارمۇ بار. ئۇلار ئاساسلىقى بىر قۇلاقلىق، ئاغزى ياپپاڭ ياكى جوغلىق ۋە قورساقلىق كومزەك، ئىۋرىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قوش قۇلاقلىق كومزەكتىن ئازراق بار.

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ساپال بۇيۇملار ۋە ئۇلارنىڭ تۈر، شەكىللىرى بۇ مەدەنىيەتكە قوشنا بولغان تارىم ۋادىسىدىكى باشقا بوستانلىقلاردا بارلىققا كەلگەن كۈلالچىلىق تېخنىكىسى ۋە سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى كروران ۋادىسىدىكى چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى، قەدىمكى كۈسەن، ئۇنسۇ بوزدۆڭ قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال بۇيۇملار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ[1] ھەم ئەينى دەۋر كۈلالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرىدىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن ئەتراپتىكى مۇھىتنى بەش قولدەك چۈشەنگەن. ئۇلار ئەڭ چوڭ چەكتە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ھەم ھەممە نەرسىنى ئۆز جايىدا ئىشلەتكەن. قارادۆڭگە ئوخشاش

---

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 ـ ئورنى — جۇڭگو ـ فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 ـ يىللىق 3 ـ 4 ـ قوشما سان، 30 ـ، 32 ـ بەتلەر.

ياغاچ ماتېرىيالىنى يېقىن ئەتراپتىكى توغراقلىقتىن كەلتۈرگەن، بۇ يەردىكى توغراقلارنىڭ ھەممىسى ياغاچ ماتېرىيالى قىلىنغان. يەنى، توغراقنىڭ غولى ئۆينىڭ ياغىچى قىلىنغان. ئوتتۇرىسى چېپىۋېتىلىپ جەسەت ساندۇقى قىلىنغان، كىشىلەر يەنە ئۇنىڭدىن ياغاچ ئاياق، پەتنۇس، ياغاچ سوغا، ياغاچ قۇتا، ئېگەر جابدۇقلىرى ۋە ئۆزەك ياسىغان.

قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن بايقالغان تاش ئۇرچۇق، ياغاچ ئۇرچۇق، ياغاچ تارغاق، ئاياق، كىچىك تىپتىكى مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان بېزەك بۇيۇملار ھەممىدە مارجان قاتارلىقلاردىن بۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىك شەكلىنىڭ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ يېتىلىپ، بېزەك بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ بارغانلىقىنى، بۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ياغاچ تارغاق، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان بېزەك بۇيۇم قاتارلىقلارنى ياساش تېخنىكىسىنىڭ مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 6. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيە

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيە قەدىمكى زاماندا كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى، يەنى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، ئىرق ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

### 1) دەپنە قىلىش ئادىتى

قەدىمكى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى ئۆزگىچە بولۇپ، يۇملاقۇم قەدىمكى

قەبرىستانلىقىدا قېزىلغان قەبرىلەر ۋە قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ جايدا ياشىغان ئاھالىلەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن شەھەرنىڭ سىرتىغا دەپنە قىلغان. بىرقانچە خىل دەپنە قىلىش ئادىتى مەۋجۇت بولغان، يەنى ئولاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقىغا دەپنە قىلىش، تىك ئازگاللىق لەھەتكە ئولاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى بىلەن دەپنە قىلىش، تىك ئازگاللىق توپا لەھەتلىك قەبرىلەر، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرە (بىۋاستە ئازگال كولاپ، ئاندىن ياغاچ ۋە قومۇشنىڭ غولى ياكى توقۇلغان يۇلغۇن چىۋىقلىرى ئارقىلىق يېپىلغان جەسەت ساندۇقى) قاتارلىقلار. دەپنە قىلىنىش ئەھۋالى ئۆلگۈچىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان. هازىرغىچە قېزىپ رەتلەپ چىقىلغان 40 قەبرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قەبرىلەر قۇم بوران ۋە قۇم كۆچۈش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نۇرغۇنلىغان توقۇلما بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ساقلىنىپ قالغان.

يۇملاققۇم قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى دەپنە قىلىش شەكلى ۋە ئادەتلىرى نۆۋەتتە بىز ئىگە بولغان كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى توغرىسىدىكى تۇنجى ئۇچۇر بولۇپ، هازىرغىچە شىنجاڭ تەۋەسىدە بايقالغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ دەپنە قىلىش شەكلى ۋە ئادەتلىرىنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ[1].

2001 - يىلى يېڭىدىن باشلانغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىدە، بىر تۈركۈم بىجىرىم ساقلانغان قەبرىلەر بايقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم قۇرۇپ كەتكەن مۇمىيالار بار ئىدى. مۇمىياغا كىيىم كىيدۈرۈلۈپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، پۇتى

---

[1] ئەكبەر نىياز: «شىنجاڭدىكى دەسلەپكى دەۋرلەردىكى قەبرىلەر توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2001 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان.

پۈكۈلۈپ، ئىككى قولى قورساق قىسمىغا قويۇلغان، بېشىغا ياستۇق قويۇلغان، باش كىيىمىنىڭ بوغقۇچى ئېڭىكىگە چىگىلگەن، يۈزى ئاخىرەتلىك كىيىم بىلەن يېپىلغان. مۇمىيالارغا بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان كۆڭلەك، ئۇزۇن ئىشتان ياكى يوپكا كىيدۈرۈلگەن، پۇتىغا ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. مۇمىيالارنىڭ ھەممىسىگە پەي ياكى ئەينەك مارجاندىن ياسالغان بېزەكلەر تاقالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە دەپنە قىلىنىشى ئالاھىدە بولغان ئۈچ مۇمىيا بار. بىرى، ياشىنىپ قالغان ئايال بولۇپ، يۈزى بويالغان، بېشىغا بىر دانە مىس تاج قادالغان ئېگىز بۆك كىيدۈرۈلگەن، بۆكنىڭ ئەڭ ئۈستىدە تۆمۈردىن ياسالغان ئۇچلۇق بىر نەرسە بار. يەنە بىرى ئەر بولۇپ، ئۇچىسىغا بويالغان كۆنلەرنى چاپلاپ بېزىگەن بىر تېرە چاپان، كىچىك گۈل كەشتىلەنگەن يوللۇق ئىشتان كىيدۈرۈلگەن. مۇمىيالارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىكى بۇ خىل گۈل نۇسخىلار ئاھمانىدلار ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، يايلاق ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن. ئۈچىنچىسى كىچىك بالىنىڭ جەسىتى.

## 2) دىنىي ئېتىقادى

كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە ھازىرغىچە ئىگە بولغان بىردىنبىر ماتېرىيال قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خارابە ئىزنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئارقىلىق ئىگە بولغان ماددىي يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، بۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر ئەينى دەۋردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى يۈكسەك روھىي ئىنتىلىشلىرى ۋە ئەقىدىلىرى تەسىرىدىن ناھايىتى ھەشەمەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ياسىغان ھەم بۇ ئىبادەتخانىلارنى ئەينى دەۋردىكى ئەڭ يۈكسەك ئورۇندىكى قۇرۇلۇش سۈپىتىدە بېزەپ چىققان.

ھالبۇكى، قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن ئىگە بولغان بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماددىي پاكىت ۋە ئۇچۇر بىزنى بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

گەرچە، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن ھازىرغىچە دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرىگە ئائىت ئىزلار بايقالمىغان بولسىمۇ، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ قۇملۇقنىڭ مەركىزىگە يۇمىلاق ھالەتتە سېلىنىشى (كېيىنكى چاغلاردا شەھەرنىڭ سېپىل تاملىرىنى شامال يالاپ ئۆپىرىتىۋەتكەن بولغاچقا، سەل سوقىچاق ھالەتكە كىرىپ قالغان) ۋە ئۇنىڭ نامى، بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ يىل دەۋرى ۋە ئىجتىمائىيىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر بىزنى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە يېتەكلەيدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يۇمىلاق شەكىللىك شەھەر تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇياشنى سىمۋول قىلغان شامانىزم ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە بەرپا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، تارىم ۋادىسىدا 20 دىن ئارتۇق يۇمىلاق شەكىلدىكى شەھەر ئىزلىرى بايقالغاندىن سىرت، كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدا ياغاچ قوزۇقنى يۇمىلاق قېقىپ ياسىغان «نۇر چېچىۋاتقان قۇياش» نىڭ شەكلى چىقىرىلغان. قەدىمىي قەبرىلەر توپى (دەۋرى بۈنىڭدىن 3800 يىل ئىلگىرى)، خېجىڭ ناھىيىسى چابغا جىلغىسىدىكى تاشلارنى يۇمىلاق تىزىپ ياسالغان قەبرىلەر، قۇمۇل يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىكى تاشلار بىلەن يۇمىلاق شەكىل چىقىرىلغان قەبرىلەر (3000 يىلدىن يۇقىرى) بار. يەنە قۇياشقا ئوخشاش يۇمىلاق شەكىللەر چىقىرىپ ياسالغان، قۇياشقا سىمۋول قىلىنغان ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىمۇ بار. شامانىزم ئېتىقادىدا «قۇياش»

ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ھاياتلىققا ئىرىشتۇرگۈچى تەڭرى دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇياشقا ئېتىقاد قىلىش، يۇمىلاق شەكىلنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىگە ئوخشاش ئەڭ دەسلەپكى شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان[①]. تارىم ۋادىسىدىكى ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىپادىلىرى بولسا، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ۋەكىللىكىدىكى نىيا قەدىمكى شەھىرى، ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق يۇمىلاق شەكىللىك شەھەر خارابىلىرى ئۇنىڭ ماددىي مەدەنىيەتتىكى ئەكس ئېتىشى ئىدى، ناۋادا يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنى بىنا قىلغانلار كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر بىلەن دەۋرداش بولمىسا، ئاڭ سىستېمىسى ۋە ئالەم چۈشەنچىلىرى جەھەتتە ئۇلارغا ئورتاقلىشىدىغان ئىدىيىنى ئۆز بىناكارلىقىغا سىڭدۈرەلمىگەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا شەھەر قۇرۇشىمۇ مەلۇم ئاسترونومىيە چۈشەنچىلىرىنى[②] ھەم مۇئەييەن دىنىي ئېتىقادلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

### 3) ئىرق - ئانتروپولوگىيە مەسىلىسى

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن ھازىرغىچە قەدىمكى قەبرىستانلىق تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىرق ئالاھىدىلىكى توغرۇلۇق ھۆكۈم قىلىشقا بالدۇرلۇق قىلىدۇ. بىراق، قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان تىل - يېزىققا ئائىت ماتېرىياللار ۋە يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى

① جۇمەنىياز تۇرسۇن، مەتكېرىم ئىسمايىل: «خوتەندىكى قەدىمكى ئىزلار (5) — كېرىيە دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى شەھەر - ئولتۇراق جاي ئىزى»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 2 - سان، 103 - بەت.

② ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 318 -، 319 - بەتلەر.

قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەر ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ، كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىرق ئالاھىدىلىكى توغرۇلۇق بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى ھەققىدىكى يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولغان ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، 1990 - يىلى ئارخېئولوگلار قارادۆڭ خارابىسى يېنىدىن بىر دانە «تارىشا پۈتۈك»نى تاپقان. ئۇزۇنلۇقى 23.7 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12.3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.4 – 1.8 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ تاختاينىڭ ئىككى يۈزى تىغ بىلەن قالايمىقان چانالغان ھەم شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن. مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئەينى دەۋردىكى كىشىلەر تاماق ئېتىشتە ئىشلەتكەن دۆشە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان، توغراق ياغىچىدىن ئۆلچەمسىز ياسىلىپ، بىر بۇرجىكىگە تۆشۈك ئېچىلغان بۇ تاختاينىڭ ئالدى يۈزىنىڭ ئۈك قاسنىقىغا 10 قۇر قەدىمكى يېزىق يېزىلغان بولۇپ، خەتلەر ئۆچۈپ قارا رەڭنىڭ ئىزنالىرىلا ساقلىنىپ قالغان. مۇتەخەسسىسلەر گەرچە ئۇنىڭدىكى خەتنى ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەدىمكى «ئۇدۇن يېزىقى» ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان[1].

ئۇدۇن تىلى ئۆلگەن تىللارنىڭ بىرى بولۇپ، تارىم ۋادىسىدىن بايقالغان ئىككىنچى چوڭ تىل گۇرۇپپىسى — ساك تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە. بۇ تىلغا دائىر ماتېرىياللار دەسلەپ بايقالغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن. گېرمانىيىلىك تىلشۇناس لېماننى بۇ خىل تىلنى «شىمالىي ئارىيان تىلى» دەپ ئاتاپ، ھىندى ۋە ئىران تىلىدىن باشقا ئۈچىنچى خىل ئارىيان تىلى دەپ قارىغان. كېيىنچە فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت بۇ خىل تىلنىڭ ئىران

---

[1] ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 309 - بەت.

تىلىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى بايقىغان، شۇنىڭ بىلەن «شەرقىي ئىران تىلى» دەپ ئاتىغان. ئەڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىلىك تىلشۇناس خې. لۇدېرس بۇ خىل تىلنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىللىرىنىڭ شەرقىي قىسىم دىئالېكتىدىكى ساك تىلىغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، 1913 - يىلى نەشر قىلدۇرغان بىر كىتابىدا بۇ تىلنى «ساك تىلى» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ نام ئىلىم ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىغان.

ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىقى — براھمى يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاساسەن تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىدىكى بارچۇق، ئۇدۇن، كېرىيىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن ھەم دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردىن قېزىۋېلىنغان. نۆۋەتتە ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى ئالىملار، جۇملىدىن لىن مېيسۇن ئەپەندى ئۇدۇن، سۇلى (كاشغەر) ۋە ئۆزۈنتاتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل دىئالېكتقا ئايرىپ چىقتى. ئۇدۇن تىلى بولسا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خوتەن دەرياسى ساھىلىغا تارقالغان، ئۆزۈنتات تىلى بولسا خوتەننىڭ شەرقىدىكى كېرىيە دەرياسى ساھىلىغا، سۇلى تىلى بولسا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كاشغەر دەرياسى (قىزىل دەريا) ساھىلى (تۇمشۇق ئەتراپى) غا تارقالغان[1].

قەدىمكى ئۇدۇن تىلى — قەدىمكى ئۇدۇن ساك تىلى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىرلەردە ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ساكلارنىڭ تىلى بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بولغان تىل بولۇپ، بۇ تىل ئاساسلىقى قەدىمكى خوتەن ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان قىسمەن جايلارغا تارقالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تىل بىلەن يېزىلغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى قەدىمكى خوتەن رايونىدىن تېپىلغان بولغاچقا، ئالىملار بۇ تىلغا «قەدىمكى

---

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 - يىلى 5 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 384 - بەت.

خوتەن ساك تىلى» دەپ نام بەرگەن. بۇ تىلدىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 7 — 10 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ[1].

قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان تىل - يېزىق ماتېرىياللىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار قەدىمدە قارادۆڭدە ياشىغان خەلقنىڭ قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئۇدۇن ساكلىرى ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئادەم سۆڭىكى ئەۋرىشكىلىرىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى پروفېسسور پەن چىفېڭ باھالاپ بېكىتتى. ئۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان تۆت جەسەتنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ شەكلىنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق دەسلەپكى خۇلاسىنى مۇنداق چىقاردى: ئۇلار قاڭشارلىق، بۇرنى بىلەن قاش قىرى خېلى تەرەققىي قىلغان، ياڭاق سۆڭىكى نىسبەتەن تارراق، كۆز چانىقى تەكشى، يۈزى كەڭ بولۇڭلۇق، ئۇلارنىڭ ئىرق ئالاھىدىلىكى كافكاز ئىرقىغا تەۋە بولۇشى كېرەك[2].

1988 - يىلىدىن باشلاپ جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ، تارىم ۋادىسىدىكى تۇرپان (سۇ بېشى، يارغول قەبرىستانلىقى)، لوپنۇر (كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى جىلغا قەبرىستانلىقى)، كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى

[1] گېڭ شىمىن: «قەدىمكى خوتەن ساك تىلى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 2004 - يىللىق 2 - سان، 96 - بەت.

[2] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 - تەتقىقات ئورنى — جۇڭگو - فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 35 - بەت.

(يۇمىلاقۇم قەدىمكى شەھىرى قەبرىستانلىقى) قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەر ئۈستىدە DNA تەجرىبىسىنى ئىشلەپ، تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى ئاھالىنىڭ موڭغۇل ئىرقى بىلەن شالغۇتلاشقان ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپلۇقىنى، لوپنۇر ۋادىسى ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ساپ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپلۇقىنى ئىسپاتلىدى[1].

ھالبۇكى، كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مەخسۇس تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، 2001 - يىلى يۇمىلاقۇم قەدىمكى شەھىرىدىن بايقالغان مۇمىيا بىلەن ئالتايدىكى تۇز قەبرىدىن تېپىلغان ساك مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ مۇمىيانىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، يۇمىلاقۇم قەدىمكى شەھىرىدىكى ئاھالىلەر ئارىلاشما قانلىق ياۋروپا قان سىستېمىسىنى ئاساس قىلغانىكەن. بىر قىسىم مۇئەللىپلەر بۇ شىنجاڭدىكى «كافكاز» مۇمىيالىرىنى توخرى تىلىدا سۆزلىشىدىغان ھىندى - ياۋروپا مىللىتىنىڭ ۋەكىلى، ئۇلار برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 400 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 300 - يىللار) ياكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1000 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە) دا غەربتىن تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن، دەپ قارىشىدۇ[2]. بۇ بىر ئىلمىي پەرەز بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

---

[1] «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى»نىڭ 2002 - يىلى 27 - دېكابىردىكى سانى («شىنجاڭنىڭ قەدىمكى DNA تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ئىلگىرىلەش» ناملىق ماقالە) غا قاراڭ.

[2] كورىنىنې دېباشىنې فرانكفورت (فرانسىيە)، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى يوقالغان بوستانلىق — جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ھەققىدە»، «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تارىخىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش» («فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقى»، 11 - قىسىم)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2006 - يىلى 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.

4) مەدەنىيەت ۋە سەنئەت

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە مەدەنىيەت - سەنئەت ئامىللىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدە ئىپادىلەنگەن رەسساملىق سەنئىتى بىلەن يۇمىلاققۇم قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدە نامايان بولىدۇ.

رەسساملىق سەنئىتى — قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرىدىكى ئىككى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تازىلاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدىكى مەركىزىي مۇنارنىڭ سىرتقى تېمى بىلەن ئايلانما كارىدور تېمىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى يۈزىگە تام رەسىملىرى سىزىلغان بولۇپ، بەزى تام رەسىملىرى ناھايىتى ئېنىق ساقلىنىپ قالغان.

ئىككى ئىبادەتخانىنىڭ تېمىغا ئۆرە تۇرغان بۇددانى مەركەز قىلغان ۋەقەلىكلەر سىزىلغان. بۇلاردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم ئولتۇرغان بۇددا رەسىممۇ سىزىلغان. گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان رەسىم ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيدىكى ياغاچلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ تام رەسىمىنىڭ ئۇستىلىكى قىسىمىغا سىزىلغان ئوي - خىيالغا پاتقان كىچىك بۇددانىڭ رەسىمى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. رەڭ ئارقىلىق بۇددانىڭ قىياپىتى ۋە بۇددانىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. ئىبادەتخانا A دا بۇددانىڭ رەسىمىنىڭ ئارقىسىغا بۇدھى دەرىخى مەنزىرە قىلىنغان. ئىبادەتخانا A (N61 - نومۇرلۇق) دا، ئاق (گەج)، قارا (قارا ئالابۇن تېشى) قىزىل (گىل) ئىشلىتىلگەن. ئىبادەتخانا B (N62 - نومۇرلۇق) دا يەنە بىر خىل ئوچۇق كۆك رەڭ (لازۇرىت)

ئىشلىتىلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەممىشە ئۇچرايدىغان بۇ خىل رەڭلەر بىز ھازىرغىچە جۇڭگودا بايقىغان ئەڭ بۇرۇن ئىشلىتىلگەن رەڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىبادەتخانا A دا ھىندى سەنئىتى ئەندىزىسى ئىنتايىن كۆچلۈك. مەسىلەن، بۇددانىڭ كۆلۈمسىرەۋاتقان ۋە تولغان چاسا يۈزى، كىچىك بۇدۇرسىمان چېچى ھەمدە يېرىم يۇمۇلغان ئۆرۈكسىمان كۆزى (مىرەندىكى كۆزنى يوغان ئېچىپ تۇرغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ) قاتارلىقلار. ئىبادەتخانا B دا، سىرتقى تام سېغىز قېلىپتا قۇيۇلغان، تام بېزەكلىرى بىلەن بېزەلگەن. بۇ خىل ھىندى ئۇسلۇبى بىلەن باشقا ئىلھاملارنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن پەيدا بولغان ئۇسلۇب يەرلىك سەنئەت مەنبەسىنىڭ مۇرەككەپلىكى ھەمدە ئۇنىڭدىكى بۇرۇلۇش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن، بۇ خىل يەرلىك سەنئەت ئەسلىدىلا ئىنتايىن ئېلىشاڭغۇ ئىدى. مەسىلەن، بىز ئۇچراتقان دىندىن خالىي ۋە بېزەكسىمان گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىدە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بار ئىدى[1].

قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى بۇددا رەسىملىرى بىر تەرەپتىن يەرلىك رەسساملارنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ماھارىتىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى كىشىلەرنىڭ تارىم ۋادىسى بوستانلىقلىرىدىكى بۇددىزم ئېتىقادى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ئاپىرىدە بولغان ماكانى ھىندىستان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەندىھار بۇددىزم سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

[1] كورىننې دېباشىنې فرانكفورت (فرانسىيە)، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى يوقالغان بوستانلىق — جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ھەققىدە»، «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تارىخي ئەسلىگە كەلتۈرۈش» («فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقى»، 11 - قىسىم)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2006 - يىلى 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 52 -، 54 - بەتلەر.

كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى — يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يۇملاققۇم قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى چىرىپ كەتكەن، ئاز ساندىكى ياخشىراق ساقلانغانلىرى ئورا كۆز، قاڭشارلىق، كۆپ ئۆرۈملىك ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى روشەن. جەسەتلەرنىڭ ئۇچىسىغا يىرىك، سىپتا توقۇلغان يۇڭ توقۇلما كىيىملەر، سىرتىغا تېرە چاپانلار كىيدۈرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ باش كىيىمى بىلەن بەلۋاغلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان. توقۇلمىلار تۈز يوللۇق ۋە قىيپاش يوللۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، ئۈستىگە رەڭدار گېئومېتىرىيىلىك گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان. كىيىم - كېچەكلەردىن بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغانلىرىنىڭ رەڭلىرى ئوچۇق بولۇپ، يېڭىدەكلا كۆرۈنىدۇ.

## 7. كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى

كېرىيە دەرياسى قاراقورۇم تېغىدىن باشلىنىدۇ. ئەينى دەۋردە ئۇنىڭ دەريا جىلغىسى بۈگۈنكىگە ئوخشاش تېرىقچىلىق ئىگىلىكىگە ماس كەلمەيتتى. شۇڭا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ ھايات كەچۈرىدىغان ئاھالىلەر دەريا ۋادىسىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ يېرىم قۇملاشقان رايون بولۇپ، قۇم دۆۋىسى ۋە سازلىقلار كەڭ تارقالغان. سازلىقتا قومۇش، توغراق ۋە يېكەنلەر ئۆسكەن. بۇ يەردە ئەينى دەۋرگە مەنسۇپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە قۇرۇلۇش ئەنئەنىسى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئەنئەنىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قەدىمكى دەۋردىكى ئاھالىلەرنىڭ قانداقلارچە مۇشۇنداق مۇھىتتا ئولتۇراقلىشىپ، داۋاملىق ياشاپ كەلگەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. قاتمۇقات قۇملۇقلارنى كېسىپ ئۆتكەن، ئاللىقاچان قۇرۇپ

كەتكەن بۇ دەريا ۋادىسى بۇرۇن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي يولىنى، شۇنداقلا ئۇدۇن بىلەن كۇسەندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بوستانلىقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.

گېئولوگىيىلىك ھەرىكەت ۋە ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى تۈپەيلىدىن تەدرىجىي قۇملىشىپ كەتكەچكە، دەريا ئېقىنى بىرقانچە ئەسىر داۋامىدا تەدرىجىي ھالدا ئېقىن ئۆزگەرتىپ، غەربىي شىمال - شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىگە قاراپ ئاققان. دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىش ئىزىنى سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتتىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بۇ سۈرەتلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە نەق مەيداندا ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كېرىيە دەرياسى دېلتىسىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن ھازىرغىچە بولغان ئۈچ باسقۇچتىكى تەرەققىيات جەريانىنى قايتا نامايان قىلىپ بەردى. بىرىنچى باسقۇچ: تارىختىن بۇرۇنقى دەۋر (تۆمۈر قوراللار دەۋرى). بۇ دەۋردە يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى دېلتىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ھەممە يەرنى قۇم قاپلاپ كەتكەن. ئىككىنچى باسقۇچ: خەن، ۋېي، ئىككى جىن دەۋرى (مىلادىيە 3 — 4 - ئەسىر). بۇ دەۋردە قارادۆڭ قەدىمكى شەھىرى دېلتىسىدىكى دەل - دەرەخلەر ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن، يىلتىزلىرى شامالدا يىمىرىلىپ يىگىنىسىمان بولۇپ قالغان. ئۈچىنچى باسقۇچ: نۆۋەتتىكى دەريا بويىدىكى دىلتا رايونى، قۇملۇقتىكى بىر پارچە بوستانلىقتىن ئىبارەت[①].

---

[①] كورىنىنىي دېباشىنى فىرانكفورت (فرانسىيە)، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى يوقالغان بوستانلىق — جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ھەققىدە»، «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تارىخىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش» («فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقى»، 11 - قىسىم)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2006 - يىلى 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 50 - بەت.

كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ئېكولوگىيىسى ھەققىدە توختالغاندا، چوقۇم كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېشىل كارىدورغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. كېرىيە دەرياسى قەدىمكى زاماندا تارىم دەرياسى بىلەنمۇ قوشۇلغان. ھازىر ئۇنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا پەس دېلتا ساقلىنىپ قالغان، بۇ دېلتا كېرىيە دەرياسى (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جيەندېلى دەرياسى دېيىلگەن) نىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئۇزۇن زامان يالىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ دېلتا ھازىر شايار ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا 150 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلاشقان. كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بۇ يېشىل كارىدور خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ قاتناشتىكى ئۇدۇل يول ئىدى.

تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى توغرۇلۇق تارىخىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە چوڭقۇر ئىزدەنگەن ئېلىمىز ئالىملىرىدىن يىن چىڭ ئەپەندىنىڭ خوتەن سۇ سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى بوستانلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بىزنى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى توغرىسىدا ئەتراپلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «دەسلەپتە، ئەرش سانغۇن لى گۇاڭلى فەرغانىگە ھۇجۇم قىلغان، ئۇ يەنە ئۇزۇنتاتتىن ئۆتكەندە، ئۇزۇنتات شاھزادىسى لەيدەن كۇسەندە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. لى گۇاڭلى كۇسەننى ئەيىبلەپ: «چەت ئەلنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە قارام تۇرسا، كۇسەنىنىڭ ئۇزۇنتات ئادىمىنى تۇرغاق قىلىۋېلىشقا نېمە ھەققى بار؟ دەپ، لەيدەننى پايتەختكە ئېلىپ كەتكەن» دېيىلگەن. ئەگەر كېرىيە دەرياسىنىڭ بويىدىكى بۇ ئۇدۇل يول بولمىغان بولسا، لى گۇاڭلى قانداق

قىلىپ كۆسەن بىلەن تېز ئۆچرىشالايتتى ۋە لەيدەننى بىللە ئېلىپ پايتەختكە قايتالايتتى. قەدىمكى دەۋردىكى دەريا، يەنى كېرىيە دەرياسى ئۆزۈنتات بوستانلىقىنىڭ مەركىزىدىكى ئاھالە توپلاشقان جايدا ئەمەس، ئۇنىڭ شەرقىي يېنىدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى ئېقىندا ئېقىنى توسۇپ سۇ باشلىغۇچىلار ئاز بولۇپ، سۇنىڭ كۆپ قىسمى تۆۋەن ئېقىنغا يېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، شايارنىڭ جەنۇبىغا كەلگەندە كېرىيە دەرياسى بىلەن قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ پەيدا قىلغان يېشىل كارىدورمۇ قۇملۇقنىڭ ئىككى بېشىنى تۇتاشتۇرالىغان. قىزىقارلىقى شۇكى، كېرىيە دەرياسى ئېقىنىنىڭ يالىڭاچلىنىشىدىن ھاسىل بولغان پەس دېلتا غەربىي جەنۇبقا يۈزلەنگەن بولۇپ، خوتەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى قوبۇل قىلغاندەك قىلىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ماركوپولو خوتەننىڭ شەرقىدىكى پېيىن (pein) ئايمىقىغا بارغاندا: «پۈتۈن ئايماقنى توغرىسىغا كېسىپ ئاقىدىغان بىر دەريا بار ئىكەن. دەريا قىنىدا مول قاشتېشى رۇدىلىرى ساقلىنىۋېتىپتۇ» دېگەن. شەكسىزكى، بۇ كېرىيە دەرياسىغا قارىتىلغان. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن خې نىڭ يازغان «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە: كېرىيە دەرياسى «شىمالغا قاراپ 390 چاقىرىم يىراقلىققا بارغاندا چوڭ دەرياغا قوشۇلىدۇ» دېيىلگەن. كېيىن شۈي سۇڭنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» ناملىق ئەسىرىدىمۇ كېرىيە دەرياسى «شىمالغا قاراپ 300 چاقىرىم ئېقىپ چوڭ دەرياغا قوشۇلىدۇ» دېيىلگەن. ئارىدىن 100 يىل ئۆتكەندە يېزىلغان «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دە «ئۇدۇن تەزكىرىسى» دىكى بايانىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، باشقىچە قاراشتا: «كېرىيە دەرياسى قۇملۇققا بارغاندا قۇمدا كۆمۈلۈپ قېلىپ، كۆچانىڭ جەنۇبىي چېگراسىغا

يېتىپ بارالمىغان» دېيىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كېرىيە بوستانلىقىنىڭ ئېچىلىشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ دەريانىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنلىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە باشلاپ كېتىلگەچكە، ئېقىن مۇساپىسى پەيدىنپەي قىسقىراپ كەتكەن.

1896 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن كېرىيە دەرياسى بويىدىن تارىم دەرياسىغا تەخمىنەن 340 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتىكى لاگېردىن يولغا چىقىپ، 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ «ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى سەپەر خاتىرىسى»دىكى بايانىدىن قارىغاندا، ئۇ چاغدا كېرىيە دەرياسىنىڭ ئېقىن مۇساپىسى ھازىرقىدىن ئۇزۇن ئىكەنلىكى ئېنىق. سۋېن ھېدىن يول ئۈستىدە ھەممە يەردە قورقۇنچلۇق قۇمنى ئۇچراتقان ئەمەس، ئالدىنقى قىسىمدا ئورمان، ئوتلاق، ئېقىن سۇ ئۈزۈلمىگەن، ئاخىرقى قىسىمدا گەرچە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا دەل - دەرەخ، قومۇش بولۇپ، «ئاخىرى قويۇق قەدىمكى ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەن». 2 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى خاتىرىسىدە: «دەريا قىنىنىڭ قانداقسىگە تەدرىجىي كىچىكلەپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق، ئەمدى بىزگە كۆرۈنگىنى ناھايىتى شالاڭ بىر قانچە تۈپ ئاق تېرەكلا بولۇپ قالدى» دېگەن. ئەينى ۋاقىتتا سۋېن ھېدىن كۆرگەن سۇ ئېقىنى يوقالغان جاي تارىم دەرياسىغا تەخمىنەن 130 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىكەن. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە يەنە: «2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا كونا دەريا ئىزىنى يەنىلا پەرق ئېتەلىدۇق» دېگەن. ئۇنىڭ ماڭغان سۈرئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرى تارىم دەرياسىغا تەخمىنەن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغان. قۇرۇق

دەريانىڭ كونا ئىزىدىن ئەينى ۋاقىتتا كېرىيە دەرياسىنىڭ قىسقىرىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

1986 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ قۇملۇق تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە ئىتتىپاق گېرمانىيىسى بېرلىن ھۆرلۆك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە قۇملۇق تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكلىماكان قۇملۇقىنى تەكشۈرگەندە، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، قۇملۇقنىڭ مەركىزىگە 263 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەن. ئۇلار كېرىيە دەرياسى بىلەن كۆكەرگەن بۇ قۇملۇق — كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېلتا ئەينى ۋاقىتتا تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق ئىدى[1].

1990 - يىلى «كېرىيە دەرياسى ۋە تەكلىماكاننى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» دىكى خادىملار كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلارنى تەكشۈرگەندە، بۇ دەريانىڭ غەربىي قاسنىقىدىكى كونا دەريا قىنىنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىدىن ئەۋرىشكىلەرنى يىغىپ (توغراق قاقشىلى ھەم قۇم لاتقىلىرى)، كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن. تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، «كېرىيە دەرياسى كونا دېلتا رايونىنىڭ يۇقىرىسىدىكى كونا دەريا قىنىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بۇنىڭدىن 3100 يىللار ئىلگىرى ساھىل توغراقلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئەي بولۇش، يېتىلىش دەۋرى شەكىللەنگەن»، «بۇ جايلاردا قۇملىشىشنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى بۇنىڭدىن 280 ± 3830 يىللار ئىلگىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، قۇملىشىش سۈرئىتى غەربتىن شەرققە سۈرۈلگەنسېرى ئاستىلاش خۇسۇسىيىتى تەدرىجىي كەسكىنلىشىپ،

---

[1] يىن چاڭ: «خوتەن سۇ سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بوستانلىقلارنىڭ گۈللىنىش - خارابلىشىشى توغرىسىدا تارىخىي تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1988 - يىللىق 2 - سان، 141-، 144 - بەتلەر.

بۈنىڭدىن 80 ± 1920 يىللار ئىلگىرىدىكى مەزگىللەرگە كەلگەندە بۇ رايوننى ھازىرقى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغان.»[1]

كۆرۈش مۇمكىنكى، بۈنىڭدىن 3000 – 4000 يىل ئىلگىرى ھازىرقى يۈمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەتراپى ھاۋاسى مۆتىدىل، يېرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، دەل - دەرەخلىرى ياشىرىپ تۇرغان بىر ماكان ئىدى. مۇشۇ قەدىمكى ھاياتلىق بۆشۈكىدە ئاپىرىدە بولۇپ ئايىنىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا ئىككى قاسىنىقى توغراقلار بىلەن باراقسانلىشىپ تۇرغان ئانا دەريا (ئەڭ دەسلەپكى كېرىيە دەرياسى) نىڭ شەرقىي قاسىنىقىدىكى بوستانلىق ۋادىلاردا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ مەھەللە - كەنتلەرنى شەكىللەندۈرگەن ھەم كېيىنچە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل شەھىرى — يۈمىلاققۇم شەھىرىنى قۇرۇپ چىققان. مىلادىيەدىن 11 ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىن باشلاپ كېرىيە دەرياسىنىڭ باش تەرىپى (قاراقورۇم تاغلىرىدىكى باشلىنىش مەنبەسىدىن) دىن تۆپىراقنىڭ قۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غەيرىي خىمىيىلىك لاتقىلارنىڭ ئېقىپ كېلىشى سەۋەبلىك، يۈمىلاققۇم شەھىرى رايونى قۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. يۈمىلاققۇم ئاھالىسى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىر ئىچىدە سۇغىرىش سىستېمىلىرىنى قۇرۇپ، ئىھاتە ئورمان بەلۋاغلىرىنى بەرپا قىلىپ (يۈمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن ئەينى دەۋر كىشىلىرى ئىلمىي ئۇسۇلدا چانىغان توغراق شاخلىرى كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ ئۆز دەۋرىدە دەل - دەرەخلەرنىڭ سۇنئىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىنغانلىقىنىڭ ئىسپاتى)، تۆپىراقنىڭ قۇملىشىشىغا قارشى تۇرغان. تۆپىراقنىڭ، بولۇپمۇ دەريا

---

[1] جۇ شىڭجيا: «‹كېرىيە دەرياسىنىڭ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلغانلىقى› ئۇستىدە ئىزدىنىش»، «كېرىيە دەرياسى ۋە تەكلىماكاننى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى»، جۇڭگو پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 45 - بەت.

ساھىلىدىكى رايونلارنىڭ داۋاملىق قۇملىشىشى نەتىجىسىدە، دەريا قىنىمۇ يەر شەكلىنىڭ غەربى ئېگىز، شەرقى پەس بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىپ، تەدرىجىي ھالدا شەرق تەرەپكە سۈرۈلۈپ ماڭغان. نەتىجىدە ئەسلىدىكى يۇمىلاقۇم شەھىرىنىڭ غەربىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كېرىيە دەرياسى كېيىنچە ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپ شەھەرنىڭ شەرقىگە قاراپ ئېقىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۇمىلاقۇم رايونىدىن بارغانچە يىراقلاپ كەتكەن. شەھەرنىڭ غەربىدىكى كونا دەريا قىنىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، دەسلەپ شەھەرنىڭ غەربىي قاسنىقىدىكى بوستانلىق ۋادا، كېيىنچە شەرقىي تەرىپىدىكى ئېدىرلىقلار قاقاسلىشىپ قۇملۇققا ئايلىنىشقا باشلىغان. بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىدىمۇ ئېغىر بۇزۇلۇش بولغان. قۇرغاقچىلىق، قۇم بوران ئاپىتى دەستىدىن ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، يۇمىلاقۇم خەلقى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى يېڭى دەريا ئېقىمى بويلىرىدا شەكىللەنگەن ياش بوستانلىق كارىدورى ئارىسىغا كۆچۈپ، قارادۆڭ شەھىرىنى قۇرۇپ چىققان؛ شۇنىڭدىن كېيىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىر ئەتراپىدا) يۇمىلاقۇم شەھىرى تاشلىنىپ قالغان[1].

## 8. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ قوشنا جايلار مەدەنىيىتى بىلەن بولغان باغلىنىشى

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى خارابە - ئىزلار ۋە قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان

[1] ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى 10 - ئاي ئۆيغۇرچە نەشرى، 319 -، 320 - بەتلەر.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا جايلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىنى نامايان قىلىدۇ.

يۇملاققۇم قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا تازىلانغان ئالتە ئۆرۈندىكى قەبرىستانلىقنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، A، B، D دىن ئىبارەت ئۈچ ئۆرۈندىكىسىدە ئاساسەن توغراق ياغىچىدىن ياسالغان ئۇلاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى بار بولۇپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرە ئاز. شامالنىڭ يىمىرىشى تۈپەيلىدىن، كۆپ ساندىكى ئۇلاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقلىرى ئېچىلىپ، يەر يۈزىگە چىقىپ قالغان، شۇنداقلا ئۇلار ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەچكە، جەسەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىجىرىم ئەمەس. شۇڭا، دەپنە قىلىش شەكلىنى ئېنىقلىماق بىرقەدەر قىيىن. قىسمەن قەبرىلەر مۇكەممەل ساقلانغان، مەسىلەن، DM9 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتنىڭ تىزى يېرىم پۈكۈلگەن ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان بولۇپ، بېشى جەنۇبقا، پۇتى شىمالغا قارىتىلغان. GM قەبرە بىرلا بولۇپ، تىك ئازگاللىق تۇپا لەھەتلىك بۇ قەبرە بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان. HM قەبرىلەر قەدىمكى شەھەردىن يىراقراق بولۇپ، شامالنىڭ يىمىرىشى تۈپەيلىدىن، جەسەت بىلەن ھەمدەپنە بۇيۇملار ئېچىلىپ قەبرە ئۈستىگە چىقىپ قالغان، جەسەتلەرنىڭ تېرىسى بىلەن ئېتى ساقلىنىپ قالغان، ئۈستىدە كىيىملىرى بار. بىراق، ئۇلار ئورنىدىن يۆتكىلىپ چېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىرمۇ جەسەت بىجىرىم ئەمەس. دەپنە قىلىش شەكلىمۇ ئېنىق ئەمەس. CM بىرلا قەبرە بولۇپ، ئىككى جەسەت بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى يۆنىلىشتە، پۇت - قوللىرى تۈز ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. بۇ قەبرىدىن ھەمدەپنە بۇيۇملار بايقالمىدى. 20 دىن ئارتۇق قەبرە

ئىچىدە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغىنى ئۈچ قەبرىلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى قەبرىدىكى جەسەتلەرنىڭ تىزى پۈكۈلگەن ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. قوشنا رايوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشتا مەلۇم بولغان دەپنە قىلىش شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتساق، جەسەتلەرنى تىزى يېرىم پۈكۈلگەن ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزغان ئەھۋال ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. چەرچەن ناھىيىسىدىكى ئىككى قەدىمكى قەبرىستانلىق، يەنى زاغۇنلۇق ۋە جاۋا ئېرىق قەبرىستانلىقلىرىدىكى دەسلەپكى مەزگىلگە مەنسۇپ قەبرىلەردە ئاساسەن جەسەتلەرنىڭ پۇت - قولى تۈز قىلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن قارىغاندا، A، B، D دىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇندىكى قەبرىلەردە ھەمدەپنە بۇيۇملىرىدىن كىچىككىرەك بېزەكلەر بولغاندىن سىرت، ئومۇمەن بىر - ئىككى دانىدىن ساپال ئاياق بايقالدى. بۇ ئاياقلار لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قوڭۇر ياكى قارا رەڭلىك بولۇپ، ئاغزى ياپىلاق، بوغما بويۇن، پۈكمە مۇرىلىك شەكىلدە. ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، يۇملاققۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن قېزىۋېلىنغان شۇ تىپتىكى بۇيۇملارنىڭكى بىلەن ئوخشاش. دېمەك، ئۇسلۇبى ئوخشاش ئاياقلار چەرچەن ناھىيىسىدىكى بۇ ئىككى قەبرىستانلىقتىنلا بايقىلىپ قالماي[1]، يەنە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى نىيا خارابىسىدە 1993 - يىلى قېزىلغان

[1] باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 1989 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان تازىلاشتىن خەۋەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1992 - يىللىق 2 - سان؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي: «شىنجاڭ چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق» ئېلان قىلىنىش ئالدىدا. بۇيۇملار ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا؛ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭ ئەترىتى: «شىنجاڭ چەرچەن ناھىيىسىدىكى جاۋا ئېرىق قەبرىستانلىقىدىكى قېزىش»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1997 - يىللىق 9 - سان.

قەبرىستانلىقتىن[1] ۋە تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى بوزدۆڭ قەبرىستانلىقىدىنمۇ بايقالدى[2]. بىراق، HM قەبرىستانلىقتىكى ھەمدەپىنە قىلىنغان ساپال قاچىلار ئاساسەن لېيىغا قوۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈل رەڭ ۋە قارا رەڭلىك ساپال قاچىلار بولۇپ، يەنە ئاز ساندا لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپال قاچىلارمۇ بار. ئۇلار بىر قۇلاقلىق جوغىلىق كومزەك، بىر قۇلاقلىق كومزەك (بەزىلىرىگە كىچىك چەمبەرلەرنى ئويۇش ئارقىلىق گېئومېتىرىيىلىك نەقىش چىقىرىلغان، بەزىلىرىگە قوشۇمچە نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن)، قۇلاقسىز كومزەك، ئىككى قۇلاقلىق كومزەك ۋە تېگى يۇمىلاق جاۋۇر (تېلەڭگە) دىن ئىبارەت؛ ياغاچ بۇيۇملار ئاساسەن تەڭنە، سوغا ۋە تارغاقتىن ئىبارەت. سوغىنىڭ سىرتىغا ئۆزگىرىشچان بولۇتسىمان نۇسخا بىلەن ئۇزۇك سىزىقلىق نۇسخا چۈشۈرۈلگەن. H قەبرىستانلىقتا ئادەتتە كەم ئۇچرايدىغان ئاغزى ياپپاڭ، پوكمە مورىلىك ئاياقتىن باشقا، قالغان بۇيۇملارنىڭ شەكلى چەرچەن زاغۇنلۇق ۋە جاۋائېرىق قەبرىستانلىقلىرىدىكى دەسلەپكى مەزگىلگە مەنسۇپ قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئوخشاش تىپتىكى بۇيۇملارنىڭكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ جوغىلىق ساپال قاچىلار تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى خېجىڭ ناھىيىسىگە جايلاشقان چابخا قەبرىستانلىقى[3]، باي

[1] 1993 - يىلى نىيا خارابىسىدىكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ھازىر شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

[2] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي قاتارلىقلار: «ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى بوزدۆڭ قەبرىستانلىقىدىكى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1986 - يىللىق 2 - سان.

[3] جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭ ئەترىتى: «شىنجاڭنىڭ خېجىڭ ناھىيىسى چابخا جىلغىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى قېزىشتىن خەۋەر»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە نەشرى، 1988 - يىللىق 1 - سان.

ناھىيىسىدىكى قىزىل سۇ ئامبىرى قەبرىستانلىقىدىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا[1] قېزىۋېلىنغان بولۇپ، تىپىك بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ. دەپنە قىلىش شەكلى ۋە ساپال، ياغاچ بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تونۇشىمىزچە، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىكى تازىلانغان بۇ قەبرىلەرنىڭ چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق ۋە جاۋائېرىق قەبرىستانلىقلىرىدىكى دەسلەپكى مەزگىلگە مەنسۇپ قەبرىلەر بىلەن دەۋر ۋە مەدەنىيەت مەزمۇنى جەھەتتە خېلى زىچ باغلىنىشى بار. كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئېرىشكەن سانلىق مەلۇمات ۋە قېزىش دوكلاتىنى تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، چەرچەن ناھىيىسىگە جايلاشقان بۇ ئىككى قەبرىستانلىقتىكى دەسلەپكى مەزگىلگە مەنسۇپ قەبرىلەرنىڭ دەۋرى يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئالدى - كەينىدىن غەربىي خەن سۇلالىسىگىچە بولۇپ، داۋاملاشقان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن[2]. يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىكى BM15 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قومۇشقا قارىتا فرانسىيە ئىلمىي تەتقىقات مەركىزىنىڭ رادىئوئاكتىپلىق تەجرىبىخانىسى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق دەۋرىنى ئۆلچەپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 2140 ± 100 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، دەرەخ يىل ھالقىسى ئارقىلىق كۆزەتكەندە،

---

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «باي ناھىيىسى قىزىل سۇ ئامبىرى قەبرىستانلىقىدىكى 1 - قېتىملىق قېزىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2001 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان.

[2] بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 1989 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان تازىلاشتىن خەۋەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1992 - يىللىق 2 - سان؛ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭ ئەترىتى: «شىنجاڭ چەرچەن ناھىيىسىدىكى جاۋا ئېرىق قەبرىستانلىقىدىكى قېزىش»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1997 - يىللىق 9 - سان.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 387 ـ يىلىدىن مىلادىيە 56 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ سانلىق مەلۇمات يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئىچىدىن يىغىۋېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئېنىقلانغان يىلى بىلەن بىردەك بولۇپلا قالماي، يەنە چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قاتارلىق قەبرىستانلىقلارنىڭ يىل دەۋرى دائىرىسىدە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئېرىشكەن چۈشەنچىمىز شۇكى، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدا يېڭىدىن بايقالغان نەچچە ئورۇندىكى قەبرىستانلىق دەۋرىنىڭ تۆۋەن چەكلىمىسى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى A، B، C، D قەبرىلەر قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، GM ۋە HM قەبرىلەر يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھەرگە بىرقەدەر يىراق بولۇپ، ھەمدەپنە قىلىنغان ساپال بۇيۇملارنىڭ ياسىلىشى قالغان ئۈچ ئورۇندىكى قەبرىستانلىقلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ دەۋرىنىڭ يۇقىرى چېكى تېخىمۇ بالدۇر بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ماتېرىيال چەكلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ھەقىقەتەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلىشقا، ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ[1].

خارابىلىكەردىكى ساپال بۇيۇملار تەكلىماكاننىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى بوستانلىقلاردىكى قوڭغۇر رەڭلىك ساپال مەدەنىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق. بىر قىسىم تاش يارغۇنچاق ۋە

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى 315 ـ ئورنى — جۇڭگو ـ فرانسىيە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 ـ يىللىق 3 – 4 ـ قوشما سان، 33 ـ، 35 ـ بەتلەر.

ئوخشاش بولمىغان تاشتىن ياسالغان بۇيۇملار ھەمدە بىر قىسىم ئۇششاق تۆمۈر قوراللاردىن باشقا، يەنە ھەرخىل تۆمۈردىن ياسالغان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىمۇ خېلى كۆپ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم بۇيۇملار شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ياسالغان، قالغانلىرى باشقا يەردىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر دانە ئاق تۆمۈر قازان پارچىسى كېيىنكىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن.

بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ تەكلىماكاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قوشنا رايونلارنىڭ ئىچىلىشى، ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر ۋە باشقا يىراق رايونلار، مەسىلەن، جۇڭگو - ھىندىستان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربى قاتارلىقلار بىلەن باغلىنىشى بار. بۇنىڭغا بىر قىسىم بۇيۇملار مەسىلەن، كۆز قاتلىقسىمان ئەينەك مارجان ياكى چىرتىش ئويۇلغان كەھرىۋادىن ياسالغان ئېلىپسىمان مارجان، برونزا قولۇلە ياكى ماي قوڭغۇزى ئارقىلىق رەڭ بېرىلگەن ئىنچىكە كاناپ رەخت قاتارلىقلار ئىسپات بولالايدۇ. باشقا بىر قىسىم ياغاچ بۇيۇملار، كىگىز ياكى قوي يۇڭىدىن ياسالغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى (بۇغا كۆندۈرۈش رەسىمى بار پەتنۇس، توقۇلما بۇيۇم، گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان كىگىز قاتارلىقلار) دىكى گۈل نۇسخىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق خەلقلىرىنىڭ گۈل نۇسخىلىرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. زاغۇنلۇقتىكى قەبرىستانلىقتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بۇيۇملار بايقالغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا (مىنوسىنىك ئويمانلىقىدىن ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغىغىچە) ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسىمىدىكى ھىمالايا رايونى (قىياتاش رەسىمى) رايونىدىكى كەڭرى يايلاق دۇنياسىغىچە مەنسۇپ.

ئۇلارنىڭ ئۆي جاھازلىرىدىن يىپەك يولى تەۋەسىدىكى بۈيۈك ئالاقە دولقۇنى (مەسىلەن، سودا، ئىدېئولوگىيە ۋە دىن)نى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ياغاچ ئويما بۇيۇملار كىشىلەرنى يۇنان

ئۇسلۇبىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇردۇ، پېرسىيە (سۇرىيە) دىن باكترىيە، قەندىھارغىچە بولغان بۇ خىل ئۇسلۇب قۇرۇلۇش ۋە رەسساملىقتا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بايقالغان بۇيۇملار ئىچىدە يەرلىكتە توقۇلغان توقۇلما بۇيۇملار، جۇڭگونىڭ يىپەكى ۋە پۇلى ھەم يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ساپال ۋە پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ياسالغان ئورنىنى ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۇشان ئىمپېرىيىسى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ.

كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك ۋە قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئىككى ئىبادەتخانا خارابىسىدىكى تام رەسىملىرىدىن قارادۆڭ مەدەنىيىتىنىڭ ھىندى - قەندىھار مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ خارابىلەر ئۇنىڭ شەرقىدىكى مىرەن ۋە نىيا خارابىسى بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونى ۋە شىنجاڭدا مەلۇم بولغان بۈگۈنكى خارابىلىكلىرى ئىچىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا ئەڭ مۇھىم بولغان بايقاشلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خارابىلىكنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياسالغانلىقى ئېنىقلاندى. ئۇنىڭدىكى ھىندى ئۇسلۇبىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىش تارىخىدىكى بوش قالغان بىر ھالقىنى تولدۇردى. شۇڭا، ئۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئابىدىدۇر[1].

---

[1] كورىننې دېباشىنې فرانكفورت (فرانسىيە)، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى يوقالغان بوستانلىق — جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ھەققىدە»، «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تارىخىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش» («فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقى»، 11 - قىسىم)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2006 - يىلى 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.

# 9. كىرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتتىكى مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتى

كىرىيە دەرياسى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەمدە كىرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ مەدەنىيەتنىڭ شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتىنى نامايان قىلىپ بەردى، بولۇپمۇ جۇڭگو ـ فرانسىيە كىرىيە دەرياسى ۋادىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشلىرى ۋە كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشىمىزنى ئىلگىرى سۈردى.

1) كىرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ئاستا ـ ئاستا قىزىق تېمىدىكى بىر خىل ئىلمىي ئېقىم — ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىدى. گەرچە ئۇنى ھازىرچە سىستېمىلاشقان ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان «كىرىيە دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىسى» دېگەن ئۇقۇم بىلەن تەرىپلەشكە بالدۇرلۇق قىلسىمۇ، بىراق ئۇ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتكە ئوخشاشلا كەم بولسا بولمايدىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان كىرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆي خارابىلىرى، ئىبادەتخانا خارابىسى ۋە ئۆستەڭ خارابىسى قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ئۆزگىچە

ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت تىپى بىلەن ناھايىتى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىگە قوشنا بولغان كىروران ۋە نىيادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەدەنىيەت رايونى، جۇملىدىن پۇتكۈل تارىم مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە كەم بولسا بولمايدىغان، تولۇقلاش ۋە پۈتۈنلەش رولىغا ئىگە مەدەنىيەت خاراكتېرىنى نامايان قىلدى.

«كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى» قەدىمكى دەۋردە بۇ دەريا ۋادىسىدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېلتا رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى قاتارلىق بۇ رايوندا بارلىققا كەلگەن بارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىللە، يەنە بۇ ۋادىدا ھازىرغىچە ياشاپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ ئادىمىيەتلىك بايلىقىنى تەتقىق قىلىش، بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەتتىكى ئىزچىللىق، ۋارىسلىق قىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

2) كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت خاراكتېرى ۋە مەدەنىيەت تىپى مۇنداق ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە بايقالغان جۇڭگودىكى ئەڭ قەدىمكى بۇددىزم رەسمى (مىلادىيە 3 ـ ئەسىر)؛ يەنە بىرى، شىنجاڭدا ھازىرغىچە بايقالغان تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان بىردىنبىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى ــ يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللار) بولۇپ، بۇلار ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە مۇشۇ جەھەتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلايدۇ ھەمدە مۇشۇ مەدەنىيەت دائىرىسىدە بايقالغان قەدىمكى خارابە ـ ئىزلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى، قەدىمكى بوستانلىقنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب ۋە يىل دەۋرى،

بۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى (سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ئىدېئولوگىيىسى قاتارلىقلار)، كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، «يىپەك يولى» ۋە ئۇنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

3) كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىدە بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مەدەنىيەت تىپى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر تەرەپتىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەدەنىيەتكە قوشنا بولغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلەرنى ئىپادىلەيدۇ ھەم بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

4) كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى ۋە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار، بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلانغان جۇڭگو - فرانسىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيەت بەلۋېغىدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مەلۇم بىر ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتكە قارىتا يەككە تۈر بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۇنىۋېرسال تۈرلەر بويىچە، بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا ئەمەس، بەلكى كۆپ قىرلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە نەتىجىسى زور بولىدۇ. چۈنكى، بۇ قېتىمقى بىرلەشمە تەكشۈرۈشكە فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى UMR7041 (ئارخېئولوگىيە ۋە قەدىمكى پەن) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى (ئىچىدىكى 315 - تەتقىقات ئورنى) بىلەن شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن باشقا، يەنە فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى، فرانسىيە دۆلەتلىك تەبىئەت مۇزېيى، فرانسىيە تورۇز

ئۇنىۋېرسىتېتى ستوراسبۇرگ قانۇن دوختۇرلۇق ئورنى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار قاتناشتى. بۇ ئەترەت ئىچىدە جۇڭگو - ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، قەدىمكى ھايۋانات ۋە قەدىمكى ئۆسۈملۈك ئارخېئولوگلىرى، ئىنسانشۇناسلار ۋە بىر نەپەر قانۇن دوختۇرى، توقۇمىچىلىق ۋە كۆنچىلىك، بوياقچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى، مېتالورگ، ئارخىتېكتور، قەدىمكى خارابىلەرنى قوغداش ۋە رېمونت قىلىش مۇتەخەسسىسلىرى، سەنئەتكارلار بار. يەنە ئەڭ چوڭ تەجرىبىخانا (تارىخىي قەدىمكى ئىزلار تەجرىبىخانىسى، فرانسىيە دۆلەتلىك مۇزېيى قايتا رېمونت قىلىش تەتقىقات مەركىزى، فرانسىيە دۆلەتلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى — velectra تەجرىبىخانىسى، ئولىيا تەتقىقات ۋە تەرەققىيات تەجرىبىخانىسى، كومپيۇتېر، ئاپتوماتىك ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ماتېماتىكا تەتقىقاتى جۇڭگو - فرانسىيە تەجرىبىخانىسى، يەنە جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئىشخانىسى قەدىمكى گېن تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان تەجرىبىخانىلار بار) بىلەن ھەمكارلاشقان خىمىيە ئالىملىرى بار.

بۇ قېتىمقى بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە پائالىيىتىنىڭ مەقسىتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا رايونلارغا ئائىت تونۇشلار ئاساسىدا قۇملۇق، دەريا دېلتىسى ۋە قەدىمكى دەريا ئېقىنلىرىدا ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئېھتىماللىقىنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قېتىمقى بىرلەشمە پائالىيەت ئۆز مەقسىتىگە تولۇق يەتتى ۋە «كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى»نىڭ بىرقەدەر سىستېمىلاشقان، مەدەنىيەت خاراكتېرى ئاساسىي جەھەتتىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن «خەرىتە» سىنى سىزىپ چىققان بولدى.

كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى خارابىلىكلەردە بايقالغان مول ماددي بۇيۇملار — بۇ مەدەنىيەت خارابىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتى (بوتانىكا ئىلمى، زوئولوگىيە، هايۋانات يۇڭى ۋە چىرىندى بۇيۇملارنى مىكروسكوپتا تەكشۈرۈش، توقۇلما بۇيۇملارغا ئىشلىتىلگەن بوياق ۋە تالالارنى بېكىتىش) غا ئاساس سالدى. بۇ تەتقىقاتلارغا ئاساسەن بىز چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك پائالىيىتى، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، ھەرخىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كۆنچىلىك ۋە توقۇمىچىلىقتا ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن ئۇچۇرلارنى قولغا كەلتۈردۇق.

5) كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيەت خارابىلىكلىرىدىكى قەبرىستانلىقلاردا قېزىۋېلىنغان مۇمىيالار ناھايىتى زور تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. ئۇلار ۋە ئۇلار بىلەن تېپىلغان ھەمدەپنە بۇيۇملار قەدىمكى كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ۋە ئىرق - ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خارابىلىكلەردىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان بۇ مۇمىيالار ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلار شۇ جايدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىنىڭ تۇرمۇش ھالىتى، تۇرمۇش مۇھىتى ۋە نوپۇس ئەھۋالىنى قايتا نامايان قىلىدۇ. ئادەم بەدىنىنى بېزەش ئادىتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى (بەدەندىكى گۈل نۇسخىسى، يۈز قىسمىدىكى ئۇپا - ئەڭلىك ۋە رەسىملىك گىرىم، باش كىيىمى ۋە چاچ پاسونى، بېزەك بۇيۇملىرى) نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئۇچۇر بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم مۇمىيالارنىڭ بەدەن شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ھايات چېغىدا داۋاملىق ئات مىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يەنە بىر قىسىم مۇمىيالارنىڭ چىشىنىڭ ئۇپرىشى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا چايناشتىن باشقا بىر خىل پائالىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئاشلانغان تېرە بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن.

ھەمدەپنە بۇيۇم ھەمدە دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى بىزنىڭ شۇ دەۋرنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىشىمىزگە زور تۆرتكە بولىدۇ (نەزىرلىك بۇيۇملىرى، تەكىيە، كۆرپە ۋە كېپەن، كۆزى، بۇرنى ۋە ئاغزىنى ئېتىشكە ئىشلەتكەن مەلھەم، باش كىيىم بوغقۇچى، چۈمپەردە قاتارلىقلار).

توقۇمىچىلىق، يىپ ئېگىرىش ۋە كۆنلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنى تەتقىق قىلىشنى يىپ ئېگىرىش، كىگىز، كۆن ۋە تېرىدىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى دەسلەپكى قەدەمدىكى تەتقىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇرلارنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بۇيۇملارنىڭ ئەسلىي ماتېرىيالىنى تاللاش ۋە تەييارلاش، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ بويىلىشى، رەڭگى، لايىھىلىنىشى، پىچىلىشى ۋە تىكىلىشى، تەييار بۇيۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى، بېزەك بۇيۇملىرى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭ بولغان جانلىق ۋە ئورگانىك بۇيۇملار توغرىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات (بولۇپمۇ توقۇلما بۇيۇم ۋە بوياق ماتېرىيالى) لارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى، بىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئالتاي رايونى (قازاقىستان ۋە رۇسىيە) دىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ئارقىلىق (بۇ ئىككى رايوننىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى قۇرغاق ياكى مەڭگۈلۈك توپا قاتلىمى بولغاچقا، ئورگانىك بۇيۇملار ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قالغان.) بۇ رايونلارنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10 - ئەسىردىن 1 - ئەسىرگىچە بولغان بىلىم ۋە تېخنىكا سىستېمىسى ھەققىدە ياخشى چۈشەنچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇ تەتقىقاتلار بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئۆلگۈچىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئىككى جىنسنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىش تەقسىماتى، ئولتۇراق ئاھالىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە تەرەققىيات

ھەمدە ئادەملەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش تارىخى قاتارلىقلارنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى شىنجاڭ رايونىنىڭ تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى ئولتۇراق ئاھالىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپتىكى ئاھالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىلەن ئالاقىدار بولغان كەڭ مەسىلىلەر بىلەن چېتىلىدۇ. ئۇزۇندىن بېرى بۇ مۇمىيالار ئۈستىدىكى تەتقىقات ئۇلارنىڭ ئىرقى ئۈستىدىن، يەنى ئۇلار ياۋروپا ئىرقىمۇ ياكى موڭغۇل ئىرقىمۇ دېگەندىن باشلانغان. بىر قىسىم مۇئەللىپلەر بۇ شىنجاڭدىكى «كافكاز» مۇمىيالىرىنى توخرى تىلى (بۇ خىل تىل مىلادىيە 6 — 8 - ئەسىرلەردە بايقالغان يازما ھۆججەتلەردە مەۋجۇت ئىدى) دا سۆزلىشىدىغان ھىندى - ياۋروپا مىللىتىنىڭ ۋەكىلى، ئۇلار برونزا قورالللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 -يىللارنىڭ باشلىرى) ياكى تۆمۈر قورالللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە) دا غەربتىن تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن دەپ قارىشىدۇ. بۇ، نۆۋەتتىكى تەتقىقات ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپلىكىنى ئىسپاتلىدى ھەمدە ئىرسىيەت جەھەتتىكى ئارىلىشىشنىڭ بۇرۇنلا مەۋجۇتلۇقىنى، يۇمىلاققۇم شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئارىلاشما قانلىق ئاھالە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا، بۇ قەبرىستانلىقتىكى تەتقىقاتلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك[1].

---

[1] كورىنىنې دېباشىنې فرانكفورت (فرانسىيە)، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى يوقالغان بوستانلىق — جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ھەققىدە»، «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تارىخىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش» («فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقى»، 11 - قىسىم)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2006 - يىلى 12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.

ئۈچىنچى باب

# نىيانىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيتى

نىيا خارابىسى — قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئىزلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيتى مەركەزلەشكەن، شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلغان شەھەر خارابىسىدۇر. ئۇ بايقالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، ئۆزىنىڭ غايەت زور مەدەنىيەت سېھرىي كۈچى بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان سەيياھ، ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ تالىشىدىغان نۇقتىسىغا ئايلانغان.

## 1. نىيا خارابىسىنىڭ بايقىلىشى ۋە «نىيا» نامى

نىيە دىيارىدا قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوۋچىلىرى (پەۋانلار) نىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان بۇ ئېپتىدائىي خىلۋەت جاڭگاللاردا ئوۋچىلىق قىلىدۇ. ئوۋچىلار كۆپ چاغلاردا قاپقان - قىسماقلارنى سۆرەپ قاچقان قارا قۇيرۇق (كېيىك) قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئىز بېسىپ قوغلاش نەتىجىسىدە، تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئۇيقۇغا كەتكەن «نىيا» خارابىسىنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «نىيا» خارابىسىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان بۇ ئۇيغۇر ئوۋچىلار ئەل ئىچىدە «نىيا» خارابىسى توغرۇلۇق ھەر خىل رىۋايەتلەرنى تارقىتىدۇ. مۇشۇ سەۋەب بىلەن كۆپلىگەن ئوۋچىلار، «بايلىق

ئىزدىگۈچى»لەر «نىيا» خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا خارابىلىكلەرگە بېرىپ، ئۇ يەرلەردىن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر، ھەر خىل مىس يارماق - پۇللار، مارجان - ئاسقۇلار، ساپال قاچىلار ۋە باشقا ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تاپىدۇ... ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيىلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ —— ئالىم، ئېكسپېدىتسىيىچى سىر ئاۋرېل ستەين Sir Aurel Stein) 1862 — 1943) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك كاتتا تەكشۈرۈشلىرىدە تۇنجى قېتىم (1901 - يىلى) نىيە ناھىيىسىگە كەلگەندە، بۇ يەردىكى ئىبراھىم ئىسىملىك ئۇيغۇردىن ئىككى دانە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئىبراھىم ستەينگە يول باشلىغۇچى (يەنى كارۋان بېشى بولۇپ ياللىنىۋالغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى بىلەن بىللە) نىيا خارابىسىگە بارىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىدۇ، شۇنداقلا ستەين نىيا خارابىسىدە تۇنجى قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چەت ئەللىك ئارخېئولوگ بولۇپ قالىدۇ. ستەين نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بارغان ئىككى ھەپتىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشىدە، ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە ياردەم بېرىشى بىلەن پەقەت قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردىنلا 524 دانىسىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ستەين 1901 -، 1906 -، 1913 -، ۋە 1931 - يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان تۆت قېتىملىق چوڭ تەكشۈرۈشلىرىنىڭ ھەممىسىدە نىيا خارابىسىگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ «قەدىمكى خوتەن» (ئوكسفورد، 1907 - يىلى)، «سېرىندىيا» («جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئارىسىدىكى جايلار»، ئوكسفورد، 1921 - يىلى)، «ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونلىرى» (ئوكسفورد، 1928 - يىلى) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى

(يەنى نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلىرى) نىڭ رەسمىي دوكلاتى ھېسابلىنىدۇ[1].

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادىيە 3 - ئەسىرگە مەنسۇپ قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردە «نىيا» دېگەن نام نىنا [nina] ياكى نانا [NANA] دەپ يېزىلغان. قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدىكى «نىنيا» [nina] دېگەن يەر نامى كېيىنچە ئۇيغۇر تىلىغا مىراس بولۇپ قالغان. بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «پراكرىت (ئاۋام) سۆزلۈكى»دىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا «ئىنا» (مەنىسى ئويمانلىق) ۋە «نىيا»غا «قوۋۇق، قامال، ئۆتەك» دېگەن مەنىلەر بېرىلگەن. «نىنيا» (نىيا) ئىستېمال داۋامىدا «نىيا» (ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە نىيەگە ئۆزگەرگەن) غا ئۆزگەرگەن. قەدىمكى نىيا شەھىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى نىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئويمانلىققا توغرا كېلىدىغانلىقىغا قارىغاندا، يۇقىرىدىكى ئاتالغۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

نىيا خارابىسىدىن خەنزۇچە تارىشا پۈتۈكلەرمۇ تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 718 -، 719 -، 720 -، 722 - دەپ نومۇر قويۇلغان خەنزۇچە تارىشا پۈتۈكلەردە نىيا بەگلىكىنىڭ خان جەمەتىگە ئائىت «خان»، «خان ئانا»، «ۋەلىئەھد»، «ۋەلىئەھدنىڭ خانۇنى» قاتارلىق سۆزلەر بار. تەتقىقاتچى، ئالىملار نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان خەنزۇچە تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ دەۋرىنى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 25 — 202 - يىللار) گە مەنسۇپ دەپ ھېسابلايدۇ. تاڭ شۆەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ناملىق

---

[1] ئابدۇقەييۇم خوجا: «نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1998 - يىللىق 2 -، 3 - سان، 58 -، 59 - بەتلەر.

ئەسىرىدە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 618 — 907 - يىللار) «نىيا» شەھىرىنى «نىراڭ» (尼壤) شەھىرى دەپ ئاتىغان. مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمىشۇناس، بۇددىست ئالىم ـــ سىڭقۇسالى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى (5 - باب، 84 - ۋاراق، 21 -، 22 - قۇرلىرى)دا «ئوغاي بالىق» دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئوغاي بالىق» دېگەن شەھەر نامى «نىراڭ» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار خەنزۇ تىلىدا «ل»، «ر» بىلەن «ن» تاۋۇشلىرى دائىم دېگۈدەك پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. شۇڭا شۈەنزاڭ «نىنيا»نىڭ سۆپەت شەكلى ياكى خاس ئىسىم شەكلى بولغان «نىنيانا» [ninana] نى «نىراڭ» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ، شۇ بويىچە خاتىرە قالدۇرغان بولسا كېرەك، دەپ قارىماقتا (دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شۈەنزاڭ «نىراڭ» دەپ ئاتىغان شەھەرنىڭ خارابىسى هازىرغىچە تېپىلمىدى)①.

دېمەك، «نىيا» دېگەن قارۇشتىچە هۆججەتلەردىكى بۇ نام قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدا پۈتۈلگەن هۆججەتلەردىكى يەر نامى «نىنيا» (nina)غا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «نىيا» دېگەن يەر نامى بىۋاسىتە قارۇشتىچە هۆججەتلەردىكى ئاتىلىشتىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇدۇن تىلىدىكى «نىنيا» دېگەن نامدىن مىراس بولۇپ قالغان، شۇنداقلا ئىستېمال داۋامىدا «نىنيا»، «نىيا» غا ئۆزگەرگەن②.

---

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1998 - يىللىق 2 -، 3 - سان، 58 - بەت.

② ئىسراپىل يۈسۈپ: «نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ۋە ‹نىيا› دېگەن نام توغرىسىدا»، «شىنجاڭ گېزىتى»، ئۇيغۇرچە، 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانى، 5 - بەت.

## 2. نىيا خارابىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى

نىيا خارابىسى — قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى نىيە دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ئۇ قەدىمكى نىيا بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. خارابە ئىزى بۈگۈنكى نىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 100 كىلومېتىر (يول بويىچە ھېسابلىغاندا 120 كىلومېتىر) كېلىدىغان جايغا، يەنى تەكلىماكان قۇم دېڭىزىنىڭ مەركىزىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ خارابىلىكنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇددا مۇنارىنىڭ ئورنىنى يەر شارى سۈنئىي ھەمراھ ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى (GPS) بىلەن ئۆلچىگەندە، ئۇ مۇنارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 37°58′329″، شەرقىي مېرىدىئان 82°43′144″ قا توغرا كېلىدۇ.

نىيا خارابىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغان دائىرىسى تەكشۈرگەنسېرى كېڭەيمەكتە، شۇڭا ئۇنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى توغرۇلۇق ھازىرغىچە ئېنىق ستاتىستىكىلىق خۇلاسە قىلغىلى بولمىسىمۇ، 1992 - يىلىدىكى «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى» تەكشۈرۈپ بېكىتكەن سانلىق مەلۇماتلار بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ خارابىنىڭ دائىرىسى ئۇنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 37°50′36″، شەرقىي مېرىدىئان 82°43′57″ بولغان ئورۇندىن، شىمالىي ئۇچىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 38°02′30″، شەرقىي مېرىدىئان 82°43′10″ قا يېقىن جايغىچە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 7 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ[1].

---

[1] جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش دوكلاتى»، خەنزۇچە - ياپونچە، 1996 - يىلى 4 - ئاي توكيو نەشرى، 1 - توم (كىرىش سۆز قىسمى).

نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئۆز زامانىسىدا قەدىمكى نىيە دەرياسى جىلغىسىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تار ۋە ئۇزۇنچاق شەكىلنى ھاسىل قىلغان. شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى جايلاشقان.

نىيا خارابىسىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى ياكى بۇ ئىزنىڭ خارابىلىككە ئايلىنىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبنى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەب دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

تەبىئىي سەۋەب دېگەندە، نىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى بوستانلىققا جايلاشقان نىيا بەگلىكى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان بولسىمۇ، بىراق قەدىمكى زاماندا تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلار تەدرىجىي قىيان سۇلار ئېقىتىپ كەلگەن زور مىقداردىكى لاي ـ لاتقا ۋە قۇملار بىلەن ئورالغانلىقى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىش مۇساپىسىنىڭ قىسقىرىشى، ئادەتتىن تاشقىرى يۈز بەرگەن ئاپەت خاراكتېرلىك ئۇلۇغ كەلكۈن تۈپەيلىدىن، دەريا ئېقىنىنىڭ ئېقىن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشى، كۆچمە قۇملارنىڭ بوستانلىق رايونلىرىغا تەھدىت سېلىشى، ئاھالىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ سۇنىڭ يېتىشمەسلىكى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتتىق قۇم ـ بورانىنىڭ تەھدىتى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمكى نىيا ئاھالىلىرى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر، نىيا خارابىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نىيا بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى — قەدىمكى نىيا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ھەرقايسى يۇرت ـ كەنتلەر مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن كېيىن خارابىلىككە ئايلانغان.

ئىجتىمائىي سەۋەب دېگىنىمىز، بۇ يەردە ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ پائالىيىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، مىلادىيە 3 - ئەسىرگە كەلگەندە، نىيا بەگلىكىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەسىرى ئاجىزلىشىپ، ئىقتىسادىي ئىگىلىك خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن، بۇ تەبىئىي سەۋەب بىلەن قوشۇلۇپ، نىيا رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ تېخىمۇ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. شۇنىڭ بىلەن نىيالىقلار باشقا جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ بۇ قەدىمكى بوستانلىق قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان.

نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش، قېزىپ رەتلەش خىزمىتى جەريانىدا، بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ئۇرۇش، بۇلاش - تالاش، كەڭ كۆلەمدە ئوت قويۇش ياكى بولمىسا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەر ئۇچرىمايدۇ، شۇنىڭدەك قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ئاپەت دەستىدىن قۇم ئاستىدىكى ئۆيلەردە قالغان قۇرۇق مۇمىيالارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ[1].

نىيا خارابىسىدىكى ھەرخىل قۇرۇلۇشلار يەر شارائىتىغا قاراپ تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قۇرۇلۇشلارنىڭ خارابە ئىزلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى ھەرخىل دائىرىلىك قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. نىيا خارابىسى دائىرىسىدە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان ھەرخىل قۇرۇلۇشلاردىن بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇددا مۇنارى، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، يەنى ھويلا - ئارامىلار، ئۆرۈك، ئۇجمە، جىگدە، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك

[1] لى يۈچۈن: «نىيا خارابىسىدىن چىققان مۇھىم يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1988 - يىللىق 4 - سان، 162 -، 163 - بەتلەر: ليۇ ۋېنسو: «نىيا ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1992 - يىللىق 3 - سان، 77 - بەت.

دەرەخلەرنى ئاساس قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن، ئەتراپى چىتلانغان چوڭ ـ كىچىك باغلار، مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن چوڭ كۆلەمدىكى ئۈزۈملۈك، ئۈجمىلىكلەر، ئورمان بەلۋېغى، ئېتىزلىق، چوڭ ـ كىچىك ئېقىن ئىزلىرى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆلچەك ئىزلىرى، خامان، قوتان، ساپال خۇمدىنى، تۆمۈر تاۋلاش ئورنى، قەبرىستانلىق قاتارلىقلار بار. يۇقىرىقى ئىزلار ئەتراپىدىن ساپال پارچىلىرى ۋە تۆمۈر قوراللار داۋاملىق بايقالماقتا.

## 3. نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ياپونىيىلىك ئارخېئولوگلار، غەربىي رايون تەتقىقاتچىلىرىنىڭ نىيا خارابە ئىزىغا بولغان تەتقىقات قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1980 ـ، 1988 ـ، 1990 ـ، 1991 ـ، 1992 ـ، 1993 ـ، 1994 ـ، 1995 ـ، 1996 ـ، 1997 ـ يىللىرى جۇڭگو ـ ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىنىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. يۇقىرىقىدەك ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە «نىيا ئارخېئولوگىيىسى» ئىلىم ساھەسىگە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئايان بولدى.

ستەين 1901 ـ يىلى يانۋاردىن باشلاپ ئىزچىل ھالدا 1906 ـ 1913 ـ، 1931 ـ يىللىرىغىچە بولغان تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا، بۇ خارابىلىكتىن 50كە يېقىن ئىزنى بايقاپ، بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇپ، خەرىتىلىرىنى سىزىپ چىققان. بۇلار ئاساسلىقى بۇددا مۇنارى، قەدىمكى كۆۋرۈك، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، باغ، قوتان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ستەين شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە يۇقىرىقى خارابە ئىزلىرىدىن باشقا يەنە برونزا كۆزگۈ (ئەينەك)، ئالتۇن سىرغا، ئۈزۈك، تامغا، برونزا ئوق باشىقى، تۈگمە، تۆمۈر

قوراللار، ئەينەك، قۇلۇلە قېپى، مارجان، ھەرخىل ياغاچ بۇيۇملار، پاختا، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلارنى تاپقان.

ستەين 1000 يىللار مابەينىدە قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان نىيا خارابىسىنى ۋە كەم ئۇچرايدىغان ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ساھەسىگە تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق دۇنيادا زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

ستەيننىڭ نىيا خارابىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تاپقان قەدىمكى قەندىھار، يۇنان ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن يارىتىلغان كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۇددىزم مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى، ھەيكەللەر، ھەر خىل گۈزەل سەنئەت ئۆرنەكلىرى غەرب دۇنياسىنى، جۈملىدىن ياۋروپادىكى ئىلىم ساھەسىنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەدىمكى نىيا بەگلىكى ۋە نىيا مەدەنىيىتى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى[①].

1905 - يىلى ئامېرىكىلىق ئالىم خۇنتىڭتون (E. Huntington) ئامېرىكا جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىدە نىيا خارابىسى ئەتراپىدا تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئالتە پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تاپقان[②].

1911 - يىلى ياپونىيىلىك راھىب تاچىبانا زۇيچۇ نىيا رايونىغا كەلگەن ۋە بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىگەن[③].

---

[①] ليۇ ۋېنسو: «نىيا ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1992 - يىللىق 3 - سان، 75 -، 76 - بەتلەر.

[②] لىن مېيسۇن: «جۇڭگودىن تېپىلغان قاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «نىيا ئارخېئولوگىيىسى ماتېرىياللىرى» (ئىچكى ماتېرىيال)، 1988 - يىلى 7 - ئاي خەنزۇچە نەشرى، 180 - بەت.

[③] يۈ جىيۇڭ: «نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998 - يىللىق 1 - سان، 54 - بەت.

1959 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى نىيا خارابىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 10 نەچچە يەردىكى ئولتۇراق ئۆي خارابىسى بىلەن ئىككى قەبرىنى تازىلىغان.

ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى نىيە دەرياسى ۋادىسىنىڭ يەر شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، شۇ ئەتراپتىكى ياغاچلارنى ئۆزئارا چېتىش، تاملىرىنى يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن توقۇپ، لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق ياسالغان؛ خارابىلىكتىكى قەبرىستانلىقلار خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىگە 2 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، بىر قىسىملىرى ئوغرىلىقچە قېزىلغان. قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەر تىك ئۆرەك شەكىللىك قەبرە بولۇپ، جەسەتلەر توغراق ياغىچىدىن ياسالغان ئولاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقىغا دەپنە قىلىنغان؛ يادىكارلىقلاردىن ياغاچ، ساپال، برونزا، تۆمۈر قاتارلىقلاردىن ياسالغان خىلمۇ خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، تاش قوراللار، ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى، پاختا، يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلار، زور مىقداردىكى قارۇشتى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنى قېزىۋالدى. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە لى يۈچۈن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئابدۇكېرىم سابىت، ئەخمەت رىشىت، ئابدۇقەييۇم خوجا، مۇھەممەد ھاجى ، تۇرسۇن ئەيسا ، ئوبۇلقاسىم ھاجى، ئىسمائىل جېلىل، مىجىت قاسىم، جېلىل ھوشۇر، ئابدۇرېھىم ھوشۇر قاتارلىق 11 كىشى قاتنىشىپ، خارابىلىكتە جەمئىي توققۇز كۈن ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىدى[1].

1980 - يىلى ياپونىيە رادىئو جەمئىيىتى (NHK) بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە نىيا خارابىسىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى،

[1] لى يۈچۈن: «نىيا خارابىسىدىن چىققان مۇھىم يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1988 - يىللىق 4 - سان، 159 -، 180 - بەتلەر.

ئارخېئولوگىيە ۋە قۇملۇق ساياھەتچىلىكى بولۇپ، ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئانچە چوڭ نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلمىگەن ھەم تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىمۇ ئېلان قىلىنمىدى. ئەمما، شۇ يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە نىيا خارابىسىگە كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكتىن 20 دىن ئارتۇقنى بايقىدى[1].

1981 - يىلى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋۇ جىڭشەن ۋېلىسىپىتلىك يىپەك يولىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا نىيا خارابىسىگە بېرىپ، قارۇشتى يېزىقىدىكى بىر دانە تارىشا پۈتۈكنى يىغىۋالغان. 1984 - يىلى بۇ تارىشا پۈتۈكنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى قارۇشتى يېزىقى ۋە سانسكرىت يېزىقى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پروفېسسور رىچارت سولىمىنىڭ ئوقۇپ بېشىشىگە سۇنغان[2].

1988 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى، مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسى، ياپونىيىلىك دوست راھىبكۇجىماياسى تاكارا (KojimaYasi Takar) ئەپەندىنىڭ مالىيە مەبلىغى بىلەن تەمىنلىشى ئارقىلىق، جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇنجى قېتىم نىيا خارابىلىكىگە كىردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە ياپونىيە

---

[1] سابىت ئەخمەت، ئەخمەت رىشىت: «قۇملۇقتىكى قەدىمكى شەھەر — نىيا خارابىسى (نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى)»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1985 - يىللىق 2 - سان.

[2] رىچارت سولىمىن: «نىيەدىن يېڭىدىن تېپىلغان بىر پارچە قارۇشتىچە ھۆججەت» (خۇاڭ شېڭجاڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان)، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1986 - يىللىق 3 - سان.

تەرەپتىن كوجىماياسى تاكارا قاتارلىق ئۈچ نەپەر خادىم، جۇڭگو تەرەپتىن خەن شياڭ، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، شىڭ چۇنشۇ ۋە رەجەپ يۇسۇپ قاتارلىق بەش نەپەر خادىم قاتناشتى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئەينى دەۋردە ستەين تەرىپىدىن بايقالمىغان بىر ئولتۇراق ئۆي ئىزى تېپىلغاندىن باشقا، ئەمەلىي بۇيۇم ئۇچرىتىلمىدى. چۈنكى، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئۆمەك ئەزالىرى نىيا خارابىلىكىدە ئىككى كۈنلا خىزمەت ئىشلىدى[1].

1990 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە جۇڭگو - ياپونىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىلىكىگە ئىككىنچى قېتىم كىرىپ ئۈچ كۈن ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىمۇ يېڭى ئىزلار بايقالمىدى. ئاز مىقداردىكى يادىكارلىق ئەۋرىشكىلىرىدىن ساپال پارچىلىرى، برونزا، تۆمۈر، ئەينەك قاتارلىق ھەرخىل زىننەت بۇيۇمى، بىر دانە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك قاتارلىقلار يىغىۋېلىندى.

1991 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە جۇڭگو - ياپونىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىگە ئۈچىنچى قېتىم كىردى. بۇ قېتىم ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرىنىڭ بايقىلىشى بىلەن يەنە بىر تۈركۈم ساپال پارچىلىرى، برونزا، تۆمۈر بۇيۇملار، تاش قوراللار، ياغاچ ئەسۋابلار، قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك، مارجان، مىس پۇل، ئەينەك، مۈڭگۈزدىن ياسالغان بۇيۇملار، يىل چىشى زىننەت بۇيۇمى، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار يىغىۋېلىندى. تەكشۈرۈشتە «يەر شارى سۈنئىي ھەمراھ ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى» (GPS) ئارقىلىق بۇددا مۇنارىنى مەركەز قىلغان ھالدا 23 ئورۇندىكى ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرىنىڭ خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنى بېكىتىلدى.

---

[1] شىڭ چۇنشۇ: «نىيا خارابىسىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1989 - يىللىق 2 - سان.

ئۆنىڭدىن باشقا، 28 پارچە قارۆشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك يىغىۋېلىندى.

1992 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى تۆتىنچى قېتىم نىيا خارابىسىگە كىردى. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئاساسلىقى ئىزلارنىڭ خەرىتىلىرىنى سىزىپ چىقىش، نىيا خارابىسىنىڭ غەربىدىكى ئېقىنلارنى تەكشۈرۈش، ئۆي - ئىمارەت ئىزلىرىنىڭ بىناكارلىق ئىلمىدىكى تۇتقان ئورنى ۋە ئۆلارنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش مەقسەت قىلىندى. تەكشۈرۈش جەريانىدا نىيا بەگلىكىنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلمىلىرى، نىيا دەرياسى ئېقىنى قاتارلىقلار تەپسىلىي تەكشۈرۈلدى. نەتىجىدە 29 ئورۇندىكى ئولتۇراق ئۆي ئىزى ۋە ئۈچ ئورۇندىكى قەبرىستانلىق ۋە ئورمانلىق ئىزى قاتارلىقلارنىڭ خەرىتىسى سىزىلىپ، خەرىتىدىكى ئورنى بېكىتىلدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا توققۇز دانە قارۆشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك (ئۈچ دانىسى پېچەتلەنگەن)، برونزا ئۈزۈك، برونزا قوڭغۇراق، مىس يارماق - پۇل، ئۇرچۇق، جىڭ، توقۇناق، تارغاق - سۆزگۈچ، ھېقىق، مارجان قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار يىغىۋېلىندى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 92A10(N12) - نومۇرلۇق ئىزدا شور بىلەن ياسالغان يەر تونۇرى بايقالدى. تونۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 65 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىئامېتىر 50 سانتىمېتىر، گىرۋىكىنىڭ قېلىنلىقى 65 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

1993 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى بەشىنچى قېتىم نىيا خارابىسىگە كىردى.

بۇ قېتىم نىيا خارابىلىكىدە 20 كۈن تەكشۈرۈش جەريانىدا، نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىدا يېڭىدىن بايقالغان ئولتۇراق

رايونىنىڭ ئىزلىرىنىڭ تەقلىدىي خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بىر گۇرۇپپا N2 دەپ نام بېرىلگەن ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ خەرىتىدىكى ئېنىق ئورنىنى بەلگىلىدى ۋە نۇقتىلىق ھالدا يەر كۆرۈنۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. N3 دەپ نام بېرىلگەن ئىزنىڭ جەنۇبىغا 300 مېتىر كېلىدىغان جايدىكى قەبرىستانلىقتا قېزىش ئارقىلىق بىر تۇركۇم قاپاقسىمان ساپال قاچىلار قېزىۋالدى. بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە N2 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ جەنۇبىدا ئېچىلىپ قالغان قەبرىلەر ئۈستىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئاھالىلەر ئولتۇرا ئىزلىرى ئۈستىدە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم مۇمىيا، قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك قاتارلىق يادىكارلىقلارنى يىغىۋالدى. يەنە بىر گۇرۇپپا (ئەخمەت رېشىت باشچىلىقىدا) 13 تۆگە بىلەن 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى تۆت كۈن ئىچىدە بېسىپ، بىرقانچە جايدىكى مۇھىم ئىزلارنى ئېنىقلىدى ۋە بىر تۇركۇم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنداقلار شىمالىي رايونىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى شەرقىي مېرىدىئان '82°37، شىمالىي كەڭلىك '38°22 لۇق جايدىن برونزا قورااللار دەۋرىگە مەنسۇپ مېتال تاۋلاش ئىزى ۋە برونزا پىچاق، ساپال قاچا، تاش قورااللار قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق بۇيۇملارنى تاپتى[1]. مۇشۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىلگىرىكى نىيا خارابىسىنىڭ دائىرىسى جەنۇبتىن شىمالغا 25 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە 7 كىلومېتىر دېيىلىپ كەلگەن ئۇقۇمنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىپ، نىيا خارابىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 45 كىلومېتىر، كەڭلىكى 15

---

[1] جاڭ تېنەن، يۈ جىيۈڭ: «1993 - يىلىدىكى نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1996 - يىللىق 1 - سان.

كىلومېتىر دائىرە ئىچىگە تارقالغان، دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا ئاساس يارىتىلدى.

1994 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى ئالتىنچى قېتىم نىيا خارابىسىگە كىردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئاھالە ئولتۇراق ئىزىنىڭ تەقلىدىي خەرىتىسىنى ئىشلەش، N2 ئىزىنىڭ خەرىتىسىنى تولۇقلاپ سىزىش، 93A27 - نومۇرلۇق نۇقتىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش، ئۈزۈملۈك باغنىڭ خەرىتىسىنى سىزىش، ياغاچ ماتېرىيال ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىش، ئاھالە ئولتۇراق رايونلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، پۈتۈن خارابىلىكنىڭ دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا جۇغراپىيىلىك ۋە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى، ئۆسۈملۈك ئېكولوگىيىسى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلىندى. نىيا خارابىسىدىكى ئۆي - ئىمارەت ئىزلىرى بىلەن قاپاق ئاسقان كەنتىدىكى ھازىرقى ئۆيلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، N5 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش قاتارلىق ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلەندى. تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر تۈركۈم قىممەتلىك يادىكارلىق بۇيۇملىرى يىغىۋېلىندى.

جۇڭگو تەرەپ پروفېسسور جى شيەنلىن ئەپەندىنى ئىلمىي مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلدى، شۇنداقلا دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن لى جى، ياڭ لىن قاتارلىقلار تەكلىپكە بىنائەن تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. ياپونىيە بۇددا دىنى ئۇنىۋېرسىتېتىدا «جۇڭگو - شىنجاڭ نىيا خارابىسى ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى» قۇرۇلدى. جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىشىپ نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە بۇ خارابىدىن قېزىۋېلىنغان ئەمەلىي بۇيۇملار ئۈستىدە كۆپ

تەرەپلىمىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شۇنداقلا ئالاقىدار پەن تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنى ئىلمىي دوكلات بېرىش، ماتېرىياللارنى كۆرگەزمە قىلىش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نەشر قىلدۇرۇشقا تەشكىللىدى.

1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىگە يەتتىنچى قېتىم كىردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە كەسپىي خادىملارنىڭ بىرقانچە قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، N5 - نومۇرلۇق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىزىدا ۋە N13، N14 - نومۇرلۇق ئىز ئەتراپىدىكى تاسادىپىي بايقىلىپ قالغان قەبرىستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش پىلانلاندى.

ياپونىيە تەرەپ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تۇنجى قېتىم بۇددا تام رەسىمىنىڭ پارچىلىرىنى بايقاش بىلەن بىللە، قەبرىستانلىقتىن بىرقانچە قۇرۇق جەسەت ۋە كىمخاب پارچىلىرى، برونزا كۆزگۈ، لاكتىن ياسالغان قۇتا، مارجان، ياغاچ بۇيۇم، ساپال قاچا، يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچىلىرى، قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر قاتارلىقلارنى تاپتى. مۇشۇ ئىز ئەتراپى (بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىزى) دىن ستەين ئەينى يىللاردا بىرقانچە يۈز پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر، تېرىگە يېزىلغان ھەرخىل ھۆججەت، ياغاچتىن ياسالغان بۇددا ھەيكىلى قاتارلىق يادىكارلىقلارنى تاپقانىدى. بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاسا شەكىللىك پەشتاق بار بولۇپ، ئەتراپىدىكى قورشاۋ تېمى ئارقىلىق ئايلانما كارىدور ھاسىل قىلىنغان، ئىبادەتخانىنىڭ مەركىزىي قىسمىلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئىبادەتخانا ئىچىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىن بۇددا ۋە بۇدساتۋا تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرى قېزىۋېلىندى. ئۇنىڭدىن

باشقا، مۇشۇ ئىزدىن يەنە نۇرغۇنلىغان ياغاچتىن ياسالغان بىناكارلىق زىننەت بۇيۇملىرى قېزىۋېلىندى. بۇ يادىكارلىقلار بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ نىيا رايونىغا تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم.

جۇڭگو تەرەپ قازماقچى بولغان قەبرىستانلىق نىيا خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك 38°01'16.8"، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82°42'24.96" قا توغرا كېلىدۇ. قەبرىستانلىق بايقالغان چاغدا M1، M3، M6 - نومۇرلۇق قەبرىلەرنىڭ بىر قىسمى ئېچىلىپ قالغان. قەبرىستانلىققا 95MNM1 دەپ نومۇر قويۇلدى. بۇ نۇقتىدىكى $10\times10m^2$ (مېتىر) $100^2$ دائىرە ئىچىدىن سەككىز قەبرە بايقالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك ياغاچ ساندۇقلۇق قەبرىدىن ئۈچى، توغراقتىن ياسالغان ئولاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى كۆمۈلگەن قەبرىدىن بەشى بار. ئولاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى كۆمۈلگەن قەبرىلەرنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. قەبرە ئىچىدىن چىققان ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ مىقدارى ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈشىمۇ بىردەك ئەمەس.

M1 - نومۇرلۇق جەسەت ساندۇقى ئىچىگە بىر ئەر دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ئوقيا، ئوقدان، سىرلانغان ياغاچ بۇيۇم، ساپال قاچا قاتارلىقلار بار. 5 - نومۇرلۇق جەسەت ساندۇقىنىڭ ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاغزى بىلەن گەۋدىسى ئۈچ يەردىن يۇلغۇن شېخى بىلەن مەھكەم باغلانغان. ئاراشلىرى لاي بىلەن پۇختا سۇۋالغان. جەسەت ساندۇقى ئىچىگە بىر ئايال كىگىزگە ئورىلىپ دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ياغاچ ئارا، سوغا، پەرداز خالتىسى (پەرداز خالتىسىنىڭ ئىچىدە برونزا كۆزگۈ، مارجان بار)، قوي سۆڭىكى، ياغاچ ساپلىق تۆمۈر پىچاق، ساپال قاچا، ياغاچ تاۋاق قاتارلىقلار بار.

M6 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەت ساندۇقىغا بىر ئايال دەپنە

قىلىنغان بولۇپ، ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ياغاچ چۆچەك، ئورچۇق، پارچە - پۇرات يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلار بار. M7 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ساقلىنىشى ناچارراق بولۇپ، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاستى قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭغا بىر ئەر دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ئوقيا قالدۇقى ۋە كىمخابتىن تىكىلگەن كىيىملەرنىڭ پارچىلىرى بار. M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەت ساندۇقىنىڭ سىرتىغا ياغاچ تىزىپ چىقىلغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئارقىسىدىكى بوش ئورۇنلار قوموش ۋە مەڭگەن بىلەن تولدۇرۇلغان (قەبرە ئاساسەن جەنۇبتىن شىمالغا يۆنىلىشتە). جەسەت ساندۇقى ياغاچ تاختايلارنى تورۇملاش ۋە ياغاچ مىخ بىلەن مىخلاش ئارقىلىق ياسالغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە گىلەم يېپىلغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىگە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئەرنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە خەت كەشتىلەنگەن كىمخاب رەخت يېپىلغان. ئايالنىڭ باش قىسمىدا لاكتىن ياسالغان پەرداز قۇتىسى (قۇتىنىڭ ئىچىدە برونزا كۆزگۈ، پەرداز بۇيۇملىرى، يۇڭ ۋە يىپەك يىپ قاتارلىقلار بار)، ئەرنىڭ سول تەرىپىگە ئوقيا، ئوقدان، كەمەر، پىچاق، ياغاچ ئارا قاتارلىقلار قويۇلغان. جەسەت ساندۇقى ئىچىدىكى ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ياغاچ تەڭنە، ياغاچ تاۋاق (تاۋاقنىڭ ئىچىدە قوينىڭ پاچىقى، نەشپۈت، ئۈزۈم قاتارلىق يېمەكلىكلەر بار) قاتارلىقلار بار. ھەر ئىككى جەسەتكە قاتمۇقات كىيىم كىيدۈرۈلگەن. M8 - نومۇرلۇق جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە گۈل بېسىلغان كىگىز يېپىلغان بولۇپ، جەسەت ساندۇقىغا ئىككى ئادەم دەپنە قىلىنغان. ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ئوقيا، ئوقدان، تۈگمە، تەڭنە، ياغاچ ئاياق، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلار، كىمخابلار (كىمخاب رەختلەرگە خەنزۇچە خەت كەشتىلەنگەن)، ساپال قاچا قاتارلىقلار بار.

نەق مەيداندا خىزمەت شارائىتى، ئۈسكۈنىلەر چەكلىمىسى سەۋەبىدىن، خادىملار ساقلىنىشى مۇكەممەلرەك بولغان جەسەت

ساندۇقلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تازىلاپ، كېرەكلىك بولغان خەرىتىلەرنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، ئالتە ساندۇقنى ئۆز پېتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلگەن.

N2 - نومۇرلۇق ئىز نىيا خارابىسىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان بۇددا مۇنارىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ستەين 1901 - يىلى بايقىغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە بۇ ئىزنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئۈچ يۈرۈش ئۆي - ئىمارەت ئىزىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلىپ، قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە نۇرغۇن يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى.

95MNM1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق ئاقسۆڭەكلەر قەبرىستانلىقى بولۇپ، نىيا ئارخېئولوگىيىسى بويىچە ئەڭ مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەتىجە ئارقىلىق نىيا خارابىسى 1995 - يىلى مەملىكىتىمىز بويىچە ئارخېئولوگىيىلىك 10 چوڭ بايقاش قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى ۋە نىيا خارابىسى 1996 - يىلى 11 - ئايدا مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىندى.

1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىگە سەككىزىنچى قېتىم كىردى. بۇ قېتىم نىيا خارابىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان 20 كۈنلۈك تەكشۈرۈشتە، ئاساسلىقى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. جۇڭگو تەرەپتىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا بۇددىزم خارابە ئىزىدا قېزىشنى داۋاملاشتۇردى. ياپونىيە تەرەپنى ئاساس قىلغان ئۆلچەش، خەرىتىگە ئېلىش گۇرۇپپىسى N2، N13، N14 ئىزلاردا خەرىتىگە ئېلىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. N5 - نومۇرلۇق بۇددىزم خارابىسىنى تازىلاش، خەرىتىگە ئېلىش خىزمەتلىرى ئىشلەندى. بۇ نۇقتىنى تازىلاش جەريانىدا ياغاچتىن ياسالغان بۇددا ھەيكىلى، قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر، ياغاچ بۇيۇم، ئۈرچۈق، ساپال

پارچىلىرى، بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن ياغاچ ماتېرىياللار قېزىۋېلىندى.
1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يۈفېڭ، كوجىماياسى تاكارا، سابىت ئەخمەت، ئەخمەت رىشىت، يو جىيۈڭ قاتارلىق 10 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا شىمالىي كەڭلىك "N38°19'31·2، شەرقىي ئۇزۇنلۇق "E82°48'49·5 نۇقتىدا بىر ئىز بايقىلىپ، بۇ جايدا ساپال قاچا، تاش پىچاق، يارغۇنچاق تېشى، سۆڭەكتىن ياسالغان مارجان، قاشتېشى بۇيۇمى قاتارلىق يادىكارلىقلار بايقالدى... بۇ نۇقتىدىن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، شىمالىي كەڭلىك "N38°22'9.6، شەرقىي ئۇزۇنلۇق "N82°48'16·5 نۇقتىدىن ئولتۇراق ئۆي ئىزى بايقالدى. ئۆي دەريا ئېقىنىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆپ قىسمى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن. ئۆينىڭ قىسمەن ياغاچلىرى ئېچىلىپ قالغان. بۇ ئۆينىڭ شەرق تەرىپىدە قوي قوتىنى بايقالدى. بۇ ئەتراپتىن ئۇرچۇق، مىس پىچاق، ساپال پارچىسى قاتارلىق يادىكارلىقلار يىغىۋېلىندى. بۇ يېڭى بايقالغان ئىز N5 - نومۇرلۇق بۇددىزىم خارابىسىدىن 50 كىلومېتىر (تۈز سىزىق ئارىلىقى) يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ پەقەت پادىچىنىڭ ساتمىسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىندى.
يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئەخمەت، ماتسۇدا ياتسۇجىما قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن جەنۇبىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈچ كۈن ئىچىدە يېڭىدىن بايقالغان ئۆي ئىزى، قەبرىستانلىق، ئېغىل، سېپىللىق قەلئە قاتارلىق نۇقتىلارنى تەكشۈرۈپ، جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بېكىتىپ، خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. يېڭىدىن بايقالغان نۇقتىلار ئىچىدىكى 96A7 دەپ نومۇر قويۇلغان ئىز سېپىل بىلەن قورشالغان قەلئە بولۇپ، جەنۇب تەرىپىدە دەرۋازىسى بار. دەۋازىنىڭ جەنۇبىغا 6 مېتىر يىراقلىقتا دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي ئىزى (بۇ بەلكىم قاراۋۇلخانا بولۇشى مۇمكىن) بار. سېپىللىق قەلئەنىڭ خەرىتىدىكى ئورنى

شىمالىي كەڭلىك "N37°52'35.7، شەرقىي ئۇزۇنلۇق "E82°43'25.9 قا توغرا كېلىدۇ. قەلئەنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا (ئۇزۇنلۇقى) 185 مېتىر، شەرقتىن غەربكە (كەڭلىكى) 150 مېتىر، دەرۋازىنىڭ كەڭلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. قەلئەنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە سېپىل كۆپرەك، شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرىدە ئازراق ساقلانغان. سېپىلنىڭ كۆپ قىسمى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن. ساقلىنىپ قالغان سېپىللارنىڭ ئاستىنىڭ كەڭلىكى 2 – 3 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.50 – 2.5 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. قەلئە ئىچىدە ئېگىز قۇم بارخانلىرى، قۇرۇپ قالغان توغراقلار بار (ئۆي ئىزلىرى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالغان بولۇشى مۇمكىن). سېپىللىق قەلئەنىڭ جەنۇبىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆينىڭ ئىزىدىن ئىككى دانە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكتىن باشقا يادىكارلىق بايقالمىدى.

جەنۇبنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەنە قاپاقئاسقان كەنتى، ئاقدۆڭ كەنتى، بېلىق كۆلچىكى ئەتراپىدىكى چارۋىچىلار، سالغۇزەك يېزىسى قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك كىشىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەپ، تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئىزلارنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ، قىسمەن يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدى.

يۇقىرىقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، 1996 - يىلى 4 - ئايدا ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە خەنزۇچە - ياپونچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش دوكلاتى» ناملىق كىتابنىڭ 1 - تومى نەشر قىلىندى[1].

---

[1] جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش دوكلاتى»، خەنزۇچە - ياپونچە، 1996 - يىلى 4 - ئاي توكيو نەشرى، 1 - توم، 37 -، 82 - بەتلەر؛ ئەخمەت رىشىت، توختى تۇراخۇن: «نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997 - يىللىق 3 – 4 - قوشما سان، 123 -، 132 - بەتلەر.

1997 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆي خارابىسى ۋە N13 -، N17 نومۇرلۇق ئولتۇراق ئۆي رايونىدا ئۆلچەپ - سىزىش ئېلىپ باردى. 1995 - يىلى بايقالغان 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق رايونىدىكى ئالتە قەبرە بىلەن يېڭى بايقالغان N14 - نومۇرلۇق ئولتۇراق رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەبرىستانلىقتىكى بىر قەبرىدە قۇتقۇزۇش، تازىلاش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ باردى.

نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ستەيىن قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگلارنىڭ نىيا خارابىسىنى بايقاش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىش مەزگىلى بولۇپ، 1901 - يىلىدىن 1931 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچ، ئېلىمىزنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ئارخېئولوگلىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى 1959 - يىلى نىيا ئارخېئولوگىيىسىدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى. بۇ مەزگىل 1959 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۈچىنچى باسقۇچتا، نىيا خارابىسىدە جۇڭگو ۋە ياپونىيە بىرلىشىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش - قېزىشتا يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى قوللىنىش، كۆپ خىل ئۇنىۋېرسال پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ قاتنىششى ئارقىلىق ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ مەزگىل 1991 - يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ

ئېيتقاندا، نىيا ئارخېئولوگىيىسىنىڭ ئۇچىنچى باسقۇچى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە[1].

## 4. نىيا خارابىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئالاھىدىلىكى

نىيا خارابىسىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىش ئەھۋالى ۋە دائىرىسى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇنلىغان ئولتۇراق ئۆي خارابىسى، بۇددا مۇنارى، قەدىمكى كۆۋرۈك، باغ، ئېتىزلىق، يول، خومدان، مېتال تاۋلاش ئىزى، قەبرىستانلىق، سۇغىرىش سىستېمىسى (ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆل) قەدىمكى شەھەر ئىزى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك خارابىسى قاتارلىق 100دىن ئارتۇق ئىز بايقالدى. بۇ ستەين بايقىغان 50تىن ئارتۇق نومۇر قويۇلغان نۇقتىدىن خېلى كۆپ. يۇقىرىقى خارابە - ئىزلار قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، پەقەت قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن تۇۋرۇكنىڭ ئۇچىلا كۆرۈنۈپ قالغان ياكى قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇن دۆۋىلىرى بىلەن كۆمۈۋېتىلگەن. بىر قىسىم جەسەت ساندۇقلىرىنى قۇم بوران ئەسلىي ئورنىدىن يۆتكەپ، يىراق جايلارغا ئاپىرىۋەتكەن. ئىچىدىكى جەسەتلەر قۇملۇقلاردا چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، بۇ ئەھۋاللار كىشىلەرگە بۇ قاقاس بوستانلىقنىڭ گۈللىنىش - خارابلىشىش تارىخىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

نىيا خارابىسى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى قۇرغاق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ شەكلى ۋە

---

[1] يۈ جىيۇڭ: «نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998 - يىللىق 1 - سان، 55 - بەت.

مەھەللىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى ۋە تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان.

1) ئولتۇراق ئۆيلەر ئاساسەن دەريا ئېقىنىنىڭ ئىككى تەرىپى ياكى ئۇنىڭغا يېقىن بولغان تۆپىلىككە جەنۇب - شىمال يۆنىلىشى بويىچە تارقاق جايلاشقان. تۆپىلىك شامالنىڭ يالىشى تۇپەيلىدىن شەكىللەنگەن ياكى سېغىز لاي قەۋىتىنىڭ دۆۋىلىنىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. شۇنداق بولغاچقا بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ھايات مەنبەسىنى ئانا دەريا — نىيا دەرياسى ئاتا قىلغان.

2) ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ شەكلى ۋە مەھەللىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىقتىدارى باشتىن - ئاخىر مۇھىت ۋە ھاۋا شارائىتىغا ماسلىشىپلىق بىلەن بويسۇنغان. قەبرە ماتېرىياللىرىدىنمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا ئېرىشىلگەن ھەرخىل ماتېرىياللار بۇ يەردىكى بوستانلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناھايىتى ئاجىز، شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىكەنلىكىنى، قۇم بوران، تومۇز ئىسسىق، سوغۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش — بۇ يەردىكىلەر ئۆي سېلىش جەريانىدا چوقۇم ئويلىنىدىغان ئەمەلىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، تەكشۈرۈش ئەھۋاللىرىدىن قارىغاندا، بۇ خارابىدىكى ھەربىر رايوندىكى ئىمارەت خارابىسىنىڭ ئەتراپىدا قۇم - بوراندىن مۇداپىئەلىنىدىغان چىتلاق تام بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىمارەتلەرنىڭ ئارىسىغا ھەمدە يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىگىمۇ مۇداپىئە چىتلاقلىرى ياسالغان.

نىيا خارابىسىدىكى ھەرقايسى ئىزلاردىكى تۇپىنىڭ تارقىلىشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە تارقىلىش جەھەتتە مۇئەييەن ئورتاقلىقنى ساقلاپ قالغان.

نىيا خارابىسى خارابە ئىز تىپى جەھەتتىن مەمۇرىي مەھكىمە، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، بۇددا مۇنارى، بۇددا

ئىبادەتخانىسى، تېرىلغۇ يەر، ئېغىل - قوتان، سۇغىرىش سىستېمىسى، يول، قەبرىستانلىق، قەدىمكى شەھەردىن تەشكىل تاپقان. مەسىلەن، N3 - نومۇرلۇق مەھەللە خارابىسىدە ھۆكۈمەت مەھكىمىسى، ئولتۇراق ئۆي، كۆل، يوللارنى كۆرگىلى بولىدۇ. N14 - نومۇرلۇق مەھەللە خارابىسىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئورنى، ئۆستەڭ، كۆل، ئورمان بەلۋېغى، ھويلا، قوتان قاتارلىقلار بار.

نىيا خارابىسىدىكى ئىزلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1) ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى

نىيا خارابىسىدىكى ئۆيلەر كۆپ خانىلىك، كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇپ، بىرىكمە ھالەتتە تارقالغان. ئولتۇراق ئۆيلەر ئادەتتە مېھمانخانا، ياتاق ئۆي، كارىدور، قازناقتىن تەركىب تاپقان. ئۆينىڭ سىرتىغا قوتان سېلىنغان، ئۆينىڭ ئەتراپىغا شاپتۇل، ئۈجمە، ئۈزۈم تىكىلگەن. ھويلا كۆپ ھاللاردا چىتلاق بىلەن قورشالغان. نۆۋەتتە تەكشۈرۈلگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئولتۇراق ئۆي خارابىسىنىڭ تارقىلىش كۆلىمى جەھەتتىكى پەرقى ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەندىن باشقا، جەمئىيەت قاتلىمىنىڭ مۇرەككەپلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2) ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى

بۇ خارابىلىكتىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى دەپ مۇقىم بېكىتىلگەن نۇقتىلار N24، N14، N3 - نومۇرلۇق ئىزلارغا تارقالغان. قېزىۋېلىنغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ۋە قېزىش ئەھۋالىدىن بۇ خىلدىكى قۇرۇلۇشنىڭ ھەيۋەتلىك، ئالاھىدە، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە ۋە چىرايلىقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3) قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئورنى

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ، ئەينەك، ساپال بۇيۇملارنىڭ ياسىلىشى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سەۋىيىسىنىڭ خېلى يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خارابىلىكتىكى ساپالچىلىق

خوٚمدىنى N14 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا، 1995 - يىلى قېزىلغان MN1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي شىمالدىكى خوٚمدان رايونىغا ھەمدە 1 - 97A كەنت توپىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، 20 نەچچىگە يېتىدۇ. N14 - نومۇرلۇق شەرقىي جەنۇبى رايوندىكى ساپال خوٚمدىنىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا سۇ كۆلچىكى (لاي ئېتىدىغان ئازگال) ۋە ئەينەك پىشۇرىدىغان ئوچاق ئىزىمۇ بار.

4) تېرىلغۇ يەر

بۇددا مۇنارىنىڭ شىمالىغا 100 مېتىرچە كېلىدىغان جايدا تەكشى بىر پارچە يەر بولۇپ، بۇنىڭدىكى تېگەن ئىزىدىن ئۇنىڭ تېرىلغۇ يەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بۇ خارابىلىكتىكى قەدىمكى كۇۋرۇكنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىزلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپ نۇقتىلاردىن يەنە دائىرىسى ئوخشاش بولمىغان باغلارنىڭ خارابىسى بايقالدى (مەسىلەن، N10 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ شەرقى، N41 -نومۇرلۇق ئىزنىڭ جەنۇبى، N7 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ غەربى، N29 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ جەنۇبى N31 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ شىمالىي قىسمى قاتارلىقلار).

5) قوتان

قوتاننى بۇ خارابىلىكتىكى ھەرقايسى نۇقتىلاردىكى ئىزلاردىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قوتان ئىزىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئولتۇراق ئۆيلەردىن ئايرىۋېتىلىپ كىچىكرەك لايىھىلەنگەن، ناھايىتى قېلىن بولغان قىغ دۆۋىسى ئۇنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

6) سۇغىرىش سىستېمىسى

بۇ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇغىرىش سىستېمىلىرى ۋە تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان سۇ قۇرۇلۇشى سىستېمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىقلىرىدىن كۆلچەك، سۇ ئامبىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ ھەم ئۇنىڭ قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىزلار ئولتۇراق ئۆيلەردىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە

تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن تەبىئىي يەر شارائىتىنى ئاساس قىلىپ ياسالغان. مەسىلەن، N1 -، N8 -، N14 -، N3 - نومۇرلۇق ئىز قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە سۇنئىي ياسالغان سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىمۇ (N2 - نومۇرلۇق )مۇ بار. كۆلنىڭ چۆرىسىگە ئۇجمە قاتارلىق مېۋىلەر تىكىلگەن. N8 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىن بايقالغان كۆلچەكنىڭ ئىچىدە سۇنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان توپا دۆۋە ساقلىنىپ قالغان. N3 -، N4 - نومۇرلۇق ئىز مەھەللىدىكى سۇ مەنبەسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇپ، ئورمان بەلۋېغى، ئۆي، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. كۆلنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ، ئەتراپىغا ئۇجمە دەرىخى تىكىلىپ چىتلاق بىلەن قورشالغان. كۆلنىڭ جەنۇبىدا يەنە كۆلمى ئانچە چوڭ بولمىغان ئىككى ئولتۇراق ئۆي خارابىسى بار. N13 -، N14 - نومۇرلۇق رايوندىمۇ بىر قىسىم سۇغىرىش سىستېمىلىرىنىڭ ئىزى بايقالغان. بۇ سۇغىرىش سىستېمىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى قەدىمكى نىيە دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ياكى تارماق ئېقىنلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نىيە دەرياسى پەسىللىك دەريا بولۇپ، كۈز ۋە قىش پەسىللىرى قۇرۇپ كېتىدۇ. تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلارنى ساقلاش، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان سىستېمىلارنى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئەينى چاغدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىدى.

7) دىنىي تۈس ئالغان ئىمارەتلەر

نىيا خارابىسىدە دىنىي تۈس ئالغان ئىمارەتتىن بۇددا مۇنارى بىلەن N5 - نومۇرلۇق ئىزدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى بار.

بۇددا مۇنارى پۈتۈن خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئىككى چوڭ يۇلغۇنلۇق قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇم دۆۋىسىنىڭ شىمالىي، شەرقىي، غەربىي قىسىملىرىدا چىتلاق تامنىڭ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە غەربىي قىسمىدىكى قىسمەن ياغاچ قۇرۇلمىلار بۇ يەردە ئەينى چاغدا

خېلى چوڭ كۆلەمدىكى قۇرۇلۇش توپىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇددا مۇنارىنىڭ هازىرقى ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى 6 مېتىر، ئىككى قەۋەتلىك، ئاستى قىسمىدا چاسا شەكىللىك ئۇلى بار، ئاستىنقى قىسمىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 5.3 مېتىر، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، شامالدا ئېغىر دەرىجىدە يېمىرىلگەن ۋە ئوغرىلانغان. بۇلاردىن باشقا، بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدىغان تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە هەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا خېلى كۆپ ساندىكى ياغاچ ماتېرىياللىرى تارقالغان هەم ئۇ يەردىن نۇرغۇنلىغان ساپال پارچىلىرى ۋە هايۋانات سۆڭەكلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىغا 400 مېتىر كېلىدىغان يەردىكى بىرقانچە ئورۇندا ئولتۇراق ئۆي خارابىسى بار.

ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ شىمالىدىكى N5 - نومۇرلۇق مەھەللە رايونىنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ستەين بايقاپ، بىر قىسىم تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. 1995 -، 1996 - يىللىرى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە مۇهىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئىبادەتخانا خارابىسى ئېگىز توپىلىق ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، تەكشىلىكتە خەنزۇچە «回» خېتى شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 5.2×5.3 مېتىر، كۆلىمى 28 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئىشىكى غەرب تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان. ئوتتۇرىسىدىكى مۇنارنىڭ ئۇلى ياغاچ تاختاي بىلەن قورشاپ چاسا شەكىللىك رامكا هاسىل قىلىنىپ، ئىچىگە توپا توشقۇزۇپ ياسالغان، ئەتراپى كارىدور، يانتۇ بولۇپ قالغان تۆۋرۈككە ئاساسەن ئىبادەتخانا ئېگىزلىكىنىڭ 5.3 مېتىر ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى باشقا ئولتۇراق ئۆي خارابىسىگە ئوخشايدۇ. ياغاچ كېشەكلىك، ئۆلگۈجەكلىك قۇرۇلما شەكلى ناهايىتى ئۈستىلىق بىلەن قوشام تامغا ماسلاشتۇرۇلغان. ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي شىمال كارىدورىدىكى تامنىڭ گۈمۈرۈلۈپ

چوشكەن قالدۇقلىرىنى رەتلىگەندە، بۇددا ۋە بۇدساتۋانىڭ ئوبرازى بار تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى بايقالدى. ئىبادەتخانىنىڭ غەربىدە جەنۇب - شىمال يۆنىلىشى بويىچە تىزىلغان بىر گۇرۇپپا چاسا شەكىلدىكى ئىمارەت خارابىسىدىن ئىككى يۈزگە بۇددانىڭ ئوبرازى ئويۇلغان تۆت دانە ياغاچ ئويما بۇيۇم تېپىلدى، بۇ راھىبلارنىڭ ياتاقخانىسى بولۇشى مۇمكىن. ئىبادەتخانىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ستەين ئىملىگىرى 16 — N5 دەپ نومۇر قويغان ئۆي خارابىسىدىن نۇرغۇنلىغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، قوي تېرىسىگە يېزىلغان ۋەسىقە ھەمدە «چېنشى 5 - يىلى» دېگەن مەزمۇندىكى خەنزۇچە خەت يېزىلغان تارشا پۈتۈك قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى.

8) يول

نىيا خارابىسى ئىچىدە مەھەللە بىلەن مەھەللىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىغان يول خارابىلىرى تېخى بايقالمىدى. لېكىن، ئوخشاش بىر مەھەللە ئىچى ۋە بىرقانچە ئىمارەتلەر گۇرۇپپىسى ئارىسىدا قاتناش يوللىرى بايقالدى. مەسىلەن، 4 — N8 ،92A - نومۇرلۇق مەھەللە خارابىسى ئىچىدە بايقالغان يولنىڭ كەڭلىكى 2 — 3 مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ھەر خىل دەرەخلەر تىكىلىپ، چىتلانغان. بۇنداق ئورمان بەلۋېغى ئىزى باشقا خارابىلەردىمۇ بار.

9) قەبرىستانلىق

نىيا خارابىسىدىكى قەبرىلەر ئاساسەن بەش ئورۇنغا تارقالغان.

(1) N3 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ جەنۇبىدىكى قەبرىستانلىق. بۇ قەبرىستانلىق N3 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 300 مېتىر كېلىدىغان سېغىز تۆپىلىكنىڭ چەت گىرۋىكىگە جايلاشقان، تارقىلىش دائىرىسى تەخمىنەن 1000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. يەر ئۈستىگە ئادەم سۆڭىكى ھەم بىر قىسىم ساپال، مىس

بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى تارقالغان. 1993 - يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىر قەبرىستانلىقتىن نەچچە ئون دانە ساپال بۇيۇم قاتارلىق يادىكارلىقلارنى قېزىۋالدى. 1997 - يىلى يەنە نىيا خارابىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئېچىلىپ قالغان قەبرىلەردىن (100 تالدىن ئارتۇق) مارجان، گۈل بېسىلغان ئالتۇن ياپراقچىدىن بىرقانچىنى يىغىۋالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، N ئېرىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 600 مېتىر كېلىدىغان يۇلغۇنلۇق قۇم دۆۋىسىدە ئۇلاق شەكىللىك ياغاچ تاۋۇتتىن خېلى كۆپى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

(2) N2 - نومۇرلۇق ئېرىقنىڭ جەنۇبىدىكى قەبرىستانلىق. بۇ قەبرىستانلىق N2 - نومۇرلۇق ئېرىقنىڭ شىمالىدىكى مەھەللە رايونىغا تەخمىنەن 400 مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ يۇلغۇنلۇق قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە جايلاشقان. يەر ئۈستىدە يۇڭ كىيىم كىيدۇرۇلگەن مۇمىيا، جەسەت ساندۇقىنىڭ تاختىيى، يۇڭ چىگە قاتارلىقلار چېچىلىپ تۇرىدۇ.

(3) 1993 - يىلى بايقالغان نىيادىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق. بۇ ستەيننىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىكى غەربىي شىمال قەبرىستانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر كېلىدىغان جىلغىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. تارقىلىش دائىرىسى نەچچە ئون مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1993 - يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بۇ قەبرىستانلىقتىكى بەش قەبرىنى تەكشۈرۈپ بىر مۇمىيا، ياغاچ ۋە ساپال بۇيۇملارنى قېزىپ چىققان.

(4) N14 - نومۇرلۇق ئېرىقنىڭ غەربىي شىمالدىكى قەبرىستانلىق. بۇ قەبرىستانلىق 1997 - يىلى تۇنجى قېتىم بايقالغان بولۇپ، N14 - نومۇرلۇق ئېرىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 600 مېتىر كېلىدىغان يۇلغۇنلۇق قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە ياكى قۇم بارخىنى ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ يەردىكى قىسمەن قەبرىلەر يەر ئۈستىگە چىقىپ قالغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن ئىچى كاۋاك ساندۇق شەكىللىك

جەسەت ساندۇقىدىن ئىككىسى ھەمدە ئولاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقىدىن بەشى قېزىۋېلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر جەسەت ساندۇقى ئىچىگە ئالتە ئادەم بىللە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسى قۇرۇپ، مۇمىياغا ئايلىنىپ قالغان. مۇمىيالارنىڭ ئۇچىسىغا شايى كىيىم، پۇتىغا يۇڭ كەشتىلىك ئاياغ كىيدۈرۈلگەن، ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن گۈل كەشتىلەنگەن يەڭلىك، ساپال كومزەك، ياغاچ جاۋۇر قاتارلىقلار بار.

(5) 1995 - يىلى بايقالغان نىيا 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقى. بۇ قەبرىستانلىق N8 - نومۇرلۇق ئىزنىڭ شەرقىگە 1.2 كىلومېتىر، شىمالىدىكى N13، N14 - نومۇرلۇق مەھەللە خارابىسىگە 1.4 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇق ۋە يۇلغۇنلۇق قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، 1995 - يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تاسادىپىي بايقىغان ھەم شۇ يىلى توققۇز قەبرىنى قېزىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، 100 كۋادرات مېتىر دائىرە ئىچىدە سەككىز قەبرە بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك، ساندۇقسىمان ياغاچ جەسەت ساندۇقى كۆمۈلگەن قەبرىدىن ئۇچى، ياغاچنىڭ غولىدا ياسالغان ئولاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى كۆمۈلگەن قەبرىدىن بەشى بار. ساندۇقسىمان جەسەت ساندۇقى ئىچىگە ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم دەپنە قىلىنغان. ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ سانى كۆپ، ئاخىرەتلىك كىيىمى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. ئولاق شەكىللىك ياغاچ جەسەت ساندۇقىنىڭ بىر قىسمى ياخشى ساقلانغان، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە «خان غوجام، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەيلا، نەۋر - چەۋرىلىك بولغايلا» دېگەن خەنزۇچە خەت بار كىمخاب بەللىك، «شەرقتىن كۆرۈنسە بەش ئەختەر، پايدىسى جۇڭگوغا ياغار» دېگەن خەنزۇچە خەت بار كىمخاب يەڭلىك قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر.

10) قەدىمكى شەھەر

قەدىمكى شەھەر —— قەدىمكى خارابىلىك رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆپ قىسمى ئېگىز يۇلغۇنلۇق قۇم

دۆۋىسى ئاستىدا قالغان. شەھەر ئېلىپسىمان شەكىلدە بولۇپ، ئايلانمىسى ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ شەرق، شەرقىي جەنۇب، شىمالىي ۋە غەربىي شىمال قىسىملىرىنىڭ قالدۇقى دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 0.2 — 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 1 مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ ئىچىدىكى سېپىلنى بويلاپ تىكىلگەن توغراقلار ھېلىھەم كۆكىرىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي شەھەر قوۋۇقى 3.5 مېتىر كېلىدۇ، جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر كىچىك ئۆي خارابىسىدىن بىر دانە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك بايقالدى[1].

## 5. نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش

نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش — نىيا ئارخېئولوگىيىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا بولۇپ، ئۇ نىيا خارابىسى بايقالغاندىن ھازىرغىچە بولغان بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئۇزاق جەرياندا نىيا خارابىسىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى نۇرغۇن قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە نىيا ئارخېئولوگىيىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر پەقەت «نىيا» نامىنى دۇنياغا تونۇتۇش ۋە «نىيا ئارخېئولوگىيىسى» نىڭ بارلىققا كېلىشىدىلا رول ئوينىدى. «نىيا ئارخېئولوگىيىسى» نىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە بۇ ھەقتىكى تونۇشنىڭ ئىلمىي سىستېما دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1959 - يىلى ئېلىمىز

[1] يۈ جىيۇڭ: «نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998 - يىللىق 1 - سان، 58 -، 61 - بەتلەر.

ئارخېئولوگلىرىنىڭ نىيا خارابىسىدە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نىيا ئارخېئولوگىيىسىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشتى. شۇڭا، نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىنى مەيلى كۆلەم جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى يۇقىرى تېخنىكا ۋە ئۇنىۋېرسال پەن تەتقىقات جەھەتتىن بولسۇن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان بىرقانچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

## 1) 1959 - يىلى نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى قىزغىن تەبرىكلىنىۋاتقان ۋاقىت، يەنى 1959 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكىلەر نىيا خارابىسىگە بېرىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ بىر جۈپ ئاقسۆڭەك ئەر - خوتۇن دەپنە قىلىنغان قەبرە بايقالدى ۋە قەبرىدىن كۆپ مىقداردا يىپەك بۇيۇملار چىقتى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بۇ ئاسارئەتىقىلەر ئىچىدە رەڭدار كىمخاب تون، ھەرخىل گۈل چۈشۈرۈلگەن چىرايلىق كەشتە بۇيۇملار، ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دەۋردىكى پاختا توقۇلمىلىرى ۋە بۇددا سەنئىتى بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە ئىلگىرى مۇنداق بۇيۇملار بايقالمىغانىدى، شۇڭا بۇ قېتىمقى بايقىلىش مەملىكەت بويىچە ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنى بىر مەھەل زىلزىلىگە سالدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نىيا خارابىسى سۈيى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەن، تەرەپ - تەرەپكە

سوزولغان دەريا - ئېقىنلار بىلەن قۇم بارخانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. خارابىلىكنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر قۇرۇق ئېرىق، شەرق تەرىپىدە ئىككى قۇرۇق ئېرىق بولۇپ، كەڭ - تارلىقى ئوخشاش ئەمەس. بۇ ئۈچ ئېرىقنىڭ ھەممىسى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلۇپ خارابىلىككە يېقىن جايدىكى قۇم بارخانلىرى ئىچىدە يوقاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆلارنىڭ 1000 نەچچە يۈز يىل ئاۋۋالقى دەريانىڭ كونا ئىزى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خارابىلىكتىكى تارقاق جايلاشقان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىزلىرىغا ئاساسەن تەھلىل قىلغاندا، بۇ خارابە ئىزنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 22 كىلومېتىر، دەريانى پاسىل قىلغاندا، شەرقتىن غەربكىچە (ئەڭ كەڭ يېرى) بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 6 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۆلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى زىچ، بەزىلىرى تارقاق جايلاشقان بولۇپ، ئۈچ - تۆت ئائىلە، 8 — 10 ئائىلە بىر يەردە ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالمۇ، بىر ئائىلە ئايرىم ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالمۇ چىقىلىدۇ. بىر ئېغىز ئۆي ناھايىتى كەمبەغەل ئائىلىنىڭ ئۆيى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ يېرىمىنى ئۆي، يېرىمىنى ئېغىل قىلغان بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۆيىنىڭ يېرىمىدىن پارچە - پۇرات لاتا، كىگىز پارچىلىرى، ياغاچ ياكى ساپالدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يېرىمىدىن 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئات - كالا تېزەكلىرى بايقالغان. نىيا خارابىسىنىڭ يەر ئۈستى خەرىتىسىدىكى 2 - نومۇرلۇق خارابىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ پۇتكۈل خارابىلىكتىكى ئادەم زىچ ئورۇنلاشقان جاي بولۇپ، ئۇ يەردە كەم دېگەندە 100 نەچچە ئېغىز ئۆي قاتار سېلىنغان، كوچىلىرى تۇتاشتۇرۇلغان، ئەتراپى قېلىن سوقما تام بىلەن قورشالغان. بۇ جاي «نىران» (نىيا) بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېگىز بىر ئىمارەتنىڭ خارابىسى بار بولۇپ، ئېھتىمال ئۇ

ئاقسۆڭەكلەر تۇرغان جاي بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بۇ ئىمارەتنىڭ كۆپ قىسمى كولاپ بۇزۇۋېتىلگەن.

خەرىتىدىكى 31 ـ نومۇرلۇق ئورۇن ئېگىز بۇددا مۇنارىنىڭ ئىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى چاسا، ئۈستى يۇمىلاق، مۇنار كېسەكتە قوپۇرۇلغان، ئەتراپىدا ئىبادەتخانىنىڭ ئىمارەتلىرى بار. خەرىتىدىكى 1 ـ نومۇرلۇق ئورۇن بىر يورۇش ئىمارەتنىڭ 9 ـ نومۇرلۇق ئورنى «مەركىزىي زال»نىڭ ئىزىدۇر. ستەين 1901 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 1 ـ نومۇرلۇق ئورۇن («ھۆكۈمەت مەھكىمىسى») دىن ئۇلتىماتۇم، ھېسابات دەپتىرى، ھۆكۈمەت خەت ـ چەكلىرى ۋە خۇسۇسىي خەت ـ چەك قاتارلىق نەچچە يۈز پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنى تاپقان، «مەركىزىي زال»دىن نەپىس ئويما بۇيۇملار، كىگىز، دۇۋەت ـ قەلەم ۋە شىر سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۈستەل قاتارلىق قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەرنى قېزىۋېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

خارابىلىكتە خامان، كۆلچەك، ساپال خۇمدىنى، قوتان، ئېتىزلىق، ئورمان بەلۋېغى ۋە تونۇر قاتارلىقلارنىڭ ئىزى، بەزى ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا گۈل ـ گىياھنىڭ، دەل ـ دەرەخنىڭ، ئارقىسىدا مېۋىلىك باغنىڭ ئىزى بار. قومۇش، شاخ ـ شۇمبىلاردا توقۇلغان قوم توسۇش قاشالىرى ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا قۇمنىڭ كۆچۈشىنى توسۇپ تۇرۇپتۇ. ئۆيلەرنىڭ سىرتىدىكى سالقىنداش سالاسۇنلىرى ۋە ئۆي ئىچىدىكى ئوچاقلار ھەتتا تۈۋرۈك، ئىشىك قاتارلىقلار ھېلىمۇ بۇرۇنقى جايىدا ئىكەن.

قالايمىقان كولىنىپ قاتتىق ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تېمى ۋە ئېگىز تۈۋرۈكلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، يەر ئۈستىدە قېلىن كۆچمە قۇم دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. بەزى ئۆيلەرنىڭ تام ـ تورۇسلىرى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، قېلىن قۇم ئاستىدا قاپتۇ. كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەر ياكى چىۋىق، قومۇشتىن ئەپچىل توقۇلغان قاشالار ھېلىھەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

بۇ قىتىمقى تەكشۈرۈشتە جەمئىي 10 ئېغىز ئۆي قېزىلىپ رەتلەندى. رەتلەشتە ئاساسلىقى، قۇم - توپىلارنى ئادالاش، ئۆيلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى سىزىپ چىقىش ۋە چىققان ئاسارئەتىقىلەرنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى.

1 - ئورۇندىكى رەتلەنگەن ئۆي (№59MN0001) نىيا خارابىسىنىڭ يەر ئۈستى خەرىتىسىدە 2 - نومۇر قويۇلغان ئورۇندىكى 120 نەچچە ئېغىزلىق ئۆينىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان. بۇ يەردە تەخمىنەن بەش - ئالتە ئۆيلۈك ئادەم تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھەرقايسىسى بىر - ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئايرىم ئولتۇرغان، لېكىن بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قۇم ئاستىدا قالغان ئۆيدىن ئېگىز - پەسلىكى ئوخشاشمايدىغان بىرنەچچە تال تۈۋرۈكنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شىمال ۋە شەرق تەرەپكە 5 گرادۇس قىڭغىيىپ قالغان. ئۆينىڭ ئىشىكى شىمالىي تامنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ئېچىلغان. ئۆينىڭ ئىچى شەرقتىن غەربكە 4.9 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 1.9 مېتىر كېلىدۇ. قۇم تازىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىن 5 — 12 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى چىڭدىلىپ كەتكەن غەربىي قىسمى خېلى قېلىن كالا تېزىكى قاتلىمى بايقالدى، تېزەك قاتلىمى ۋە يەر ئۈستىدىن بىرقىسىم چارۋىچىلىق قوراللىرى ۋە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر تېپىلدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۇ ئۆينى پادىچى ھەم ئۆي، ھەم قوتان قىلغانىكەن، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئۆينىڭ تېمى توم ياغاچنى يەرگە قاداپ، ئاندىن يۇلغۇن چىۋىقىدا توقۇپ، سىغىز لاي بىلەن 7 — 8 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا سۇۋالغان.

بۇ ئۆينىڭ ئىچىنى رەتلەش جەريانىدا، بىر دەستىلىك ياغاچ چاق (چاقنىڭ دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30.5 سانتىمېتىر، ياغاچ

چاقىنىڭ دىئامېتىرى 5.3 سانتىمېتىر، چاقىنىڭ قېلىن جايى 2.5 سانتىمېتىر)، بىر ئۇچى كۆيۈپ ئۇزۇلۇپ كەتكەن، ئۇزۇنلۇقى 18 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر تال ئوقيا سۇنۇقى، ياي شەكلىدىكى تاختىدىن ياسالغان، ئىككى ئۇچى ۋە ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك تېشىلگەن بىر بويۇنتۇرۇق، 37 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تاختىمۇشۇك، گىرۋەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇپرىغان، بەش پارچە بولۇپ كەتكەندىن كېيىن تۆشۈك تېشىپ يۇڭ يىپتا چىگىلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر ياغاچ نوگاي تېپىلدى. شۇ ئۆيدىكى كالا تېزىكى قاتلىمىدىن يەنە ئىككى تەرىپىگە «+» بەلگىسى ۋە بەش يۇلتۇزغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بەلگە ئويۇلغان بىر ياغاچ بۇيۇمنىڭ دەستىسى بىلەن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا تېپىلدى. بۇ تارىشىنىڭ ھەر ئىككى يۇزىدە ئۈچ قۇردىن بەش قۇرغىچە خەت بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ. شۇ ئۆيدىن بىرى 21 سانتىمېتىر، يەنە بىرى 16 سانتىمېتىر كېلىدىغان، قېلىنلىقى 2.7 سانتىمېتىر كېلىدىغان شىنا شەكلىدىكى ئىككى تارىشا تېپىلدى. ئۇلاردىن باشقا، يەنە ئاز مىقداردا بۇغداي، سۆك (يەر ئۈستىدىن يىغىۋېلىنغان) ۋە كىگىز، رەخت پارچىلىرى تېپىلدى.

رەتلەنگەن 2 - ئورۇن (№59MM0002) يۇقىرىدا ئېيتىلغان جاينىڭ شەرقىگە تەخمىنەن 700 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەر ئويمانلىق بولۇپ، ئىككى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۇ يەردە بىر ئۆيلۈك ئادەم ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى چوڭ - كىچىك تۆت ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرغان. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى شىمالغا قارىتىلغان. شەرق تەرەپتىكى قاتار سېلىنغان ئۈچ ئېغىز ئۆيدىكى تامنىڭ ئۇلىغا يۆلەپ سۇپا سېلىنغان بولۇپ، كولىنىپ بۇزۇۋېتىلگەن. شەرقتىن غەربكە قارىتىپ سېلىنغان بىر ئېغىز ئۆيلا كولانمىغان. دۆۋىلىنىپ قالغان قۇم تازىلانغاندىن كېيىن بوش ئۆي كۆرۈندى. بۇ ئۆينىڭ ئىچىدىن دەستىسى سۇنغان بىر

مس چوموچ (ساق قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر)، ئۇچىدا كۆيگەن ئىز بار بىر كۆسەي (ئۇزۇنلۇقى 52 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.5 سانتىمېتىر)، خېتى ئەڭ جىقلىرىدا ئالتە قۇر خەت بار بىر يېرىم قاپ (ئۈچ تال) تارىشا تېپىلدى.

رەتلەنگەن 3 - ئورۇن (№59MN0003) نىيا خارابىسىنىڭ يەر ئۈستى خەرىتىسىدە 39 - نومۇر بىلەن كۆرسىتىلگەن. بۇ يەر ئېگىزلىك بولۇپ، ئۈچ ئېغىز ئۆي بار، ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئېغىزى كىچىكرەك، قالغان ئىككى ئېغىزى ئۆينىڭ كارىدورىدەك قىلىندۇ. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن بولۇپ، توققۇز تال تۇۋرۇكىلا قۇم ئۈستىگە چىقىپ قالغان. ئېگىزلىكتىكى قۇم قاتلىمىدىن ئۈستىگە گۈل نۇسخىلىرى ئويۇلغان نۇرغۇن تارىشا سۇنۇقلىرى چېلىقتى. ئېھتىمال بۇلار بۇزۇلغان ئۆينىڭ بېزەك بۇيۇملىرى بولسا كېرەك. شەرق تەرەپتىكى بىر ئېغىز ئۆيدە سۇپا ۋە ئوچاق بار. تامنىڭ ئۇلىدىكى بىر قەۋەت قۇم تازىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، تامنىڭ بۇلۇڭىدىن ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بىر جۈپ تارىشا تېپىلدى، توغراق ياغىچىدا ياسالغان بۇ تارىشا پوتۇكنىڭ يۈزى بىر - بىرىگە جۈپلەنگەن، ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.7 سانتىمېتىر، ئۈستىدە بىرنەچچە قۇر قارۇشتى يېزىقى بار. يۇڭ يىپ بىلەن ئۈچ يەردىن چىگىلگەن، چىگكەن يىپنىڭ ئاستى - ئۈستى ئايرىم - ئايرىم سېغىزلاي بىلەن پېچەتلەنگەن بولۇپ، ئالدى يۈزىنىڭ ئىككى يېرىگە ئىمزا قويۇلغان. ئىمزانىڭ بىرى تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۈستىدىكى قاپارتما خەت گۈل بەرگىگە ئوخشىتىپ يېزىلغان، يەنە بىر ئىمزا ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە كىچىكرەك يېزىلغان، ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 سانتىمېتىر، سىزىقلىرى تۇتۇق. ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ - سول ئىككى تەرىپى لايدا پېچەتلەنگەن بولۇپ، لاي پېچەتتە بېشى يوغان، قاڭشارلىق،

ئورۇق، قولىنى كۆتۈرۈپ يېنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يالىڭاچ بىر ئادەمنىڭ رەسىمى بار. سول تەرەپتىكى لاي پېچەت بۇزۇلغان، رەسىمنىڭ نۇسخىسى ئېنىق ئەمەس، ئوتتۇرىسىدا ئۈچ پۇتلۇق بىر لوڭقا باردەك قىلىدۇ. يۇقىرىقى تارىشا پۈتۈك تالان - تاراجقا ئۇچرىغاندا بايقالمىغان، ستەين ئېلىپ كەتكەن نەچچە يۈز تال تارىشا پۈتۈك ئىچىدىمۇ بۇنداق پېچىتى بۇزۇلمىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

غەرب تەرەپتىكى ئۆيدە بىر دۆۋە ئاشلىق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى سۆك، ئاز قىسمى بۇغداي ئىكەن، ئۇلار بىرىكىپ قېتىپ كەتكەن، ئاشلىقنىڭ ئىچىگە يېرىمى قىزغۇچ ساپال تەخسە پاتۇرۇلغان.

رەتلەنگەن 4 - ئورۇن (№:59MN0004) خەرىتىدە 38 - نومۇر قويۇلغان ئۆينىڭ ئورنىدۇر. ئۇ يەردىكى ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ھەممىسى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. قۇم دۆۋىسى تازىلانغاندىن كېيىن، يەردىن بىر يۈزىنىڭ ھەممە يېرىگە قاروشتى يېزىقىدا خەت يېزىلغان، بىر يۈزىگە يېرىم قۇر خەت يېزىلغان ئۇزۇن تارىشا (ئۇزۇنلۇقى 47.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر)، يەنە بىر تامنىڭ بۇلۇڭىدىن يەنە بىر ئۇزۇن تارىشا (ئۇزۇنلۇقى 52 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر) ۋە ئۈچى يۇملاق تاختا شەكىللىك كىچىك بىر تارىشا (ئۇزۇنلۇقى 9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر) تېپىلدى. بۇ ئۇزۇن تارىشىنىڭ بىر يۈزىگە قىسقا - قىسقا تۆت گۇرۇپپا خەت يېزىلغان. تاختا شەكىللىك كىچىك تارىشىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېنىق يېزىلغان قاروشتى يېزىقىدىكى خەتلەر بار.

رەتلەنگەن 5 - ئورۇن (№:59MN0005) خەرىتىدە بىر تۇتاش 34 - نومۇر قويۇلغان جايدىكى ئۆينىڭ ئورنىدۇر. ئۇ يەردە ئۈچ ئۆي بولۇپ، ھەممىسى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. رەتلەش داۋامىدا ئوتتۇرىدىكى ئۆينىڭ بۇلۇڭىنىڭ ئاستىدىن ئىچىگە بىرمۇنچە

سوْنوْق تارىشا سېلىنغان بىر ئەسكى ئىدىش تېپىلدى. ئۇ تارىشىلار ئۇروْمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ، سوْنوْقلىرى يەملەپ ئۇلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر يوْرۇش (ئىككى تال) شىنا شەكىللىك تارىشا، سەككىز تال تاختا شەكىللىك تارىشا بايقالدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىغا خەت يېزىلغان، ياغاچلىرى بەك چىرىپ كەتكەچكە، خەتنىڭ ئىزى توْتوْق بولۇپ قالغان. بۇ ئىدىش ئىچىدىكى تارىشىلارنىڭ ساقلىرى ئىلغىۋېلىنغاندىن كېيىن تاشلىۋېتىلگەن سوْنوْق تارىشىلاردەك قىلىدۇ.

رەتلەنگەن 6 - ئورۇن (№:59MN0006) خەرىتىدە 2 - نومۇر قويۇلغان ئۆيلەرنىڭ شەرقىي شىمالى بۇرجىكىدىكى شامال ئېغىزى — ئويمانلىقتا جايلاشقان. ئۇ يەردە ئىككى ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى شەرقىي تامنىڭ سىرتىدا باغنىڭ ئىزى، شاخ - شۇمبىلاردىن توقۇلغان قاشا ھېلىمۇ بۇرۇنقى ئورنىدا ساقلىنىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئورنىدىكى قۇرۇپ قالغان بىرنەچچە توپ دەرەختتىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئۆينىڭ مۇھىتىنىڭ ناھايىتى گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىچى ۋەيران قىلىنمىغاندەك تۇرىدۇ. شاخ - شۇمبىدىن توقۇلغان قاشامۇ ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. لاي بىلەن قۇم ئادالانغاندىن كېيىن، ئۆرۈلگەن قاشانىڭ ئاستىدىن ئۇزۇنلۇقى 40 — 55 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۆت كامالەك تېپىلدى. كامالەكنىڭ ئىككى ئۇچى يونۇپ يۇمىلاق قىلىنغان، يۇڭ شوينىدىن قىلىنغان كىرىچى ئىككى ئۇچىغا چىگىلگەن. ئۇنىڭ ئىنچىكە - قىسقىلىقىغا ئاساسلانغاندا، باللار ئويۇنچۇقى بولۇشى مۇمكىن. ئىشلىتىپ بولۇپ ئىشكىنىڭ ئارقىسىغا تاشلىۋېتىلگەن بۇيۇملار ئىچىدە ئىككى دۆۋە تارىشا پۈتۈك بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككى يۇرۇش تارىشا پۈتۈك ئوبدان ساقلانغان، تىزىپ قويۇلغان تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بىرىگە بىر تال تارىشا ياپقۇچ قىلىنغان، ئۇنىڭ ئاستىنقى يۈزىدە ۋە باشقا ئىككى تال تارىشا پۈتۈكتە خەت بار.

رەتلەنگەن 7 - ئورۇن (№:59MN0007) خەرىتىدە 2 - نومۇر قويۇلغان ئۆينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، تالان - تاراجدىن ساقلىنىپ قالغان تۆت تال تارىشا پۇتۇكنى تاپتۇق، ئىككىسىنىڭ خېتى ناھايىتى ئوچۇق ئىكەن.

رەتلەنگەن 8 - ئورۇن (№:59MN0008) خەرىتىدە 29 - نومۇر قويۇلغان جايدا بولۇپ، ئۇ يەرمۇ قاتتىق ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. ئۇ يەردىكى قۇمنىڭ ئاستىدىن خېتى بار ئىككى تارىشا پۇتۇك ۋە بىر تال بۇغداي باشىقى، بۇغداي دانچىلىرى ھەمدە بۇغداي قىلتىرىقىنى تاپتۇق.

رەتلەنگەن 9 - ئورۇن (№:59MN0009) خەرىتىدە 6 - نومۇر قويۇلغان جايدا بولۇپ، ئۇ يەردە تۆت چاسا چوڭ ئۆينىڭ ئىزى بار. ئۇ يەردىن ئىككى تال جۇۋالدۇرۇز (بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر، يەنە بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر)، چوڭ - كىچىك تۆت تال تاختىمۇشۇك تاپتۇق.

رەتلەنگەن 10 - ئورۇن (№:59MN0010) خەرىتىدە 36 - نومۇر قويۇلغان جاي بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئۆيلەرگە سوغۇق قول تەگمىگەن. قومۇش، ئوت - چۆپلەردە يېپىلغان ئۆگزىنىڭ كۆپ قىسمى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن. بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ تۆت تېمى قومۇش، ئوت - چۆپلەر بىلەن توقۇلغان، تامنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2.1 مېتىر بولۇپ، كۆپ قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئەسلىدە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلغان بولسىمۇ ئاللىقاچان يوقالغانىكەن، تۈۋرۈكنىڭ يەرگە كۆمۈلگەن قىسمى ھېلىمۇ ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۆگزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە تۆت چاسا تۈڭلۈك بولۇپ، ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ چوڭ ئۆيدىن بىر كىچىك كارىدور ئارقىلىق ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگىلى بولىدۇ. چوڭ ئۆينىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئارىلىقى 7 مېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى 5.5 مېتىر، كارىدورنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئارىلىقى 3 مېتىر،

شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى 7 مېتىر كېلىدۇ. تاشقىرىقى ئۆيىنىڭ ئىشىكى غەرب تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان، كارىدورنىڭ جەنۇبىي تېمىغا يۆلەپ ئۇزۇنلۇقى 3.20 مېتىر، كەڭلىكى 1.50 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.4 مېتىر كېلىدىغان سۇپا سېلىنغان بولۇپ، سۇپىنىڭ قىرغىقى كېسەكتە قوپۇرۇلغان، ئوتتۇرىسى قۇرۇق سېغىز توپىدا تىندۇرۇلۇپ، تەكشى سىلىقلانغان، ئۈستىگە بورا سېلىنغان. چوڭ ئۆيىنىڭ شەرق، جەنۇب، غەرب تەرەپلىرىدىكى تامنىڭ ئۇلىغا يۆلەپ سۇپا سېلىنغان بولۇپ (سۇپىغا سېلىنغان بورا چىرىپ كەتكەن)، سۇپىنىڭ سېلىنىشى ۋە چوڭلۇقى كارىدوردىكى سۇپا بىلەن ئوخشاش. چوڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىنى رەتلەش جەريانىدا ئەسلىدىكى ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ يەر ئاستىدا قالغان قىسمىنىڭ يېنىدىن بىر ئىتنىڭ پۈتۈن ئىسكىلىتى، ئۆيدىكى سۇپىنىڭ ئۈستىدىن بىر دۆۋە ئىدىشنىڭ سۇنۇقى (ئىدىش قىزىل رەڭلىك، ئاغزى يوغان، قورسىقى يۇمىلاق، تۈۋى تۈز بولۇپ، ئاغزىدىن قورسىقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەگرى سىزىق، ئۈچ بۇرجەك ۋە قىيپاش كاتەكچىلەر بار) تېپىلدى. ئۇ ئۆيدىن يەنە مۇنداق ئۈچ خىل يۇڭ توقۇلما چىقتى. بىر خىلى، ئادەم، هايۋان، ئۈزۈمنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك چەكمەن بولۇپ، ئۇ رەڭلىك ئۆرۈش يىپتىن باشلاپ گۈل چىقىرىلغان، ئىككى يۇرۇش سېرىق ئارقاق يىپ بىلەن ئىككى يۇرۇش سېرىق - يېشىل ئۆرۈش يىپتا ئىككى قات قىلىپ توقۇلغان. ئورا كۆز، قاڭشارلىق ئادەمنىڭ رەسىمى، يولۋاس، بۇغا قاتارلىق هايۋانلارنىڭ بېشىنىڭ رەسىمى، ئۈزۈمنىڭ تال يوپۇرماقلىرى ۋە گۈللۈكنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. ئۇ چەكمەن بىر كۋادرات سانتىمېتىرغا 20 تال ئارقاق، 30 قۇر ئۆرۈش (ئىككى قات ئۆرۈش سېلىنغاچقا، ئەمەلىيەتتە 60 قۇر) سېلىپ توقۇلغان. ئىككىنچى خىلى، رومبا شەكىللىك تۇتاش كاتەكچە ۋە تۆت ياپىراقلىق گۈل بەرگىسىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك چەكمەن. ئۇنىڭغا ئۆرۈشىدىن باشلاپ گۈل چىقىرىلغان، ئۈچ قات توقۇلغان، 1 كۋادرات سانتىمېتىرغا 16 تال ئارقاق، ئۈچ قۇر

جەمئىي 24 تال ئۆرۈش سىلىپ توقۇلغان. چەكمەنىڭ تەكتى كۆك، رومبا شەكىللىك كاتەكچىلىرى ئاق، گۈل بەرگىلىرى قىپقىزىل، چۆرىسى ئاقۇچ بولۇپ، گۈل نۇسخىسى كونىچە ۋە كۆركەم، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتمىگەن. ئۇچىنچى خىلى، تۆت ياپراقلىق گۈل بەرگىسىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن سېرىق رەڭلىك چەكمەن بولۇپ، باشقا رەسىم نۇسخىلىرى يوق. قىرغىقىغا ئازراق جىيەك تۇتۇلغان، توقۇلۇشى ئىككىنچى خىل چەكمەنگە ئوخشايدۇ. بۇ چەكمەن ئىككىنچى خىل رەڭلىك چەكمەنگە تىكىلگەن ئىكەن. شۇ ئۆيدىن يەنە توققۇز تال قارۇشتى يىپىنى يىپرقىدىكى تارىشا تېپىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەتتە تال تارىشىدا قارۇشتى يىپرقىدىكى خەت بار ئىكەن. بۇ تارىشىلارنىڭ بەزىلىرى شىنا شەكىللىك، بەزىلىرى سوزۇنچاق تۆت بۇرجەك بولۇپ، سىرتى ئۇستىدە چىپچىقلىق ئىكەن. ئۇ ئۆيدىن يەنە ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر دانە ساداقنىڭ سۇنۇقى تېپىلدى. ئۇنىڭ پايىنىگە ئويۇپ نۇ چىقىرىلغان، ھايۋان پېيى ئورالغان، قارا، قىزىل رەڭدە بويالغان. يەملەنگەن ئۈچ تال پەي ئىزى بار. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى بىلەن ئارقا تەرىپىگە بىردىن ئاق، قارا مارجان بېكىتىلىپ، ئالتۇن ياپراقچە بىلەن قاپلانغان، ئۇلاردىن باشقا، يەنە كالىنىڭ پۇت سۆڭىكىدىن ياسالغان بىر سۆڭەك تاختا چىقتى. ئۇ تىك تۆت بۇرجەك شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 7 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىر يۈزىگە رىتىمسىز، چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەرخىل چۆرگىلىمەچ سىزىق ئويۇلغان.

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن بۇيۇملار ئىكەنلىكى ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئاھالىلەر كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن خارابىلىككە ئايلانغانلىقىنى، ھەممە ئۆيدىن قارۇشتى يىپرقىدىكى تارىشا پۈتۈكچىلەرنىڭ چىققانلىقى ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەينى دەۋردە قارۇشتى يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نىيا خارابىسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ساپال، ياغاچ بۇيۇملار، ھەرخىل توقۇلمىلار، مىس، تۆمۈر، سۆڭەك، تاش ۋە ئەينەكتىن ياسالغان نەچچە يۈز ئاسارئەتىقىنى يىغىۋالدۇق. ساپال بۇيۇملار ئىچىدە قىزغۇچ ئىدىش، گۈل بېسىلغان، گۈل سىزىلغان، سىرلانغان قارا، قىزىل رەڭلىك ساپال پارچىلىرى بار. يىپ ئېگىرىلىدىغان چاقنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى سىپتا ياسالغان، ئۇرچۇقنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يۈزىگە ئاينىڭ ۋە يۇمىلاق يوپۇرماقلارنىڭ رەسىمى ئويۇلغان. بەزى چاناق پارچىلىرىنىڭ ئۈستىدە مىس رەڭگىدىكى دات ئىزى قېلىپ قالغان. ياغاچ بۇيۇملار ئىچىدە تولۇق ساقلانغان ياكى سۇنغان تارىشا پوتوكلەر، ئورغاق دەستىسى، بويۇنتۇرۇق، چۆلۈك، پەنجە، ياغاچ يىڭنە (جۇۋالدۇز)، پىيما قېلىپى، سوغا، ياغاچ ئۇستەل، ياغاچ چۆمۈچ، ياغاچ سۈزگۈچ، چىۋىقتىن توقۇلغان قۇتا، تاختىمۇشۈك، ئوقيا، نەيزە ئۇچى، گۈللۈك تاختا، سالاسۇن پارچىلىرى، ئىشىك لوكىسى، سۈپۈرگە قاتارلىقلار بار. توقۇلما بۇيۇملار ئىچىدە ئاتنىڭ يالى، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان رومكىسىمان بۇيۇم (ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2.5 سانتىمېتىر)، يۇڭ بەلۋاغ، يۇڭ رەخت، يۇڭ توقۇلما، ئارغامچا، يۇڭ چەكمەن ياكى يۇڭ تېرىكە، يۇڭ كىيىم - كېچەك پارچىلىرى، پاختىلىق كىيىمنىڭ پارچىلىرى، تولىما رەخت ۋە شايى، دۇردۇن پارچىلىرى بار. مىس، تۆمۈر بۇيۇملار ئىچىدە «ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىنىڭ مەڭگۈ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمىز» دېگەن خەنزۇچە خەت بار ئەينەك پارچىسى، ئۇچى يارىمىقى، چۆرىسى قىيىۋېتىلگەن مىس يارماق، مىس مىخ، تۆمۈر ئورغاق، پىچاق، ئوق باشىقى قاتارلىقلار بار. سۆڭەك بۇيۇملار ئىچىدە سەدەپتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى، سۆڭەك چوتكا، دورا قوشۇقى، مۆڭگۈز جام (ئىككى چېتىدىن تۆشۈك ئېچىلغان، كالا مۆڭگۈزىدىن ياسالغان رومكىغا ئوخشايدىغان ئۈچ دانە جام

تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 19 ـ 22 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 4 ـ 8 سانتىمېتىر)، قوي مۈڭگۈزىدىن ياسالغان ئوق باشىقى، بىلەي تاش، يارغۇنچاق، يۇملاق تاش، ئۈنچە ـ مارجان (160 نەچچە تال) تېرىۋېلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىل چىشىدىن ياسالغان ھېقىق، مارجان، قاشتېشى، تاش، ساپالدىن ياسالغان مارجان قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ شەكلى ھەرخىل بولۇپ، ئۇزۇنچاق، يۇملاق، ياپىلاق، تۆت بۇرجەكلىك، سەككىز قىرلىق، ئېللىپس شەكىللىك، يۇملاقراق، مېيخۇا گۈلى شەكىلدىكىسى ۋە قىزىل چەمبىرەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارامتۇل، بېلىق كۆزى شەكلى چىقىرىلغانلىرى بار، رەڭگى قېنىق ياكى سۇس يېشىل، سېرىق، ئاق، كۆكۈچ، قىپقىزىل، كۆل رەڭ، ئاق قاشتېشى رەڭدىكىلىرى بار. ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 1.9 سانتىمېتىر، ئەڭ كىچىكىنىڭ دىئامېتىرى 0.3 سانتىمېتىر كېلىدۇ) ۋە ئەينەك سۇنۇقى (سېرىق ۋە سۇس يېشىل رەڭدە، ئۈستىدە كۆپۈكچىلەر ئاز، قېلىنلىقى 0.2 ـ 0.5 سانتىمېتىر) قاتارلىقلار بار.

نىيا خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 2 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، يەنى خەرىتىدە 41 ـ نومۇر سېلىنغان ئورۇن — قۇرۇق دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بىر قەبرىستانلىق بار. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ بەزى جايلىرىدا ئولاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقىنىڭ پارچىلىرى، بوران ئېچىۋەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرى چېچىلىقىدۇ. بۇنداق جەسەت ساندۇقى قۇملۇقنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى — توغراق ياغىچىدىن ياسالغان. ئۇنىڭغا جەسەت ئارانلا سىغىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇم ئاستىغا تېيىز كۆمۈلگەن.

بۇ قەبرىستانلىقنىڭ غەربىدە كەڭلىكى 4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 1 مېتىر كېلىدىغان قۇرۇق دەريا بولۇپ، بۇ دەريانىڭ شىمالىدىكى بىر قۇم تۆپىلىكنىڭ يېنىنى 70 سانتىمېتىر كولىغاندىن كېيىن، تۆت پۇتلۇق جەسەت ساندۇقى تېپىلدى. جەسەت ساندۇقى تازىلاپ پاكىزلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا 1 ـ (59MNM001) دەپ نومۇر قويۇلدى. ئۇنىڭ شىمالىدىكى 80

مېتىر كېلىدىغان جايدىكى قۇم ئاستىدىن يەنە بىر جەسەت ساندۇقى تېپىلدى. جەسەت ساندۇقى ئۇزۇن مۇددەت دەريا سۈيىدە تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەسەتكە كىيدۈرۈلگەن كىيىم - كېچەك ۋە باشقا بۇيۇملار پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەن. جەسەت ساندۇقىغا بىرى ئۈستىگە، ئىككىسى ئاستىغا ئۈچ جەسەت ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئاستىغا ياتقۇزۇلغان سول تەرەپتىكى ئەرنىڭ ئېگىزلىكى 1.82 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئورا كۆز، قاڭشارلىق. سول تەرەپتىكى ئايالنىڭ ئېگىزلىكى 1.63 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بېشى غەربكە قارىتىلغان، ئۈستىدىكىسى ئايالنىڭ جەسىتى بولۇپ، بېشى شەرققە قارىتىلغان. ئۇ ئايالنىڭ ئېگىزلىكى 1.60 مېتىر كېلىدۇ. جەسەت ساندۇقىنىڭ يوچۇقلىرى لاي بىلەن ھىملەنگەن، كىيىم - كېچەكلەر چىرىپ كەتكەن بولۇپ، قۇرۇپ كەتكەن لاي قاتلىمىنىڭ ئۈستىدە توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر پارچە يېشىل رەڭلىك شايى، گۈللۈك دارايىنىڭ ئىزناسى بار. ئايالنىڭ سول تەرىپىگە قويۇلغان چىۋىقتىن توقۇلغان بىر دانە پەرداز قۇتىسى (قۇتىنىڭ ئىچىدىن داتلىشىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن ۋە يۈزى سىلىقلانغان بىر مىس كۆرگۈ) ۋە ئۇزۇنچاق تاش چىققاندىن باشقا، قالغان ھەمدەپنە بۇيۇملار ۋە پەرداز قۇتىسى چىرىپ قۇرۇق لايغا ئايلىنىپ كەتكەن. يەنە بىر جەسەت ساندۇقىنىڭ شەرق تەرىپىگە يۆلەكلىك بىر ساندۇق تاختىيى ئۈستىدىن بىر قۇلاقلىق قىزىل رەڭلىك ساپال ئىدىش ۋە چىرىپ لاي كۆمىلچىغا ئوخشاپ قالغان چاتقال ئۇرۇقى تېپىلدى. قارىغاندا بۇلار جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىگە سىغماي سىرتىغا قويۇپ قويۇلغان ھەمدەپنە بۇيۇملار بولسا كېرەك.

نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ 1 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ قېزىلىشى ۋە ئادالىنىشى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بايقاشلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ قەبرىدىن بايقالغان جەسەت ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ناھايىتى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

1 - نومۇرلۇق قەبرە (59MNM001) لەھەت ئەمەس، بىر ئورا ئىكەن. قەبرە ئۈستىدىكى قۇمنى ئادالىغاندىن كېيىن، 6 — 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چىۋىقلاردىن 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا خېلى پۇختا توقۇلما كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئاستىدىن جەسەت ساندۇقىغا يېپىلغان ئۈستىدە قوڭۇر، ئاق رەڭدىكى سىزىقچىسى بار، قوپال بىر كىگىز (كىگىز يىرتىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن) تېپىلدى. ساندۇق ياپقۇچىنىڭ ئاستىغا ئوڭ - سول تەرەپتىكى ساندۇق تاختىيىنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا ئۈچ تال تاياق قويۇلغان. جەسەت ساندۇقى قۇملۇقتا ئۆسىدىغان توغراق ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، ھەربىر تاختىدىن پالتا ئىزى بىلىنىپ تۇرىدۇ. جەسەت ساندۇقىنىڭ تۇتىشىدىغان جايلىرى ياغاچ مىختا ھىملانغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ كەڭ - تارلىقى ئوخشاش بولۇپ، تۆت بۇرجىكىدە بىردىن ياغاچ پۇتى بار. جەسەت ساندۇقىنىڭ تۈۋىنىڭ ئېگىز چىقىپ قالغان يېرى 18 سانتىمېتىر كېلىدۇ، شەكلى ئۇزۇنچاق تۆت بۇرجەك ساندۇققا ئوخشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى 2.10 مېتىر، كەڭلىكى 0.80 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.56 مېتىر كېلىدۇ.

جەسەت ساندۇقىدا قاتار ياتقۇزۇلغان بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ قۇرۇق جەسىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى شىمالغا قارىتىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. ئەر 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، بويى 1.70 مېتىر كېلىدۇ. قاڭشارلىق، ياڭاق سۆڭىكى كەڭ، ئۈستۈنكى چىشى كۆرۈنۈپ قالغان، چىرايىدىن مەيۈسلۈكى بىلىنىپ تۇرىدۇ، بېشى سول تەرەپكە سەل - پەل قىڭغايغان، چېچى ۋە ساقال - بۇرۇتلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەن، كۆكرىكى تومپايغان، قورسىقى ئولتۇرۇشقان. ئۈچىسىغا «ھەممە ئىشلىرىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولسۇن» دېگەن خەنزۇچە خەت بار، يان تەرەپتىن ئىزمىلىنىدىغان، يېڭى تار ھەم قىسقا، بەل ئايلانمىسى 0.59 مېتىر، ئېتىكى كەڭ، ئۇزۇنلۇقى 2.22 مېتىر، ئېتىكىنىڭ كەڭلىكى 1.42 مېتىر كېلىدىغان پاختىلىق

كىمخاب چاپان كىيدۇرۇلگەن. كىمخاب چاپاننىڭ پېشىگە يەنە «ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر، ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق تىلەيمىز» دېگەن خەنزۇچە خەت بار ئۇزۇنچاق كىمخاب لاتا تىكىلگەن. پاختا رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان كىيدۈرۈلگەن، پۇتىغا گۈل - گىياھ، ھايۋانلارنىڭ رەسىمى بار «ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر، ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق تىلەيمىز» دېگەن خەنزۇچە خەت كەشتىلەنگەن يېشىل كىمخابتىن تىكىلگەن پايپاق، بېشىغا سېرىق شايىدىن تىكىلگەن يېلىڭ بۆك كىيدۈرۈلگەن. ئاغزىغا كىمخابتىن تىكىلگەن ماسكا تاقاپ قويۇلغان، قولىغا كىمخابتىن تىكىلگەن قولقاپ كىيدۈرۈلگەن. چاپىنىنىڭ يېڭىنىڭ ئۇچى قولىغا تۇتقۇزۇلغان، يۈزى ۋە بەدىنى شايى ئەدىيالدا يېپىلغان. ئەدىيالنىڭ ئۇستىگە بىر كامالەك ۋە ئوقدان قويۇلغان. ئوقدانغا قويۇلغان ئوق باشىقىنىڭ تۆۋەنكى ئۇچىغا سىڭىر يۆگەلگەن، ئۇزۇنلۇقى 81 سانتىمېتىر كېلىدىغان يا ئوقى سېلىنغان. كامالەك ياۋايى ھايۋاننىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇستىگە ياۋايى ھايۋاننىڭ سىڭىرى يۆگەلگەن، كىرىچمۇ سىڭىردىن ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 1.23 مېتىر.

ئايال مومىيا 40 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، بويى 1.66 مېتىر كېلىدۇ. ئىككى ئۆرۈمە قىلىپ تورمەكلەنگەن چېچى بېشىنىڭ ئارقىسىغا بېسىلىپ قالغان. ئىچىگە كالتە يەڭ ئۇزۇن شايى كۆڭلەك كىيدۈرۈلگەن. كۆڭلەكنىڭ بېلىنىڭ ئىككى يان تىكىچىگە تۆت تال كەڭ تاۋار لىنتا تىكىلگەن بولۇپ، لىنتىنىڭ ئىككىسى مومىيانىڭ كۆكرىكىگە چىگىلگەن. كۆڭلەكنىڭ ئۇستىدىن ئەستىرىدە، ياقىسىدا، يەڭ ئۇچىدا، ئىككى مورىسىدە ھايۋاننىڭ رەسىمى بار، يېشى ئۇزۇن، تار، گۈللۈك دارايىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن پاختىلىق پەشمەت كىيدۈرۈلگەن. گۈللۈك دارايىدا ئۈزۈم، گۈل - گىياھ، ئادەم، كەپتەر، تۆگە، ئەركەك شىر، بۇغا (ياكى كالا) قاتارلىقلارنىڭ، يەنە ئادەم، ھايۋان، گۈل - گىياھ،

قۇشلارنىڭ رەسىمى بار. پەشمەتنىڭ قىرغاقلىرىغا 10 ــ 20 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى كۆك رەختكە قىزىل، ئاچ كۆك، ساپسېرىق، سۆسۈن، ئاقۇچ يىپەك يىپتا تۇرلۇك گۇل، قۇشلارنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىگە سېرىق شايىدا جىيەك تۇتۇلغان بولۇپ، پەشمەتنى تولىمۇ كۆركەم، چىرايلىق تۇسكە كىرگۈزگەن. پەشمەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 مېتىر، ئېتىكى 1.20 مېتىر كېلىدۇ. پەشمەتنىڭ بەللىكىنىڭ سول تەرىپىگە ھەربىر تەرىپى 26 سانتىمېتىر كېلىدىغان، تۆت چاسا پاختا رەخت قولياغلىق تىكىلگەن. پەشمەتنىڭ بېلىنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ يېشىل تاۋاردىن تۆت تال لېنتا تىكىلىپ، مۇمىيانىڭ كۆكرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىگىلگەن. بۇ مۇمىيانىڭ ئەڭ ئىچىگە قىزىل رەڭلىك تاۋار كۆڭلەك كىيدۈرۈلگەن. ئايال مۇمىياغا ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 24 سانتىمېتىر كېلىدىغان، بۇغا، ئەجدىھا، سۇمۇرغ، يولۋاس، ئۆردەك، تاۋتىيى (رىۋايەتلەردىكى بىر خىل ياۋۇز ياۋايى ھايۋان)، يىلپىزنىڭ بېشى قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى بار دارايىدىن تىكىلگەن ئىشتان كىيدۈرۈلگەن، ئىشتاننىڭ ئۇستىدىن رومبا شەكىللىك گۇلى بار، سېرىق دارايىدىن تىكىلگەن، ئۇزۇنلۇقى 0.92 مېتىر، بېلى 1.14 مېتىر، ئېتىكى 1.30 مېتىر كېلىدىغان يوپكا كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، يوپكىنىڭ چېكى ئىككى پۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ، يوپكىنىڭ ئېتىكىگە قۇشلارنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن 10 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى كۆك دارايىدىن جىيەك تۇتۇلغان بولۇپ، مەزمۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان پاختىلىق پەشمەتنىڭ قىرغىقىدىكى كەشتىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يوپكىنىڭ قان تېگىپ داغ بولۇپ چىرىپ كەتكەن قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەدەنگە تەگمىگەن جايلىرىدىكى گۇل نۇسخىلىرى ئۆز پېتىچە ساقلانغان. ئايالنىڭ پۇتىغا «阳» دېگەن خەنزۇچە خەت بار كىمخاب پايپاق كىيدۈرۈلۈپ، ئۇستىدىن كۆك رەڭلىك سىپتا تاۋار گۇجەي (ئۇزۇنلۇقى 1.81 مېتىر،

كەڭلىكى 0.05 مېتىر) يۆگەلگەن. گوجەينىڭ ئەڭ ئۈستىگە يۆگەلگەن قىسمىغا يۆگىمەچ ئوت، گۈل ۋە يېشىل، سېرىق يوپۇرماقلارنىڭ رەسمى كەشتىلەنگەن. ئايال مۇمىيانىڭ يۈزىگە رومبا شەكىللىك كىمخابتىن جىيەك تۇتۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 66 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۇزۇن چاسا ئاق سىپتا شايى يېپىلغان. بېشىغا ئاق شايىدىن تىكىلگەن، ئۈستى تۈز، قىرغاقلىرىغا قىزىل شايىدىن جىيەك تۇتۇلغان، ئالدىغا رومبا شەكىللىك كىمخابتىن گۈل تۇتۇلغان بۆك كىيدۈرۈلگەن. بوينىغا بىر قۇر ئۇزۇن، بىر قۇر قىسقا مارجان ئېسىلغان بولۇپ، ئۇزۇنىغا چوڭ - كىچىكلىكى ھەرخىل 637 تال يۇمىلاق مارجان ئۆتكۈزۈلگەن. مارجاننىڭ ئەڭ كىچىكى تېرىقچىلىك بولۇپ، قارا، كۆك، يېشىل، سېرىق، كۈمۈش رەڭ سۈزۈك تاشلاردىن ياسالغان؛ چوڭلىرى پۇرچاقچىلىك بولۇپ، قارا رەڭلىك، مارجانلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئارىلاش ئۆتكۈزۈلگەن. ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىغا مېيخوا گۈلى ئويۇلغان چوڭ بىر مىس ئۈزۈك سېلىنغان. بېشى ۋە يۈزى سەرنەق بىلەن ئورالغان بولۇپ، سەرنەق بىلەن ئايالنىڭ سول قاپىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بەش چىۋىن لىچىنكىسى چىقتى. بۇ، شۇ ئايالنىڭ ياز بىلەن كۈز ئارىلىقىدا، يەنى چىۋىن كۆپ پەسىلدە ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھەر ئىككى مۇمىيانىڭ بېشىغا ئايرىم - ئايرىم قۇشلارنىڭ رەسمى ۋە «ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر، ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق تىلەيمىز» دېگەن خەنزۇچە خەت بار، ئۇزۇنلۇقى 42 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 16 سانتىمېتىر كېلىدىغان كىمخاب ياستۇق قويۇلغان.

ئايال مۇمىيانىڭ سول تەرىپىگە دىئامېتىرى 17 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 8 سانتىمېتىر، ياپقۇچىنىڭ ئېگىزلىكى 7 سانتىمېتىر كېلىدىغان، چىۋىقتىن توقۇلغان بىر يۇمىلاق پەرداز قۇتىسى

قويۇلغـــان بولـــۇپ، قۇتىنىـــڭ ئىچىگـــە (يۇقىـــرىدىن تۆۋەنگـــە) «جانابىڭىزغا ئالىي مەرتىۋە تىلەيمىز دېگەن خەنزۇچە خەت بار، شـەرقىي خـەن سۇلالىسـى دەۋرىگـە مەنسـۇپ بىـر مىـس ئەينـەك، كەشتىلىك ئەينەك قېپى (كەشتىنىڭ تېگى يېشىل بولۇپ، سېرىق، كۆك، سۆسۈن، قـارا، قوڭـۇر رەڭلىـك يىپـەك يىپتا پۇرچاق، يۇمىلاق گـۇللەرنىڭ رەسـمى كەشتىلەنگەن، قىرغىقىغا جىگەر رەڭ شايىدا جىيـەك تۇتۇلغـان)، ئاسـتىغا سـېرىق شـايى سـېلىنغان. ئەينـەك قېپىـنىڭ ئـاغزىنىڭ ئىككـى چېتىگـە ئـۇزۇن شـايى لاتـا تىكىـپ چىگىلگـەن، قاپىـنىڭ دىئـامېتىرى 12 سـانتىمېتىر، ئـۇزۇن شـايى لاتىنىـڭ ئۇزۇنلۇقـى 25 سـانتىمېتىر، كـەڭلىكى 2.5 سـانتىمېتىر كـېلىدۇ. پـەرداز قۇتىسـى ئىچىـدە يەنـە ئۇزۇنلۇقـى 7 سـانتىمېتىر، كـەڭلىكى 4 سـانتىمېتىر كېلىدىغـان كەشـتىلىك رەڭ خالتىسـى (خـالتىنىڭ ئىچىـدە ئـازراق قـارا رەڭلىـك كۇمىـلاچ مـاددا بولـۇپ، قارىغـاندا قوغۇشـۇن تويىسـىدەك قىلىـدۇ. خـالتىدىكى كەشـتىنىڭ تېگى ئاق شايى بولـۇپ، يۆگـىمەچ ئوت، يېشـىل يوپـۇرماق ۋە «S» شـەكىللىك نۇسـخا كەشتىلەنگـەن) بـار. پـەرداز قۇتىسـىدىن يەنـە ئۇزۇنلۇقى 7 سـانتىمېتىر، كـەڭلىكى 5.5 سـانتىمېتىر كېلىدىغـان يېرىم ئاي شەكىللىك بىر تارغاق ۋە بىر سۈزگۈچ، بىـر يۆگـەم شايى، تېرە ۋە شايى پارچىلىرى، سېرىق، يېشىل، سۆسۈن، كۆك ۋە باشقا رەڭلەردىكى بىر كاللەك چۇۋۇق مەشۇت يىپ (سۆسۈن رەڭلىك يىپ بىلەن ئاق رەڭلىك يىپ ئايرىم ـ ئايرىم تاياقچىلارغا يۆگەلگەن) ۋە ئازراق سەرنەق پۇرۇچلىرى تېپىلدى.

ئەر مومىيانى ئادالاش جەريانىدا، ئۇنىڭغا كىيدۈرۈلگەن ئۈستى تـوز، تېشـى سـەرنەق، ئەسـتىرى كانـاپ رەختتـە تىكىلگـەن، ئوتتۇرىسـىغا سـەرنەق ئېلىنغـان يۇمىلاق تەلپـەكنى ئۇچراتتۇق. تەلپـەككە سـېرىق، ئـاق، بېغىـررەڭ مارجـان قويۇلغـان، مارجـان مومىيـانىڭ بېشـىنىڭ يېنىغـا چۈشـۈپ قالغـان. تەلپـەككە كـالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن بوغقۇچ بېكىتىلگەن. مومىيـانىڭ ئىككى

قاپقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر كىچىك ئالتۇن ياپراقچە ۋە قارا تاش مارجان چاپلاقلىق ئىكەن. مومىياغا كىيدۈرۈلگەن كىمخاب تونىنىڭ ئىچىگە، يەنى كۆكرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شايىدىن تىكىلگەن تارغاق قىپىي قويۇلغان بولۇپ، قاپ ئىچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن قوپال ياسالغان تارغاق، ئوتتۇرىسىغا قارا بويىلىپ كەتكەن بىر پارچە قەغەز (بىر تەرىپى تەخمىنەن 5 سانتىمېتىر كېلىدىغان پاراللېل تۆت بۇرجەك شەكىلدە)، ئاق يىپتا چىگىلگەن، ئىچىگە شايى تۇگۇنچەك سېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مومىيانىڭ بەدىنىگە ئۇششاق كىمخاب پارچىلىرى ياكى ئۇششاق كىمخاب تۇگۇنچەكلىرى چېچىلغان. بۇنداق ئۇششاق كىمخاب پارچىلىرى (ئۇزۇنلۇقى 5 سانتىمېتىردىن 7 سانتىمېتىرغىچە) بىلەن پەرداز قۇتىسى ئىچىدىكى پۇرۇچلار بىر پارچە كىمخابتىن كېسىپ چىقىرىۋېتىلگەن.

ئايال مومىيانىڭ پۇتىدىن باشقا قىسمى سېرىق شايى يوتقان بىلەن چۇمكەلگەن، ئۇستىگە قىرىپ سىلىقلانغان ئۇچ تال تاياق (ئىككى تال تاياقنىڭ ئۇچى ئاچماق (Y)، بىرى ئەگرى تۇتقۇچلۇق ھاسىغا ئوخشايدۇ) قويۇلغان. ھەربىر تاياققا سېرىق، يېشىل شايى پۇرۇچلىرى چاپلىنىپ، ئۇچ بۇرجەك نۇسخا چىقىرىلغان ھەمدە ئەگرى تۇتقۇچلۇق ھاسىغا ئوخشاش تاياقنىڭ ئەگمىسىگە كۆك شايىدىن تىكىلگەن ئايالچە يالاڭ كىيىم يۆگەلگەن. بۇ يالاڭ كىيىمنىڭ ياقىسى ۋە يېڭىنىڭ ئۇچىغا ئاق شايىدىن جىيەك تۇتۇلغان، كۆڭلەكنىڭ ياقىسى كۆكرەك قىسمىغىچە ئېچىلىپ، تۇگمە قادالغان. ئۇزۇنلۇقى 0.94 مېتىر، بەل ئايلانمىسى 0.50 مېتىر، ئېتىكى 1.25 مېتىر كېلىدۇ.

ھەر ئىككى مومىيانىڭ پۇتىغا گۈللۈك كۆك كىمخاب ئەديال يېپىلغان بولۇپ، ئەديالنىڭ بىر بۇرجىكىگە قوي سۆڭىكى ۋە سۆڭەك سايلىق، داتلىشىپ كەتكەن بىر تۆمۈر پىچاق سېلىنغان ساپال تاۋاق قويۇلغان. چىرىپ كەتكەن ئەديالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 88 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 47 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇستىدە بۇددا دىنىغا ئائىت مەزمۇنلار تەسۋىرلەنگەن رەسىم، ئۇستۈنكى قىسمىدا

بىر بۆتىنىڭ پۈتى، ياۋايى ھايۋاننىڭ تۇيىقى ۋە بىر ھايۋاننىڭ قۇيرۇقى، تۆۋەنكى قىسىمدا ئەجدىھا ۋە ئۇچار قۇشنىڭ رەسىمى، سول تەرىپىدە ئۆلۈك تەرەپكە قاراپ، يېنىچە ئولتۇرۇپ بۇتقا تېۋىنىۋاتقان بىر يالىڭاچ ئادەمنىڭ بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ رەسىمى بار. بۇ ئادەمنىڭ بويىنىغا مارجان ئېسىلغان، بېشىنىڭ ئارقىسى پارقىراپ تۇرىدۇ، ئىككى قولىدا ئىچىگە ئۈزۈم سېلىنغان بىر ئۇچلۇق قاچا بار. يەنە بىر پارچە ئەدىيالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 46 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۈستىدە توغرىسىغا تۇتاش كەتكەن ئۈچ بۇرجەك رەسىم بار.

ئىككى مۇمىيانىڭ پۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك بىر سوغا (ھەمدەپنە بۇيۇم، ئاغزىنىڭ چۆرىسىگە ئۈچ بۇرجەك رەڭلىك شايى پارچىلىرى چاپلانغان)، بىر ياغاچ تاۋاق (ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر)، بىر ياغاچ تەخسە (تەخسىنىڭ دىئامېتىرى 34 سانتىمېتىر)، ئىككى ياغاچ جام (بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 8 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 7.5 سانتىمېتىر، يەنە بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 11 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىنىڭ بەزى جايلىرى يېرىلغان ۋە مىس، تۆمۈر پارچىلىرىدا ھىملانغان) قويۇلغان، ئىككى جام بىلەن ياغاچ تاۋاقنىڭ ئاستىغا ئېگىزلىكى 22 – 26 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 12 – 16 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىردىن يۇملاق كۇرسا قويۇلغان. بۇلاردىن باشقا، جەسەت ساندۇقى ئىچىدىن يەنە چاق (ھەمدەپنە بۇيۇم)، ئۈستۈنكى قىسمىغا ئۈزۈملەرنىڭ رەسىمى ئويۇلغان بىر قارا رەڭلىك ساپال كومزەك (ئېگىزلىكى 23 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 12 سانتىمېتىر)، ئىككى قۇلاقلىق بىر قىزىل رەڭلىك ساپال كورا (ئېگىزلىكى 16.5 سانتىمېتىر، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 11 سانتىمېتىر) تېپىلدى.

جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاستىدىن چىرىپ تىتىلىپ كەتكەن بىر پارچە پالاس تېپىلدى. پالاس ئەت رەڭ ۋە ئاق ئىككى خىل

يېپتا ئىشلىگەن ئارقاق بىلەن بوشراق تولانغان رەڭلىك يۇڭ يېپنى ئارقاق قىلىپ، گىرەلەشتۇرۇپ ۋە تەكشى سىزىق چىقىرىپ توقۇلغان. يۇڭ يېپنىڭ ئۇچى يىپىندىكى ئىككى تال ئارقاققا ئورىلىپ ساڭگىلىما پۆپۈك چىقىرىلغان.

جەسەت ساندۇقى ئېچىلغاندا، ئەر مۇمىيانىڭ سول بىلىكى ئايال مۇمىيانىڭ ئوڭ بىلىكىنىڭ ئاستىدا، ئايال مۇمىيانىڭ سول قولىنىڭ ئالىقىنى ۋە بەش بارمىقى تاۋۇتنىڭ تاختىيىغا تىرەكلىك ئىكەن. تەھلىل قىلىشىمىزچە، ئالدى بىلەن ئەرنىڭ جەسىتى جەسەت ساندۇقىغا سېلىنغان، ئۇنىڭ ئوڭ قولى بىلەن تونىنىڭ يېڭىنى چىڭ چاڭگاللىۋالغانلىقى ۋە يۈزىدىكى جىددىيلىك، ئازابلىنىش ئالامەتلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، ئايالنىڭ جەسىتى جەسەت ساندۇقىغا سېلىنىشتىن بۇرۇن بەدىنى تېخى قاتمىغان، تۇرقىدىن تۇنجۇقۇپ ئۆلگەندەك قىلىدۇ، جەسەت ساندۇقىغا تۆت قات شايى چىگىلگەن.

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگى شيانەي ئەپەندى «ھەممە ئىشلىرىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولسۇن» دېگەن خەنزۇچە خەت بار كىمخاب تونىنىڭ توقۇلۇش تېخنىكىسى ۋە گۈل نۇسخىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ («ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى»نىڭ 1963 - يىللىق 1 - سانىغا قاراڭ)، «ھەممە ئىشلىرىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولسۇن» دېگەن خەنزۇچە خەت بار كىمخاب تون بىلەن «ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر، ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق تىلەيمىز» دېگەن خەنزۇچە خەت بار كىمخابنى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى توقۇلۇشى مۇرەككەپ ئىككى خىل توقۇلما دەپ ھېسابلىدى.

نىيا خارابىسىدىن بايقالغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەر بار رەڭلىك پاختا رەخت ئېلىمىزدە ھازىرغىچە بايقالغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەر بار توقۇلمىلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقى ئاسارئەتىقىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، بۇددا

دىنىنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئېلىمىزگە تارقالغانلىقىنى، شىنجاڭدا شۇ چاغدا كېۋەز تېرىلغانلىقىنى ۋە پاختىدىن يىپ ئېگىرىلىپ رەخت توقۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن تېرىلغان كېۋەز ئەۋرىشكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[1].

## 2) 1995 - يىلى نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش

1995 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، بىر يېڭى قەبرىستانلىق (95MN1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق) نى بايقىدى ھەم ئۇنى دەرھال قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدە قېزىپ رەتلەپ، زور نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ نەتىجە شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە 10 چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقىلىشنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى[2].

95MN1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق مۇشۇ خارابە رايونىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1216 مېتىر ئېگىز،

---

[1] لى يۈچۈن: «نىيا خارابىسى ۋە شەرقىي خەن دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىستانلىق»، «نىيا ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار» (ئىچكى ماتېرىيال)، 1988 - يىلى 7 - ئاي ئۈرۈمچى خەنزۇچە نەشرى، 16 -، 39 - بەتلەر؛ «نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1988 - يىللىق 4 - سان، 159 -، 180 - بەتلەر.

[2] ۋاڭ بىڭخۇا: «قۇملۇق ئىچىدە غايىب بولغان نىيا مەدەنىيىتىنى ئىزدەش»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى رەسىملىك ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1996 - يىللىق 1 – 2 - قوشما سان؛ «شىنجاڭنىڭ نىيا خارابىسى ئارخېئولوگىيىسىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى»، «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى» نىڭ 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈندىكى سانى؛ يۇ جىيوڭ: «1995 - يىللىق نىيا ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى بايقاش»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1996 - يىللىق 1 - سان.

جۇغراپىيىلىك ئوردېناتى شىمالىي پاراللېل 38°01′16.80″، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82°42′25″، جەنۇبىي تەرىپى نىيە ناھىيە بازىرىغا 110 كىلومېتىرچە، ئەڭ يېقىن جايدىكى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان بوستانلىقلارغىچە بولغان ئارىلىقمۇ 40 كىلومېتىرچە كېلىدۇ[1].

بۇ قەبرىستانلىقتىكى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قېزىلغان 100 كۋادرات مېتىرلىق دائىرىدىن سەككىز جەسەت ساندۇقى قېزىۋېلىندى. قەبرىلەرنى جەسەت ساندۇقلىرىنىڭ ياسىلىش شەكلىگە قاراپ مۇنداق ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. بىر خىلى، چاسا ساندۇق شەكىلدىكى جەسەت ساندۇقلىرى كۆمۈلگەن قەبرىلەر. بۇنىڭغا ئىككى - تۆت ئادەم كۆمۈلگەن، ھەمدەپىنە بۇيۇملارنىڭ سانى، تۈرى ناھايىتى كۆپ، بۇنداق قەبرىدىن ئۈچى (M3، M4، 95MNIM8) بار[2]؛ يەنە بىر خىلى، توغراق ياغىچىدىن ياسالغان ئۇلاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى كۆمۈلگەن قەبرىلەر. بۇنداق قەبرىلەرگە بىر - ئىككى ئادەملا كۆمۈلگەن، ھەمدەپىنە بۇيۇملارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئوخشاش ئەمەس، بۇنداق قەبرىدىن بەشى (M1، M2، M3، M4، M5) بار[3].

---

[1] قوللىنىلغان سانلىق ئاساسلار سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بېكىتىش ئاپپاراتى (GPS) دا بېكىتىلگەن (كوئوردېنات سىستېمىسى WGS84). بۇ ماقالىدە ئىشلىتىلگەن نىيا خارابىسىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنىڭ خەرىتىسى «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش دوكلاتى (1 - توم)»، (ياپونىيە فاساڭ سارىيى نەشرىياتى 1996 - يىلى) دىكى ماتسۇدا ياتسۇجىما سىزغان خەرىتە ئاساسىدا يېقىنقى تۆت يىلدىن بۇيانقى تەكشۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ سىزىپ چىقىلغان.

[2] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «1995 - يىلى نىيا خارابىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3 - نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىشتىن دوكلات»: «1995 - يىلى نىيا خارابىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 4 - نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىشتىن قىسقا خەۋەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1999 - يىللىق 2 - سان.

[3] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «1995 - يىلى نىيا خارابىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى ئۇلاق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى كۆمۈلگەن قەبرىنى قېزىشتىن قىسقا خەۋەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1998 - يىللىق 2 - سان.

95MNIM8 - نومۇرلۇق قەبرىنى 95MNIM3 - نومۇرلۇق قەبرە قېزىش داۋامىدا بايقالغان بولۇپ، M3 - نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىش جەريانىدا بۇزۇۋېتىلگەن ھەم ئۇنىڭ ئاستىغا بېسىلىپ قالغان.

بۇ قەبرىدىن ئۇزۇنلۇقى 2.2 مېتىر، كەڭلىكى 0.97 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.98 مېتىر كېلىدىغان چاسا شەكىللىك جەسەت ساندۇقى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، چېتىقلار ئەركەك - چىشى تۇرۇملار بويىچە تۇتاشتۇرۇلغان، جەسەت ساندۇقىنىڭ تاختايلىرىدىكى پالتا (چوت) بىلەن چېپىلغان، ھەرىدەلگەن ئىزلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، جەسەت ساندۇقىنىڭ قاپقىقى بەش پارچە تاختاينى جىپسىلاش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، تاختايلارنىڭ ئارىلىقلىرى ئىككى دانە 12×6 سانتىمېتىر كېلىدىغان كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئەركەك - چىشى تۇرۇم بىلەن چېتىلغان، تاختايلارنىڭ يوچۇقلىرى لاي بىلەن ھەم قىلىپ ئېتىلگەن، ئۈستىگە گېئومېتىرىيىلىك رەڭلىك نەقىشلەر كەشتىلەنگەن شىرداق يېپىلغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ تۆت تەرىپى كەڭلىكى 24 — 30 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان ئۈچ پارچىدىن تاختاينى كۆزگە كۆرۈنمەس ئەركەك - چىشى تۇرۇملار بويىچە چېتىش ئارقىلىق ياسالغان ھەم ئاستى - ئۈستىدىكى ئىككى تاختاينىڭ چاسا ياكى يۇملاق ئەركەك تۇرۇمى جەسەت ساندۇقىنىڭ چاسا پۇتىغا چېتىلغان، ئاندىن ساندۇق تاختايلىرىنىڭ ئىچى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تىك تۇرغۇزۇلغان چاسا چېتىق بىلەن پۇختىلانغان. ساندۇقنىڭ تاختايلىرى ئارىسىدىكى يېرىقلار لاي سۇركەپ ھەم ئېتىۋېتىلگەن. جەسەت ساندۇقى يەردىن قېزىۋېلىنغاندا تۆت پۇتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سىسىغان، ساندۇقنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى تاختايلىرى سۇنۇپ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. ساندۇقنىڭ ئىچىگە بىر ئەر، بىر ئايال ئوڭدىسىغا قاتار قىلىپ، باشلىرى شىمالغا قارىتىلىپ، پۇت - قولى تۈپتۈز ھالەتتە ئەر غەرب تەرەپكە، ئايال شەرق تەرەپكە ياتقۇزۇلغان،

ئۈستىگە يۈك ئەدىيال يېپىلغان. ئەرنىڭ ئۈك تەرىپىگە يا، يا ئوقى، يا قېپى، ئوقدان ھەم ياغاچ ئارا قويۇلغان. ياغاچ ئارىغا غىلاپ، كىمخاب بۆك، تارغاق، سۆزگۈچ خالتىسى ھەم «شەرقتە كۆرۈنسە بەش ئەختەر، پايدىسى جۇڭگوغا ياغار» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر بار كىمخاب يەڭلىك، سېرىق شايى تون قاتارلىقلار ئوراپ قويۇلغان. ئايالنىڭ ئاياغ تەرىپىگە يۈك توقۇلما بۇيۇم ھەم يولۋاس سۈرەتلىك، رەڭدار نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن كىمخاب خالتا، كىمخابتىن تىكىلگەن بېزەك بۇيۇم، ياغاچتىن ياسىلىپ ئۈستىگە تېرە قاپلانغان يۇمىلاق ياغاچ قوتا ۋە ياغاچ، ساپال ھەمدەپىنە بۇيۇملاردىن ئۈچ دانە ئاياق، ئىككى دانە تەڭنە، ئىككى دانە ياغاچ تەگلىك، ئىككى دانە جوغىلىق ئۆرۈك قاتارلىقلار قويۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر دانە جوغىلىق ئۆرۈكنىڭ بويىنىدا قارا سىياھتا يېزىلغان خەنزۇچە «王» دېگەن خەت بار؛ بىر دانە ئاياقتا ئويۇپ چىقىرىلغان « 卍 » بەلگىسى بار.

بۇ جەسەت ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى ئەر 45 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، بويى 1.64 مېتىر كېلىدۇ. قاڭشارلىق، ئورا كۆز، ئېڭىكى ئۇچلۇق، ئۈستۈنكى چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. جەسەت رەڭلىك يۈك ئەدىيال بىلەن پۇختا ئورىۋېتىلگەن. جەسەتنىڭ تېنىدىن ئېقىپ چىققان سۇيۇقلۇقلار تەسىرىدىن ئەدىيالنىڭ قىسمەن جايلىرى چاپلىشىپ كەتكەن. بېشىدىن بوينىغىچە شايى ياغلىق يېپىپ قويۇلغان، ئېڭىكى ئاق شايى بوغقۇچتا چىڭ چېتىپ قويۇلغان. ئۇچىسىغا ئەستىرى شايى كىمخاب تون كىيدۈرۈلگەن. تونىنىڭ پېشى ئۇك تەرەپكە قارىتىپ باستۇرۇلغان، بېلىگە رەڭلىك كىمخاب بەلۋاغ چىگىلگەن. تونىنىڭ ئېتىكىگە كەڭلىكى 13 سانتىمېتىرچە توق قىزىل رەڭلىك شايى جىيەك تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ جىيەك «مەرىپەتلىك بولۇڭ»، «نەۋرە - چەۋرىلىرىڭىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆمرىڭىز زىيادە بولغاي»، «نەۋرە - چەۋرىلىرىڭىزگە ئامەت كەلسۇن»، «ئامان بولۇڭ» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر بار پارچە - پارچە شايىدىن ئۇلاپ ياسالغان. تونىنىڭ

پېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 101 سانتىمېتىر، يېڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئەرگە كىيدۈرۈلگەن كىمخاب ئىشتاننىڭ پۇچقىقىغا 17سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تېگى كۆك رەڭلىك «نەۋرە - چەۋرىڭىزنىڭ بەختى ئۇچۇن ئۆمرىڭىز زىيادە بولغاي» دېگەن خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن تاۋاردىن جىيەك تۇتۇلغان؛ تونىنىڭ ئىچىگە ئاق شايىدىن تىكىلگەن ياقىسىز ئۇزۇن كۆڭلەك كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، يېڭىنىڭ ئۇچىغا قىزىل شايىدا جىيەك تۇتۇلغان. مەيدىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تاسما يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن، رەڭلىك تاشتىن ياسالغان مارجان قويۇلغان: مارجان يۇمىلاق بولۇپ، دىئامېتىرى 1 ــ 2 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. پۇتىغا گۈل چېكىلگەن، سېرىق بوغقۇچى بار، قونچى 23 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. قولىغا تېگى كۆك، ئاق تاۋاردىن جىيەك تۇتۇلغان، خاسىيەتلىك ھايۋان ۋە بۇلۇتنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب قولقاپ كىيدۈرۈلگەن. بېشىغا ئۇزۇنچاق چاسا، توق قىزىل تاۋاردىن تىكىلگەن «ھەممە ئىشىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولغاي، ئامان - ئېسەن بولۇپ، چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيسىز» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر بار تەكىيە قويۇلغان، چاچ - ساقاللىرى ئاساسەن چۈشۈپ كەتكەن.

ئايالنىڭ بويى 159.9 سانتىمېتىر بولۇپ، يۈزىگە شايى يۈز ياپقۇ يېپىلغان، ئۇچىسىغا ئەستىرى ئاق شايىدىن قىلىنغان شايى تون كىيگۈزۈلگەن، تونىنىڭ پېشى ئوڭ تەرەپكە قارىتىپ باستۇرۇلغان، تونىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سانتىمېتىر كېلىدۇ. پەش - ئېتەكلىرىنىڭ پەۋرىزىگە سېرىق شايى جىيەك تۇتۇلغان، تونىنىڭ پېشىگە 8.5 سانتىمېتىر كەڭلىكتە پۇرمىلىك زىغزىق تۇتۇلغان. تونىنىڭ ئىچىگە پاختا رەختتىن تىكىلگەن، ئۇزۇنلۇقى 130 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان ياقىسىز ئۇزۇن كۆڭلەك كىيدۈرۈلگەن بولۇپ، مەيدىسىگە قىزىل، كۆك تاۋارنى ئۈست - ئۈستىگە قويۇپ تىكىلگەن چاسا بېزەك بۇيۇمى قويۇلغان، كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ئارقىسىغا قايرىلىپ تۇرىدۇ. ئايالنىڭ ئەڭ ئىچىگە يېڭىنىڭ ئۇچىغا ئاق جىيەك

توتۇلغان سىرىق شايىدىن تىكىلگەن ياقىسىز ئۇزۇن كۆڭلەك كىيدۇرۇلگەن. قولىغا تىگى قوڭۇر كىمخاب قولقاپ، پۇتىغا ئۇستى قارا، گۈل چېكىلگەن ئۆتۈك كىيدۇرۇلگەن، ئۆتۈكنىڭ بوغقۇچى ئۆتۈكنىڭ ئاستىدىن ئۇستىگە چىگىلگەن، چېكىلگەن گۈللەر پۇتونلەي يوقىلىپ كەتكەن. ئايالنىڭ بويىنىدا يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجان بار بولۇپ، يىپى چىرىپ كەتكەنلىكتىن، مارجانلار كىيىمنىڭ ئىچىگە ۋە جەسەت ساندۇقىغا چېچىلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت تال رەڭدار مارجان بار. ئايالنىڭ بېشىغا «ئەۋلادلىرىمىز ئەبەدىلئەبەدكە روناق تاپسۇن» دېگەن خەنزۇچە خەت بار تەكىيە قويۇلغان، چېچى پۈتۈنلەي چۇشۇپ كەتكەن.

بۇ قەبرىدىن چىققان ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ سانى، تۈرى كۆپ، ساقلىنىشى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئۇلار جوغىلىق ساپال ئىۋرىق، ياغاچ جام، ياغاچ تەڭنە، ياغاچ ئارا، يىك، تارغاق - سۇزگۈچ، يىپ ئېگىرىلىدىغان چاق، ئوقيا قېپى، يا ئوقى، ئوقدان، ياغاچ ساپلىق تۆمۈر پىچاق، پىچاق غىلىپى، مىس كۆزگۈ، كەمەر توقىسى؛ ئۈنچە - مارجان، ھەرخىل بېزەك بۇيۇملىرى، بېزەك تىرە خالتىسى؛ مەشۇت، رەڭلىك تاشپاقا پوستى نەقىشلىك گىلەم، رەڭدار شىرداق، كىمخاب تەكىيە، كىمخاب خالتا، كىمخاب بۆك، تارغاق - سۇزگۈچ خالتىسى، سىرىق شايى تون، شايى جىيەك توتۇلغان پاختا يىپ ئەديال، پاختا رەخت قولياغلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. جەسەت ساندۇقى ئىچىدىكى جەسەت بىلەن بىللە قويۇلغان ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ موللۇقى ۋە كىيىمنىڭ ئېسىللىقىغا قاراپ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا خېلى مەرتىۋىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ئالاھىدە بىر بۇيۇم، «شەرقتىن كۆرۈنسە بەش ئەختەر، پايدىسى جۇڭگوغا ياغار» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر بار كىمخاب (M8:15 - نومۇرلۇق) بولۇپ، بۇ كىمخابنىڭ بۆرجەكلىرى كۆتمەك، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە، ئاق شايىدىن پەۋاز توتۇلغان، ئاق شايىدىن تىكىلگەن ئالتە دانە

بوغقۇچى بار، كىمخابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بوغقۇچلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 سانتىمېتىر كېلىدۇ، قىسمەن بوغقۇچلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن. يېڭىنىڭ ئۈستىگە «شەرقتىن كۆرۈنسە بەش ئەختەر، پايدىسى جۇڭگوغا ياغار» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، كىمخاب بەش قات سېپتا ئۆرۈشتە توقۇلغان. ئۆرۈش يىپىنىڭ زىچلىقى 200 تال/سانتىمېتىر، ئارقاق يىپىنىڭ زىچلىقى 24 تال/سانتىمېتىر، ئوچۇق كۆك، يېشىل، ئوچۇق سېرىق ۋە ئاق قاتارلىق بەش گۈرۈپپا ئۆرۈش يىپتا گۈل چىقىرىلىپ، يۇلتۇز، بۇلۇت، توز، تۇرنا، خاسىيەتلىك هايۋان، يولۋاس قاتارلىق خەيرلىك هايۋانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن: هەربىر گۈرۈپپا نەقىش 7.4 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىر قېتىم تەكرارلىنىدۇ، يۇقىرى - تۆۋەندىكى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى گۈرۈپپا نەقىشلەرنىڭ ئارىلىقىغا «شەرقتە كۆرۈنسە بەش ئەختەر، پايدىسى جۇڭگوغا ياغار» دېگەن خەنزۇچە كىچىك هۆسنخەتلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ كىمخابنىڭ ئەستىرى ئىككى پارچە سېرىق شايىنى ئۇلاپ تىكىلگەن، ئۇنىڭ ئۆرۈش يىپىنىڭ زىچلىقى 66 تال/سانتىمېتىر، ئارقاق يىپىنىڭ زىچلىقى 30 تال/سانتىمېتىر، شايىدىن هەممە چېتىنى ئايلاندۇرۇپ جىيەك تۇتۇلغان. جىيەككە ئىشلىتىلگەن شايىنىڭ ئۆرۈش يىپىنىڭ زىچلىقى 50 تال/سانتىمېتىر، ئارقاق يىپىنىڭ زىچلىقى 40 تال/سانتىمېتىر؛ بوغقۇچقا ئىشلىتىلگەن شايىنىڭ ئۆرۈش يىپىنىڭ زىچلىقى 60 تال/سانتىمېتىر، ئارقاق يىپىنىڭ زىچلىقى 28 تال/سانتىمېتىر كېلىدۇ[1].

نىيا خارابىسىدىكى 95MN1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى M8 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى هەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ ساقلىنىشى

[1] شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭنىڭ نىيا خارابىسىدىكى 95MN1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى M8 - نومۇرلۇق قەبرىنى قازغانلىق توغرىسىدا قىسقا خەۋەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2000 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 75 -، 90 - بەتلەر.

ياخشى بولۇپ، ئۇلارغا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ئۇچۇرلار يوشۇرۇنغان. ئۇلار ئارخېئولوگىيە، تارىخشۇناسلىق قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردىكى تەتقىقاتتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 6. نىيا خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى

ھازىرغىچە نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا ئىگە بولغان نىيا خارابىسىنىڭ يىل دەۋرىگە ئائىت سانلىق مەلۇماتلار خېلىلا كۆپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىق يىل پەرقلىرىمۇ بەكلا چوڭ. شۇڭا، نىيا خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى مەسىلىسىدە بىرلا خىل ئۆلچەمنى بېكىتىۋالغىلى بولمايدۇ. نىيا خارابىسى ۋە بۇ خارابىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل دەۋرىگە ئائىت مەلۇماتلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغان يىل دەۋرىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

1987 - يىلى نىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئىككى تارماق ئېقىن قوشۇلىدىغان ئورۇننىڭ شىمالىغا جايلاشقان ناغراخانىدىن بەش دانە سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار يىغىۋېلىندى. دەريانىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان قاراقورۇم تېغى ئەتراپىدىكى دەريا قىنىنىڭ سۇ قىرغىقى بولغان ئۆلۈغ سايدىن تاش ياپراقچە ۋە سىپتا تاش قوراللار (شىنا شەكىللىك تاش ئۆزەك)، ئىنچىكە تاش ياپراقچە قاتارلىقلار بايقالدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئالدىنقىلارنىڭ يىل دەۋرىنى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە سۈرگىلى بولىدۇ. كېيىنكىسىنىڭ دەۋرى بۈنىڭدىن 7000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگو سىپتا تاش قوراللار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مەنسۇپ. 1993 -، 1996 - يىللىرى نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان

دائىرىدىن بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى برونزا قوراللار مەدەنىيىتى دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە بايقالدى. بۇ خارابىلىكتە ئولتۇراق ئۆي ئىزى بار بولۇپ، ئۆي ئەتراپىدىن بىر تۈركۈم ساپال، برونزا، سۆڭەك بۇيۇملار يىغىۋېلىندى. تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، «نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىي قىسمى» دىكى برونزا قوراللار مەدەنىيىتى خارابىلىرى لوپنۇر رايونى، كېرىيە ناھىيىسىدىكى قارادۆڭنىڭ شىمالى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىكىستاننىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە مۇئەييەن باغلىنىشلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن[1]. نىيا خارابىسىگە ئائىت بۇ مەلۇماتلار نىيا خارابىسى رايونىدا برونزا قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما مەنبەلەردە نىيا رايونىغا ئائىت خاتىرىلەر ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن خارابە رايونىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىگە مەنسۇپ نۇرغۇنلىغان يادىكارلىقلار بايقالغان. مەسىلەن، 1993 ـ، 1995 ـ يىللىرى جۇڭگو ـ ياپونىيە بىرلىشىپ نىيا خارابىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، N5، N26، N14، N3 قاتارلىق نۇقتىلاردىن ۋۇجۇ يارمىقى، خەنزۇلار رايونىدا توقۇلغان كىمخاب قاتارلىق بۇيۇملار بايقالغان. بۇ خارابىلىكتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەھەللە خارابىسى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە مەنسۇپ خارابىلەردۇر. كىشىنى خۇش قىلىدىغىنى، 1991 ـ يىلى N37 ـ نومۇرلۇق ئولتۇراق ئۆي خارابىسىدىن بايقالغان بىر دانە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك بولۇپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭ پىشامشان خانى تومگىركا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىل نامى بار

---

[1] بۇ جىيۈك: «نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۈيغۇرچە، 2000 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ قوشما سان، 47 ـ بەت.

تارىشا پۈتۈك ئىكەنلىكى ئىلىم ساھەسىگە ئاشكارىلاندى. ئۇنىڭ يىل دەۋرى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى شىيەندى جيەنئەن يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقىي خەن سۇلالىسىگە مەنسۇپ بۇ تارىشا پۈتۈكنىڭ بايقىلىشى قارۇشتى يېزىقىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈپلا قالماي، بۇ رايوندا شەرقىي خەن سۇلالىسى· دەۋرىگە مەنسۇپ كۆلىمى خېلى چوڭ خارابىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە 1995 - يىلى قېزىپ رەتلەنگەن 95MN1 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ دەسلەپكى تەتقىقاتى ھەمدە كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەن سانلىق مەلۇماتقا ئاساسەن، بىر قىسىم قەبرىلەرنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە، يەنە بىر قىسمىنىڭ ۋېي، جىن دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنىڭ يېشىپ ئوقۇلۇش ئەھۋاللىرى، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە نىيا رايونىدا قارۇشتى يېزىقى ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نىيا خارابىسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىزلارنىڭ يىل - دەۋرى مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ، ۋېي، جىن دەۋرىدىن ئالدىنقى لياڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئوقۇپ يېشىلىپ بولغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە پىشامشان خانىنىڭ يىلنامىسى بار. نۆۋەتتىكى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ، بولۇپمۇ ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلىنىپ، قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنى ئەسلىدىكى خارابىلەرگە مەنسۇپ قىلىپ، باشقا ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، 1994 - يىلى قېزىلغان N37 - نومۇرلۇق ئولتۇراق ئۆي خارابىسىنىڭ يىل - دەۋرىنىڭ يۇقىرى چېكىنى

قارۋشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكتە خاتىرىلەنگەن پىشامشان خانى ۋاسامانىنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 332 - يىللىرى) دىن كېيىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. 1995 — 1996 - يىللىرى قېزىلغان N5 - نومۇرلۇق (ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسى)نىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن تېپىلغان «تەيشى 5 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۇنخۇاڭ ۋالىيسى» دېگەن يىلنامىسى بار خەنزۇچە تارىشا پۈتۈكنى N5 ئىزدىن قېزىۋېلىنغان 150 پارچىدىن ئارتۇق پىشامشان خانىنىڭ يىلنامىسى خاتىرىلەنگەن ھۆججەتلەر ھەممە يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان قېزىش ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرىنى پىشامشان خانى ئامگوكا (Amgoka)، ماھىرى ( Mahiri ) ۋە ۋاسامان دەۋرىدە دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى خاندىن كېيىن بۇ ئىبادەتخانا بارا - بارا خارابىلاشقان. قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىكى 7 — 97A - نومۇرلۇق ئولتۇراق ئۆي ئىزىدىن تېپىلغان بىر دانە قارۋشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى ئوقۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پىشامشان خانى ماھىرىنىڭ 6 - يىلى يېزىلغان تارىشا پۈتۈك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ ئولتۇراق ئۆي ئىزى ۋە قەدىمكى شەھەرنىڭ يىل - دەۋرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

نىيا خارابىسىنىڭ خارابىلاشقان دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىل چېكىنى قېزىۋېلىنغان ھەرخىل ماتېرىياللارغا، بولۇپمۇ خەنزۇچە ۋە قارۋشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈككە ئاساسلىنىپ، پىشامشان، ئۇدۇن تارىخىغا ئائىت خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ياكى 5 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ[1].

---

[1] يۈ جىيۇڭ: «نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998 - يىللىق 1 - سان، 62 - بەت.

## 7. نىيا خارابىسىدە ئەكس ئەتكەن ئىقتىسادىي فورماتسىيە

نىيا خارابىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ۋە بۇ خارابىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا ئېرىشكەن ماتېرىياللار بىزنى نىيا خارابىسى — نىيا ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيىسى، يەنى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، بىناكارلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

### 1) چارۋىچىلىق

نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە قېزىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ خارابە دائىرىسىدىكى 100گە يېقىن ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆي ئىزىدىكى ياانداش سېلىنغان، شاخ - شۇمبا بىلەن قورشاپ دائىرىگە ئېلىنغان ھەرخىل ھەجىمدىكى قوتانلارنىڭ ھەممە ئائىلىلەردە بولۇشى، بۇ خىل قوروق - قوتانلاردا ساقلىنىپ قالغان ھەرخىل (ئات، ئېشەك، كالا، تۆگە، قوي، ئۆچكە) ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تېزەكلىرىنىڭ كۆپلۈكى نىيالىقلارنىڭ ئەينى دەۋردە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1959 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە بۇ خارابىدىكى ھەرقايسى ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆي خارابىلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان قېزىش، تازىلاشتا ئۆي ئىچى ۋە ئۆي ئەتراپىدىكى ئەخلەت ئازگاللىرىدا ھەر خىل ھايۋانات سۆڭەكلىرىنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشى، ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىدا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئورۇنلۇق قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

1992 - يىلى تەكشۈرۈشتە مەلۇم بولغان 1 -، 2 -، 3 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقلاردىكى ھەمدەپنە بويۇم قاتارىدا ياغاچ ئاياقلارغا سېلىپ قويۇلغان قوي (ئۆچكە)نىڭ سان گۆشلىرى ھەممىلا قەبرىدە ئۇچرايدۇ. 1995 - يىلى نىيا خارابىسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، بۇ خارابىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىن بايقالغان ئاقسۆڭەكلەر قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ تاۋۇتلۇق سەككىز قەبرىدىكى ئۆلگۈچىگە ھەمدەپنە بويۇم قاتارىدا تاۋۇت ئىچىگە ياغاچ تاۋاققا سېلىپ قويۇلغان قورۇپ قالغان قوينىڭ سان گۆشلىرى تېپىلدى.

چارۋا - ماللارنىڭ گۆشلىرىنى ئۆلگۈچىگە ئاخىرەتلىك قىلىش ئادىتى چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 800 — 700 - يىللار)، خوتەن لوپ ناھىيىسىدىكى سەنپۇل قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن مىلادىيە 4 - ئەسىرگىچە)، تۇرپان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىر) ۋە خېجىڭ ناھىيىسىدىكى چابخا قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 500 - يىللار) قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ھايۋان گۆشلىرىنى ئاخىرەتلىك قىلىش، نەزىر - چىراغتا مال قۇربانلىق قىلىش ئادىتى قەدىمكى غەربىي يۇرتتا، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ قەبرىستانلىقلاردا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئادەتنىڭ داۋاملاشقان دەۋرى ئۇزۇن، تارقالغان دائىرىسىمۇ كەڭ بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە چارۋا بېقىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش ئىستېمالىدا چارۋىنى ئاساسلىق تۇرمۇش مەئىشىتى قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز[1] .

---

[1] سابىت ئەخمەت: «نىيا بەگلىكىنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1999 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 8 -، 9 - بەتلەر.

## 2) دېھقانچىلىق

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ۋە قېزىۋېلىنغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئائىت بۇيۇملار بىزگە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ نىيا رايونىنىڭ يەر شەكلى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، نىيا خارابىسىنىڭ ھازىرقى ئورنى — ھازىرقى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالى، يەنى نىيە ناھىيىسىدىن باشلىنىدىغان نىيە دەرياسىنىڭ شىمالىغا 130 كىلومېتىر كېلىدىغان دەريا ئېقىنى ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغىچە 25 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە 7 ـ 8 كىلومېتىر كېلىدىغان تار كارىدورلۇق دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خارابە جايلاشقان دائىرىنىڭ ھازىرقى يەر تۈزۈلۈشى ئۈچ تەرىپى چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ۋە تەبىئىي يۇلغۇنلۇق دۆڭلەر بىلەن ئورالغان. پەقەت جەنۇبىي تەرىپىلا يېپىلىپ ئاققان كونا دەريا ئېقىنى ۋە تەبىئىي ئورمانلىق (توغراق، يۇلغۇن قاتارلىقلار) بولۇپ، يەر شەكلى تەكشى ئەمەس. دەريا ئېقىنى ئەتراپلىرىدا كىچىك-كىچىك كۆلچەك، تۈزلەڭلىكلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ خىل تۈزلەڭلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى دەريا ئېقىنىغا يېقىن بولۇپ، نەملىك يۇقىرىراق تۈزلەڭلىكلەردە ئەينى دەۋردىكى ئاھالىلەر تېرىق، بۇغداي تېرىغانلىقى مەلۇم. بۇ خىل دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى چەكلىك دائىرىدە بولۇپ، ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجنىڭ زورىيىشىدىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئۆز يېرىنىڭ شارائىتى، سۇ رايىغا ئاساسەن قوشۇمچە ئىگىلىك ھېسابىدا يولغا قويغان بولۇشى مۇمكىن. نىيا خارابىسىنى كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش، قېزىش جەريانىدا بىر قىسىم ئولتۇراق ئۆي خارابىسىدىكى ئېغىل ـ قوتانلاردا ۋە قىسمەن قەبرىستانلىقلاردىكى قەبرىلەردە ساقلىنىپ قالغان بۇغداي، تېرىق پاخاللىرى ۋە دان ـ باشاقلىرى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

جۇڭگو - ياپونىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، 92B.8 - (ستەين N4 دەپ نومۇر قويغان) نومۇرلۇق (جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك "N37°57'18، شەرقىي مېرىدىئان "E82°42'57) ئۆي خارابىسىنىڭ شىمالىغا 150 مېتىر كېلىدىغان دۆڭلۈك ئۈستىدىكى ئېغىلدا بېسىلىپ قالغان 40 — 50 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى بوغداي پاخىلى بىلەن 93A27 -، 96A5 -، 93N2 - نومۇرلۇق ئۆي خارابىلىرىنى قېزىش جەريانىدا، ئۆي ئىچىدىن تېپىلغان تېرىق، بوغداي دانلىرى ۋە 1995 - يىلى بايقالغان 95M1 - نومۇرلۇق ئاقسۆڭەكلەر قەبرىستانلىقىدىكى 3 -، 4 - ۋە 8 - نومۇرلۇق قەبرىلەردىكى ساندۇق ئەتراپىنى ئورىغان بوغداي، تېرىق پاخاللىرىنىڭ (جەسەت ساندۇقلىرىنى نەملىكتىن ساقلاش مەقسىتىدە ئورالغان) ۋە بوغداي، تېرىق باشاقلىرىنىڭ تېپىلىشى، ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك ئاھالە ئارىسىدا بۇ رايوننىڭ يەر شارائىتى، سۇ رايى ۋە ناچار قۇرغاق مۇھىتىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، دەريا ئېقىن بويلىرىدىكى سۇغىرىشقا ئەپلىك بولغان چەكلىك دائىرىدىكى يەرلەردىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

چارۋىچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش كاپالىتى دەپ بىلىدىغان ئاھالە ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان چارۋا - مال ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى (يۇڭ، تېرە)، شۇنداقلا ئۆزلىرى پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقارغان (ھەرخىل يۇڭ توقۇلمىلار، كىگىز، پالاس، گىلەم، كۆن - خۇرۇم) ھەر خىل مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز رايونىدا ياكى قوشنا ئەللەردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئاپىرىپ ئاشلىققا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قامدىغان بولۇشى مۇمكىن. 1996 - يىلى قېزىلغان بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىزىدىكى DF5 - نومۇرلۇق ئۆي ئىچىدىكى تىندۇرما توپا ئارىسىدىن تېپىلغان 11 پارچە خەنزۇ يېزىقىدىكى كەمتۈك تارىشا پۈتۈكنىڭ بىرىدە «نەگە بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشنى

بىلەلمىدۇق.» دېگەن خەنزۇچە سۆزنىڭ يېزىلغانلىقىغا قارىغاندىمۇ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسىم ئاشلىقنى قوشنا ئەللەر (يۇرتلاردىن) سېتىۋېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق[1].

نىيا خارابىسىدىن ئېنىقلانغان غول ئېقىن، چوڭ ئۆستەڭ، تارماق ئېرىق - ئۆستەڭلەر، سۇ قاچىلاش كۆلچەكلىرى، تاختا ئېتىز، باغ - ئورمان ئىزلىرى قاتارلىقلار، جۇملىدىن خارابىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر سۇغىرىش، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ باشقۇرۇش، ئورمان باشقۇرۇش، مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى مەزمۇنلار بىزگە ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ بىر يۈرۈش مۇكەممەل باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، قائىدە - قانۇن، يارلىقلار ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق ساھەلەرنى ئۈنۈملۈك باشقۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

### 3) باغ - ئورمانچىلىق

نىيا خارابىسىدىكى ئىقتىسادىي ئىگىلىككە ئائىت تېپىلمىلاردا باغ - ئورمانچىلىق ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولۇپ، بۇ ھال بىر تەرەپتىن ئەينى چاغدىكى تەبىئىي مۇھىت ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن تەھدىتىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن باغ - ئورمانچىلىقنىڭ ئەينى دەۋردە تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە نىيالىقلاردىمۇ ئورتاق مەۋجۇت بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قەدىمكى نىيالىقلار چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ ئۇلتۇراقلاشقان بولۇپ، يەنە تەدرىجىي ھالدا باغ - ئورمانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ، مېۋىلىك كۆچەت تىكىپ باغ

---

[1] سابىت ئەخمەت: «نىيا بەگلىكىنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1999 - يىللىق 3 – 4 - قوشما سان، 10 - بەت.

بىنا قىلغان. ئۆيلەرنىڭ زەگۇنده (ئۇل ياغاچلار)، تۈۋرۈك، لىملىرى ئۆزئارا تۇرۇملىنىپ، چاچپلانغان (ياغاچ جاھازىغا ئىلىنغان)، ئۆي ئالدىغا پېشايۋان، ئىشىك (قاپقا) بېشىغا لاپاس چىقىرىلىپ، ئۆي ئىچىگە سۇپا سېلىنغان ئالاھىدە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىغا يانداش سېلىنغان ئېغىل ـ قوتانلار، ئۆي ئەتراپى، هويلا ـ ئاراملارغا تىكىلگەن مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن ئۈزۈم تەكلىرى، ئولتۇراق ئۆي خارابىسى ئەتراپىدىن بايقالغان ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقچىلىرى، باغ ئەتراپىغا قېزىلغان كۆللەر، كۆل ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆستۈرۈلگەن ئىھاتە ئورمان ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممە ئائىلىدە دېگۈدەك بولغانلىقى ھەمدە نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان بۇغداي (بۇغداي باشقى)، تېرىق، چۈجگۈن قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرى بىلەن ئۆرۈك، شاپتۇل، جىگدە، ئۈجمە، ئۈزۈم، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەر، بۇ زېمىندا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكنىڭ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

نىيا خارابىسىدە يەنە مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن ئۈزۈملۈك، ئۈجمىلىكلەرنىڭ ئىزى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىرىسى، تۈپى ۋە تەك، ئىدىشلىرىغىچە ئېنىق ساقلىنىپ قالغان. ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ مەخسۇس يېتىشتۈرۈلۈشى ئەينى زاماندا بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ پىلە بېقىپ مەشۇت يىپلاردىن تاۋار ـ دۇردۇن، شايى ـ ئەتلەسلەرنى توقۇغانلىقىنى (پەرەز قىلىشقا بولىدۇ) چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن ئۈزۈملۈك باغ خارابىسىنى ستەين دەسلەپتە تەكشۈرگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ بېتى (نىيا خارابىسى سۈرىتىنىڭ E بۆلىكى) دە ئۈزۈملۈكنىڭ سۈرىتىنى تونۇشتۇرغان.

1959 ـ يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، 1994 ـ يىلى ئۆكتەبىردە جۇڭگو ـ ياپونىيە نىيا خارابىسى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا

خارابىسىدىكى 94.A4 - نومۇرلۇق ئولتۇراق ئۆي خارابىسىنىڭ شەرقىگە 100 نەچچە مېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئۆزۆملۈك خارابىسىنى تەكشۈرگەن. ئۆزۆملۈكنىڭ ھازىرقى يەر شەكلى ئۆچ بۆلۈك شەكىلدىكى تەكشىلىكتە بولۇپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئۆچى تار، ئوتتۇرىسى كەڭ. شەرقىي جەنۇبى ئۆچىنى ئەينى زاماندا سۇ ئېقىنى يالاپ كەتكەنلىكتىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئارال شەكلىدە بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ شىمالدىن جەنۇبىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 30 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۆزۆملۈك خارابىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان 60 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شاخ - شۇمبىلار بىلەن ياسالغان چىتلاق ساقلىنىپ قالغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۆزۆملۈكنىڭ ئەتراپى ئەينى زاماندا پۈتۈنلەي چىتلىنىپ قورشاۋغا ئېلىنغان. ئۆزۆمزارلىقتا تىكىلگەن قۇرۇپ قالغان ئۆزۈم تەكلىرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى توققۇز قۇر بولۇپ (قۇر ئارىلىقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا)، ھەربىر تۈپ تەكنىڭ ئالدىغا بىدىش (بارالڭ)قا ئېلىش ئۈچۈن خادا ئورنىتىلغان (خادىنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان). ئۆزۆملۈك، مېۋىلىك باغلارنىڭ قالدۇقلىرىنى پۈتۈن نىيا خارابىسىدىكى تارقاق جايلاشقان ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. نىيا خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىكى N27 -، N39 - نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىنىڭ قازناقلىرى ئىچىدىن ئۆزۈم تېلىدىن توقۇلغان لېگەنسىمان قازان چۆشۈرىدىغان تۆۋلۈك تېپىلدى. N27 - نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر كېلىدىغان يۇلغۇنلۇق دۆڭلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىكى تەكشىلىكتە چوڭ بىر باغنىڭ ئىزى بولۇپ، ئەتراپىدىكى چىتلاقلىرى ھازىرغىچە ياخشى ساقلىنىپ قالغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن باغ -

ئورمانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئاساسىي ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[1].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 59·N0010 - نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئارقاق يىپىقا گۈل چىقىرىپ توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇلغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىدا بۇدۇر چاچ، كۆزى يوغان، بۇرنى قاڭشارلىق ئادەمنىڭ ئوبرازى بىلەن يولۋاس، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلار ۋە ئۈزۈمنىڭ نوتا - يوپۇرماقلىرى بىلەن پىششىپ يېتىلگەن ئۈزۈم ساپاقلىرى ناھايىتى چىرايلىق، جۇلالىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرىدە ياراتقان كەشپىياتى بولۇپ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇن ئۆزى ئۆستۈرگەن ئۈزۈم نۇسخىلىرىنى رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارغا ئۆرنەك قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادىيە 3 — 4 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرگە ئالىي راھىبلارنىڭ ئۈزۈملۈك بېغى بارلىقى ۋە ئۈزۈملۈكنى ساتقانلىقىغا ئائىت ئەھۋاللار پۈتۈلگەن. مەسىلەن، 581 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە: «راھىبكالان ئۆزىنىڭ بىر ئۈزۈمزارلىقىنى تامغىچە راماسۇتوغا سېتىپ بەرمەكچى بولدى، پۈتۈشكەن باھاسى ئالتە غۇلاچ گىلەم، ئىككى تۇياق قوي، بىر مىلىس ئاشلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. تامغىچە راماسۇتو ئۈزۈملۈكنى باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىش، ئالماشتۇرۇش، خالىغىنىنى ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە»[2] دېيىلگەن.

---

[1] سابىت ئەخمەت: «نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى ئۈزۈملۈك توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1996 - يىللىق 3 — 4 - قوشما سان، 27 -، 28 -، 31 -، 32 - بەتلەر.

[2] ئابدۇقەييۇم خوجا: «نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1998 - يىللىق 2 -، 3 - سان، 75 -، 76 - بەتلەر.

#### 4) بىناكارلىق

نىيا خارابىسىنىڭ هازىرقى ساقلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەينى زاماندا نىيا بەگلىكىدىكى قەلئە ـ قورۇقلار خېلى يۇقىرى بىناكارلىق تېخنىكىسى بىلەن سېلىنغان. ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانلار پۇختا قۇرۇلمىغا ئىگە بىر ەر مۇھىم قەلئەنى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۈزۈنغا سوزۇلغان كەنتلەرنى بىنا قىلىپ، كۆلىمى چوڭ بوستانلىقنى بىرلىك قىلغان سىياسىي گەۋدە تىكلىگەن.

نىيا خارابىسىدە ئېنىقلانغان چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى ھەرخىل قۇرۇلۇش خارابىلىرىدىن، بۇددا ئىبادەتخانىسى، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى، بۇددا مۇنارى، ئولتۇراق ئۆيلەر، غول ئېقىن، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆلچەك، ئېتىز، ھويلا ـ ئارام، باغ ـ ئورمان قاتارلىقلار نىيا بەگلىكىدە ئەينى زاماندىلا شەھەر مەدەنىيىتى بەرپا قىلىنغانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بۇ جايدىكى ئاھالىلەر توپا ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە قوشاملىق ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈك، توغرا ياغاچلىرى ئۆزئارا تۇرۇملانغان. بەزى ئۆيلەرگە سۇپا سېلىنغان. ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوتدان (ئوچاق) سېلىنغان. ئىشىك بېشىغا لاپاس شەكلىدە لەمپە (زونتۇك) ياسالغان. ئۆينىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بۇ ئۆزگىچە ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، تامنىڭ ئۇلىغا زەگۇندە، زەگۇندىنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك قويۇلغان. بەزى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇلىغا ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان سوقۇما قويۇلغان. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىغا يەنە ئايرىش تۈۋرۈكى، ئايرىش تۈۋرۈكىنىڭ ئارىلىقىغا چىتىق ئورنىتىلىپ تام گەۋدىسى مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئاندىن قومۇش ۋە تال ـ چىۋىقلار بىلەن چىتلاپ تام ياسالغان.

تامىنىڭ ئىچى - تېشى كاكىل لايدا سۇۋالغان بولۇپ، قېلىنلىقى تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. خا (لىم) لىرى تەبىئىي ئاچىماق ياكى ئالدىن تەييارلانغان تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاسا، ۋاسىنىڭ ئۈستىگە قومۇش ياكى بورا، بەزىلىرىگە تال - چىۋىقلاردىن توقۇلغان چىتلاق سېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان (پاخال) سېلىنىپ، ئاندىن توپا ياتقۇزۇپ ئۈستىدىن سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. ئولتۇراق ئۆيلەر بىرقەدەر چوڭ ۋە بىر يۈرۈش قىلىپ ياسالغان بولۇپ، هويلا، باغ، پېشايۋان، مېهمانخانا، ياتاق، ئاشخانا، قازناق، كارىدور، ئېغىل - قوتانلاردىن تەركىب تاپقان، ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۈزۈم تەكلىرى بىلەن باغ قىلىنغان. باغ ئەتراپى دەرەخ شاخلىرى بىلەن چىتلىنىپ قورشاۋغا ئېلىنغان. بۇنداق هويلىلىق قورۇلۇش شەكلىنى ئالغان قوشاملىق ئۆيلەر نىيا خارابىسىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ[1].

نىيا خارابىسىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدە هەرخىل دەل - دەرەخلەردىن تەركىب تاپقان دائىرىسى كىچىكرەك ئورمانلىق، ئارقىسىدا مېۋىلىك باغ، ئېغىل - قوتان، كۆلچەك ئىزلىرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، باغلار مەخسۇس چاتقال، قومۇش، شاخ - شۇمبىلار بىلەن چىتلىنىپ دائىرىگە ئېلىنغان، هويلىلارنىڭ تاملىرىمۇ قوشاملانغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەزى جايلاردا قۇم - بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن هەرخىل چاتقال، شاخ - شۇمبىلاردىن ياسالغان قاشالارمۇ ئۆز ئەينى ساقلىنىپ قالغان. ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ هويلا - ئاراملىرى، سالقىنداش سالاسۇنلىرى، ئايۋان، هۇجرا، مېهمانخانا، قازناق، ئاشخانا دالانلىرى، ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈك - لىملىرى، ئىشىكلىرى قاتارلىقلارمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

---

[1] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 12 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 93 -، 94 - بەتلەر.

چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ غول تۈۋرۈك، لىم، زەگۇندە، خا، ئايرىش تۈۋرۈكى، ئىشىك، ۋاسا قاتارلىقلىرىغا ئىشلىتىلگەن ياغاچ ماتېرىياللىرى چوڭ ۋە خىللانغان بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلۇشلارنىڭ ئايۋان - سارايلىرى چوڭ ۋە ئازادە، ئۇنىڭدا يەنە كۆپ خانىلىق ھۇجرىلار، كارىدور، مەخسۇس قازناق، ھويلا - ئارام، ئېغىل - قوتان، دەرەخلىك، مېۋىلىك باغ، كۆلچەك ۋە ھويلىلارنى دائىرىگە ئالغان قوشاملىق تام - چىتلاقلار بار. ئوتتۇرا تىپتىكى ئولتۇراق ئۆيلەر ئادەتتە ئۈچ - تۆت ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان، كىچىك تىپتىكى ئولتۇراق ئۆيلەر ئادەتتە بىر - ئىككى ئېغىز ئۆيدىنلا تەركىب تاپقان. خارابىلىكتىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆز زامانىسىدا نىيالىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ ئۆي سالغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باي - كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ ناھايىتى روشەن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ بەزىلىرى زىچ، بەزىلىرى تارقاق جايلاشقان بولۇپ، بىرنەچچە ئون ئائىلە، ئۈچ - تۆت ئائىلە بىر يەردە ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالمۇ، بىر - ئىككى ئائىلە ئايرىم ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە N2 دەپ نومۇر قويۇلغان نۇقتىدا جەمئىي 19 گۇرۇپپا قۇرۇلۇش جايلاشقان بولۇپ، ئۇ دىئامېتىرى 150 مېتىرچە كېلىدىغان بوشلۇققا ئورۇنلاشقان. كەم دېگەندىمۇ 100 نەچچە ئېغىز ئۆي قاتار سېلىنىپ، ئەتراپى قېلىن سوقما تام بىلەن قورشالغان. سوقما تاملارنىڭ قېلىنلىقى 2 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ.

N2 - نومۇرلۇق ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان كېسەكتە قوپۇرۇلغان بۇددا مۇنارى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى چاسا، ئۈستى يۇملاق شەكىلدە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئىبادەتخانىنىڭ خارابىلىرى بار.

نىيا خارابىسىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تارىم (تەكلىماكان) ۋادىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرىنى ياغاچ قۇرۇلما ئاساسىدا ياساپ چىققان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر نىيا رايونىنىڭ قەدىمكى بىناكارلىقىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ياغاچ — ئۆيلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، يۇلغۇن قاتارلىقلار قوشۇمچە ماتېرىيالى بولغان. بۇ خىل بىناكارلىق ئۇسۇلى ئەينى دەۋردىكى كىشىلەر ياشىغان تەبىئىي مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا يەنە ئەينى دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان[1].

ئەجدادلارنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىناكارلىق تېخنىكىسى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ خىل خاس يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتى — تەكلىماكاننىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرىدا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىدا يەنىلا ئاساسىي جەھەتتىن ساقلىنىپ كەلمەكتە[2].

### 5) قول ھۈنەرۋەنچىلىك

نىيا بەگلىكىنىڭ ئەينى دەۋردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن بىناكارلىق ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ

[1] ۋاڭ زۇڭشى: «نىيا قەدىمكى بىناكارلىقى سەنئىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە تەكشۈرۈش»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1999 - يىللىق 3 - سان، 67 -، 68 - بەتلەر.

[2] ئابدۇقەييۇم خوجا: «نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1998 - يىللىق 2 -، 3 - سان، 54 -، 55 - بەتلەر.

ئىلگىرى سۈرگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ھازىرغىچە چەت ئەل ۋە ئىلىمىز ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈش، قېزىش جەريانىدا تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسىدا يارىتىلغان ماددىي مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى چوڭ جەھەتتىن ساپالچىلىق، بىناكارلىق، ياغاچچىلىق، توقۇمىچىلىق كۆن - خۇرۇمچىلىق، مېتالچىلىق قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) ساپالچىلىق

نىيا خارابىسىدىن يىغىۋېلىنغان ۋە قېزىۋېلىنغان ساپاللارنىڭ سانى گەرچە ئاز بولسىمۇ، بىراق بۇ خارابىدىن ئىلگىرى - كېيىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ شەكلى، ھەجمى، سۈپىتى ۋە ياسىلىش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ساپال بۇيۇملار مەخسۇس كۇلالچىلار تەرىپىدىن چاق بىلەن ئۆلچەملىك ۋە سۈپەتلىك ياسالغان. بۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ ئاز بىر قىسمى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى بىرونزا قوراللار دەۋرىگە، مۇتلەق كۆپ قىسمى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ.

بىرونزا قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىنى 1989 - يىلى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى نېفىت چارلاش ئىدارىسىنىڭ 3 - باشقارمىسىغا قاراشلىق مەلۇم ئەترەت نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا بايقىغان. بۇ ئىزلاردىن ئالتە دانە تاش قوراللار، بەش دانە قاشتېشىدىن ياسالغان بۇيۇم، يەتتە دانە مىس قورال، ساپال قاچىلارنىڭ پارچىسى قاتارلىق 23 دانە بۇيۇم يىغىۋېلىنغان. بۇ يەردىن تېپىلغان ساپاللارنىڭ كۆپىنچىسى لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپال پارچىلىرى بولۇپ، گۈل نۇسخىلىرى ئايلانما شەكىللىك ئويما نۇسخا ۋە قارا رەڭلىك گېئومېترىيىلىك گۈل نۇسخىلاردىن ئىبارەت[1].

[1] ئەخمەت رىشت، يۇ جىيۇڭ: «نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىدا نېفىت چارلاش جەريانىدا بايقالغان يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1998 - يىللىق 1 ـ 2 - قوشما سان، 102 -، 104 - بەتلەر.

1993 — 1996 - يىللىرى جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىلىكنىڭ شىمالىدىكى 50 كىلومېتىرچە دائىرىدە ئىككى قېتىم قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بىر قىسىم تاش قوراللار بىلەن قىزىل، كۆل رەڭ ساپال بۇيۇملارنى ۋە قىسمەن مىس قوراللارنى تاپقان. مۇشۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش دائىرىسىدىن قارىغاندا، نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى دەريا ئېقىنى ئەتراپىنى مەركەز قىلغان ھالدا تارقالغان بۇ قەدىمكى برونزا قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، بۇ دەريا ساھىلىنىڭ قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايون ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ جايدىن تېپىلغان بىلەي تاش، تاش پىچاق، تاش ساقا، تاش ئوق باشىقى قاتارلىقلاردىن باشقا مىس پىچاق، مىس بىزەك، مىس كۆزگۈ قاتارلىقلار ۋە قىزىل، كۆل رەڭ قۇم ئارىلاشتۇرۇپ قول بىلەن ياسالغان، ئېغىزىنىڭ گىرۋەكلىرى ۋە قورساق قىسمىغا ئويۇش، (جىجىلاش) ئارقىلىق ئاددىي گېئومېتىرىيىلىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن ساپاللارنىڭ شەكلى، تۈرى، ھەجمى، ياسىلىش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، قورساق قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 1 مېتىردىن ئاشىدىغان چوڭ كۆپلەردىن تارتىپ، كىچىك پىيالىچەك، ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى 4 — 5 سانتىمېتىر كېلىدىغانلىرىمۇ بار. ساپاللارنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، قول بىلەن ياسالغانلىرى ۋە چاقلىق ئەسۋابلار ئارقىلىق ياسالغانلىرىمۇ كۆپ. بۇ خىل ساپاللارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ لېيىغا ئۇششاق شېغىل قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، پىشۇرۇش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا يۇقىرى ھارارەتلىك خۇمداندا پىشۇرۇلغانلىرىمۇ ۋە نىسپىي تۆۋەنرەك ھارارەتتە پىشۇرۇلغانلىرىمۇ بار.

بۇ خارابىنىڭ جەنۇبى، شەرقى ۋە شىمالىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئەتراپىغا جايلاشقان خۇمدان ئىزلىرىدىكى ساپال پارچىلىرىنىڭ ۋە ساپال داشقاللىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئورۇنلاردا دائىرىسى خېلى چوڭ ئۆرە خۇمدانلارنىڭ ۋە كىچىك تىپتىكى ئۈستى ئوچۇق ئورا شەكىلدىكى خۇمدانلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكى خۇمدانلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كۆپلۈكى بۇ بەگلىكتە كۇلالچى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ مەلۇم كۆلەمگە ئىگە خۇمدانلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[1].

(2) ياغاچچىلىق

قەدىمكى نىيا ئاھالىسى ئۆز يېرىدىكى تەبىئىي ئورمانلاردىكى ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلەتكەندىن باشقا، ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئۆز يېرىنىڭ قۇملۇق، زەيكەش ۋە سېغىز توپا قاتلىمىنىڭ كەم بولۇشىدەك شارائىتلار تۈپەيلىدىن، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى سېلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا، ئۇلار ئۆيلەرنىڭ تام ـ تورۇس، ئۇل قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ھويلا ـ ئارام، قورۇق تاملىرىغىچە ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، ھازىرمۇ شۇ يەرلىك ئاھالە «قوشام»لىق ئۆي دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ خىل ئۆيلەر يېنىك، پىختەر، نەملىككە چىداملىق بولۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

نىيا خارابىسىدىن بۇ خىل قوشاملىق ئۆيدىن 150 كە يېقىن بايقالغان بولۇپ، ئادەتتىكى ئىككى ئېغىز ئۆيدىن تارتىپ ئەڭ چوڭلىرى 10 نەچچە ئېغىز ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى

[1] سابىت ئەخمەت: «نىيا بەگلىكىنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1999 ـ يىللىق 3 ـ 4 ـ قوشما سان، 12 ـ، 13 ـ بەتلەر.

كۆلىمى بىرقەدەر چوڭراق ئالاھىدە ياسالغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا پېشايۋان چىقىرىلغان بولۇپ، پېشايۋان ياغاچلىرىغا ئالاھىدە ئويما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن ياغاچ چۆچەك، تەڭنە، چۆمۈچ، قوشۇق، ئاشتاختا، ياغاچ چېلەك (سوغا) شىرە، ئۇستەل، ساندۇق قاتارلىقلارنى ياساپ ئىشلەتكەن. ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىدىن پەنچە، غالتەك، تۇرگە، جەينەك، تەپكە، تىغ، شانا، شادا قاتارلىق سايمانلارنى ۋە يىپ، ئۇرچۇق تېشى، چاق قانتى (يىپ ئېگىرىلىدىغان چاق)، ياغاچ بولقا، ئىلمەك مۇرۋەت، قىسماق، گوجەك قاتارلىقلار بولۇپ، قەدىمكى نىيا ئاھالىسى ياغاچ ماتېرىياللاردىن تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزگىچە ياغاچ ئەسۋابلارنى ياساپ ئىشلەتكەن، بۇمۇ نىيالىقلارنىڭ ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلانغانلىقىنىڭ دەلىلى[1].

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ بۇيۇملارنىڭ شەكلى ۋە ھۈنەر - سەنئىتى ئۆزگىچە بولۇپ، قەدىمكى نىيالىقلارنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ستەين قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن ۋە كېيىنكى قېتىمقى قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يۇنان ئۇسلۇبى بىلەن قەدىمكى ئۇدۇن ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلۈپ ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، ئۆي - ئىمارەت دېتاللىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلارغا ھەر خىل نەپىس، رەتلىك گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر، گۈزەل، كۆركەم خىلمۇ خىل گۈل ئۆرنەكلىرى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى قاتارلىقلار ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا «ئاقسۆڭەكلەر قەبرىستانلىقى»دىكى جەسەت ساندۇقى ئىچىدىكى ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ياغاچ ئاياق (تاۋاق)، چۆچەك، ياغاچ جام، ياغاچ تارغاق، ساداق، ئوق

---

[1] سابىت ئەخمەت: «نىيا بەگلىكىنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1999 - يىللىق 3 – 4 - قوشما سان، 14 - بەت.

دەستىسى ۋە خارابىلەردىن تېپىلغان ياغاچ گۈرجەك، ياغاچ پەنچە، ئۈرچۈق قاتارلىق ياغاچ بۇيۇملارنىڭ ياسىلىشى ھازىرقى زاماندىكى خەلق ئارىسىدىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرى ياسىغان ياغاچ بۇيۇملارنىڭ سەۋىيىسىدىن پەرقلەنمەيدۇ[1].

(3) توقۇمىچىلىق

1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى نىيا خارابىسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئەر - ئايال بىللە دەپنە قىلىنغان جەسەت ساندۇقىدىن بىر دانە پىلە غوزىسىنى تاپقان بولۇپ، جەسەت ساندۇقىغا سېلىنغان دەپنە بۇيۇملىرىدىن بىر پارچە پاختا رەختتىن ئىشلەنگەن ماتا (بۆز) قولياغلىق ۋە ئەرگە كىيدۈرۈلگەن پۇچقىقى كەشتىلەنگەن ماتا ئىشتان، بىر پارچە ئەجدىھا ۋە ئادەم سۈرىتى بېسىلغان ھەمرەڭ (كۆك رەڭدە گۈل نۇسخىسى بېسىلغان بۆز) قاتارلىق پاختا توقۇلمىلار تېپىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، 1995 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى بېكىتىدىن بايقىغان 95NM3 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 95M3 - نومۇرلۇق ياغاچ تاۋۇتلۇق قەبرە ئىچىدىكى ئەر - ئايالنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن ئەنلىك پاختا رەخت (چەكمەن) يېپىلغان. 1996 - يىلى 96NA:5 - نومۇرلۇق بۇددا مۇنارى ئىزىدىكى DF5 ئۆينىڭ شەرقىي چېتىدىكى مال ئوقۇرى ئالدىدىكى ئەخلەت ئارىسىدىن بىر تال كېۋەز شېخىنىڭ تېپىلىشى (بۇ بىر تال كېۋەز شېخى ئەسلىدە شۇ جايدا تېرىلغان كېۋەز شادىسىدىن چۈشۈپ قالغانمۇ ياكى كېيىنكى مەزگىللەردە باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەنمۇ، گەرچە ھازىرغىچە ئېنىق بىر نىمە دېگىلى بولمىسىمۇ) بىزنى قەدىمكى نىيالىقلارنىڭ كېۋەز تېرىپ، پاختا رەخت توقۇغان -

---

[1] ئابدۇقەييۇم خوجا: «نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1998 - يىللىق 2 -، 3 - سان، 77 - بەت.

توقۇمىغانلىقىدەك قىيىن مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە ئۈندەيدۇ. چۈنكى، يېقىنقى يىللار مابەينىدە بۇ خارابىلىكتىن تېپىلىۋاتقان پاختا توقۇلمىلارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە.

نىيالىقلارنىڭ ئەينى دەۋردە ئۈجمە ئۆستۈرۈپ، پىلە بېقىپ، مەشۇتتىن يىپەك توقۇلمىلارنى توقۇغانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇ خارابىلىكتىن بىر دانە پىلە غوزىسى تاپقان؛ 1980 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورنى بۇ خارابىنى تەكشۈرگەندىمۇ بىر دانە پىلە غوزىسى تاپقان؛ 1993 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىنىڭ مەركىزىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىگە 3 كىلومېتىر (جۇغراپىيىلىك ئورنى "E92°43'07، "N37°58'34"\+24) كېلىدىغان جايدىكى بوراندا ئېچىلىپ قالغان يۇڭ پالاس ۋە بورىغا يۆگەپ دەپنە قىلىنغان جەسەت ئەتراپىدىن بىر بولاق مەشۇت بىلەن قىزىل - ئاق رەڭدىكى يىپەك شايىلارنى تاپقان. بۇ خىل شايى - دۇردۇنلارنىڭ پارچىلىرى خارابىدىكى ئۆي ئىزلىرى ۋە قەبرىلەردىكى جەسەتكە كىيدۈرۈلگەن كېپەنلىكلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 1993 - يىلى بۇ خارابىنى تەكشۈرگەندە 93A.24 دەپ نومۇر قويۇلغان كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى يۇلغۇنلۇق دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا دىئامېتىرى 1 مېتىردىن 70 — 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان 10 تۈپچە ئۈجمە دەرىخىنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇ خىل ئۈجمە دەرەخلىرى بۇ خارابىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

«كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، كروران بەگلىكىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدىكى يىپەك يولىنىڭ باش تۈگۈنلۈك ئورنىدىن قارىغاندا،

بۇ بەگلىك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پىلە بېقىش، يىپەك رەخت توقۇش تېخنىكىسى ۋە خىلمۇخىل يىپەك توقۇلمىلىرى بىلەن ئەڭ بۇرۇن ئۇچراشقان بولۇپ، يىپەك توقۇمىچىلىقى ئۇدۇن رايونىغا مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا كىرگەن دېيىلسە، كىروران بەگلىكى تەۋەلىكىدىكى نىيا بەگلىكىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مۆجىزىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. شۇڭا، نىيا بەگلىكىدە پىلە بېقىپ، يىپەك رەخت توقۇشنى ئەڭ كېيىن ھېسابلىغاندىمۇ مىلادىيە 3 ـ، 5 ـ ئەسىرلەر ئەتراپىدا ئۆزلەشتۈرگەن دەپ قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى يەنىلا چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. 1959 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە بۇ خارابىنى قېزىش جەريانىدا تېپىلغان توقۇمىچىلىق سايمانلىرىدىن پەنچە، ئۇرچۇق، يىك ۋە توقۇمىچىلىق دۇكانلىرىنىڭ سايمان بۆلەكلىرىدىن غالتەك، تۈرگە، شادا، تەپكە، شانا، تىغ، دۇكان جازىسى قاتارلىقلاردىن باشقا ھەر خىل يۇڭ، يىپەك، پاختا توقۇلمىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ، تۈرى ھەر خىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل توقۇلما نىيا خارابىسىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرى ۋە يىل دەۋرى ئوخشاش بولمىغان قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن يۇڭ توقۇمىچىلىقنىڭ قەدىمكى نىيا ئاھالىلىرى ئىچىدە تارىخى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا بۇ خارابىلىكتىكى ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرى ۋە قەبرىلەرنى قېزىش جەريانىدا تېپىلغان ھەرخىل رەڭدىكى يۇڭ توقۇلمىلار، يەنى پالاس، گىلەم، جاۋا (توم يۇڭ يىپ بىلەن شالاڭ توقۇلىدىغان بىر خىل توقۇلما)، پاختا توقۇلمىلاردىن چەكمەن، خام قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتى، توقۇلۇش تېخنىكىسى جەھەتتە ئوخشاش دەۋرگە مەنسۇپ

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى خارابىلىكلەردىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ توقۇلۇش تېخنىكىسىدىن تۆۋەن ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(4) مېتالچىلىق

نىيا خارابىسىنى كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا، خارابىلىكنىڭ شىمالىي، غەربىي، غەربىي جەنۇبى ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرى ئەتراپىدىن دائىرىسى ئوخشاش بولمىغان تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى ۋە تۆمۈر تاۋلاش ئوچاقلىرىنىڭ ئىزلىرى ۋە شۇ ئەتراپتا چېچىلىپ ياتقان تۆمۈر داشقاللىرى، تۆمۈر پارچىلىرى ۋە قىسمەن رودا تاشلار كۆپلەپ تېپىلدى. تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدىكى تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر ئورغاق، مىس پىچاق، مىس قازان، يىڭنە، ئوق باشىقى، خەنجەر قاتارلىقلار نىيا بەگلىكىدىكىلەرنىڭ مېتال تاۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا لازىملىق ھەرخىل قورال - سايمانلارنى، ھەربىي قورال - ياراغلارنى ياسىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

نىيا رايونىنىڭ يەر شارائىتى، جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك رودا، تۆمۈر مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز تەۋەسىدىن يىراق بولغان جەنۇبتىكى قاراقورۇم تېغى ياكى غەربىي شىمالدىكى كوسەن (كۇچا)، شەرقتىكى ئالتۇنتاغ ئەتراپىدىن يۆتكەپ كەلگەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ خارابىلىكتىكى بەزى تۆمۈر تاۋلاش ئىزلىرىنىڭ چوڭلۇقى بۇ بەگلىكتە يۈرۈشلەشكەن تۇرمۇش ئەسۋابلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە ھەربىي قورال - ياراغلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانا بولغانلىقىنى؛ ئولتۇراق ئۆي خارابىسىدىكى تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىنىڭ ئىزلىرىنىڭ بايقىلىشى تۆمۈرچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان تۆمۈر تاۋلىغان ئوچاق ئىزى، كۆرۈك نەيچىسى، ئېرىتىلگەن كاللەك تۆمۈر، رودا ۋە داشقاللارنىڭ

قالدۇقلىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن تۆمۈر ئوتىغۇچ، تۆمۈر ئىسكىنە، تۆمۈر ئورغاق، تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر ئوق قاتارلىقلار شۇ چاغلاردىلا تۆمۈر تاۋلاش ۋە تۆمۈرچىلىك كەسپىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**6) قاتناش - ترانسپورت**

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، نىيالىقلار قەدىمدە تۆگە، ئات، كالا ۋە ئېشەكنى كۆپ باققان. بۇ ئائىلە ھايۋانلىرى قاتناش ۋە ترانسپورتتا ئىشلىتىلگەن. نىيا رايونىنىڭ ئەتراپى قۇملۇق، سۇ ۋە ئوت - چۆپ كەمچىل، ھاۋاسى قۇرغاق بولغاچقا، يول يۈرگەندە چوقۇم تۆگىدىن پايدىلانغان. شۇڭا، تۆگىنىڭ باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردىكى ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ياخشىراق بىر تۆگىنىڭ باھاسى بىر ئەر قۇلنىڭ باھاسى بىلەن ئوخشاش بولغان. ئات سەپەرگە ياكى ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلگەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرىدىن قارىغاندا، پىشامشان بەگلىكى قاتناش لىنىيىسىدە راباتلارنى قۇرۇپ، ھەربىي ئاخباراتلارنى تېز يەتكۈزۈش ۋە ئەلچىلەرنى قوغداپ مەنزىلگە يەتكۈزۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

## 8. نىيا خارابىسىدە ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي فورماتسىيە

نىيا ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي فورماتسىيە — جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئىرق - ئىنسانشۇناسلىق مەسىلىسى، تىل - يېزىق مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت - سەنئەتتى قاتارلىقلاردا بىرقەدەر روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك نىيا

خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

### 1) ئىجتىمائىي قۇرۇلما (سىياسىي تۈزۈلمە)

ئىجتىمائىي قۇرۇلما — جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىدىكى ئاساسىي گەۋدە بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ ئۈستىقۇرۇلما سىياسىيسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. نىيا خارابىسىدە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەردىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردىكى نىيا بەگلىكىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ ھال نىيا خارابىسىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشلىرى، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرى، ھەمدەپنە بۇيۇملىرى قاتارلىق تەرەپلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

1959 - يىلى ئۆكتەبىردە قېزىلغان 59MN0001 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەرنىڭ دەپنە قىلىنىش ئەھۋالى (ئالدىنقى مەزمۇنلاردا بايان قىلىنغان) ئەينى زاماندىكى ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇننى تىرىك پېتى ھەمدەپنە بۇيۇم سۈپىتىدە ئەرگە ھەمراھ قىلىپ دەپنە قىلىدىغان دەپنە ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل دەپنە ئادەتلىرى قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى دەپنە ئادەتلىرىدۇر.

سىياسىي تۈزۈلمە بولسا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئابىدىسى. نىيا بەگلىكى گەرچە كىچىك بەگلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ناھايىتى مۇكەممەل بولغان. 3000 دىن ئارتۇق نوپۇسى بار كىچىك بەگلىكتە خان، تۇتۇق سانغۇن، تىلماچ قاتارلىق ئەمەلدارلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمران سىنىپ ئىدى. ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار سىنىپى

ئىنىقلا كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان قارا بودۇن (پۇقرالار) ئىدى. قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرگە ئاساسلانغاندا، يانچى ۋە قۇللار ئەڭ تۆۋەن تەبىقىگە كىرەتتى.

شەرقىي خەن دەۋرىدىن ئىككى جىن دەۋرىگىچە پىشامشان بەگلىكى نىيا بەگلىكىنى يۇتۇۋالغان بولۇپ، بۇ بەگلىكنىڭ ئەمەلدارلار سىستېمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. خان بولسا پىشامشان بەگلىكىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، بەگلىكتىكى پۈتۈن يەر - زېمىن، مال - دۇنيا ۋە خەلق ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. خاننىڭ ئايالى خانىش، ئوغلى شاھزادە دەپ ئاتالغان. ئۇلار خاندىن قالسىلا ئەڭ چوڭ ھۆكۈمران بولۇپ، نۇرغۇنلىغان شەخسىي بايلىقى بولاتتى، يەنى ئۇلار يەر، تۆگە ۋە كالا، قويلارغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئەمەلدارلار ئىچىدە ھاكىمىيەت تۇتقۇچى ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، شاھزادىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشالمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، خەزىنىچىبەگ، باجگىر، مىراب، كاھىن ۋە يۈز بېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار بولغان. نىيا ۋە پىشامشان خارابىسىدىن بايقالغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكتىن، پىشامشان پۇقرالىرىنىڭ ئەينى دەۋردە 100 ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ بىر كەنت ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۈز بېشى ئەڭ كىچىك، ئەمىلى ئەڭ تۆۋەن، سانى ئەڭ كۆپ ئىدى. پۇقرالار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە ئۇلار ھۆكۈمرانلارنىڭ باشقۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا ئۇچرايتتى. ئادەتتىكى كۈنلەردە ئۇلار بەلگىلەنگەن باجنى تاپشۇرۇشى، ئەمگەك مەجبۇرىيىتى ۋە ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىشى شەرت ئىدى. باشقىلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغاندا چوقۇم ئىجارە ھەققىنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. نۇرغۇنلىغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ئېلىم - سېتىم توختاملىرىدا «قۇل ئىگىسى قۇللارنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالسا، قولىنى كېسىۋەتسە، باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ

بىرىۋەتسە، مال ـ مۈلۈك سۈپىتىدە رەنىگە قويسا، ئۇمۇمەن نىمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقىلاردىن پىشامشان بەگلىكىدە سىنىپىي ئايرىمچىلىقنىڭ ناھايىتى روشەن ئىكەنلىكىنى، باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پىشامشان بەگلىكىنىڭ مۇكەممەل ۋە قاتتىق سىياسىي تۈزۈلمىسىدىن قارىغاندا، نىيا ئەتراپىدىكى رايونلار خەن، جىن دەۋرىدە ئاللىقاچان فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان. ئەمما، قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ بەزى ئادەتلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان، شۇنداقتىمۇ مەدەنىيەت سەۋىيىسى مۇئەييەن سەۋىيىگە ۋە باسقۇچقا يەتكەن.

نۇرغۇنلىغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن پىشامشان بەگلىكىگە تەۋە نىيا رايونىدا شەخسىي مۈلۈك تۈزۈلمىسى قارىشىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلۈكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خانىش ۋە خانزادىلەرنىڭ تۆگىلىرى، ئەمەلدار ۋە زېمىندارلارنىڭ يەر ـ زېمىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ئاددىي پۇقرالارنىڭ كالا، قويلىرى ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلىرى ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، قەتئىي دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا بولمايتتى. بۇ خىل ھوقۇقىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە نۇرغۇنلىغان شەخسىي مال ـ مۈلۈك ماجىراسىغا ئائىت ئىشلار خاتىرىلەنگەن. بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلسا بولاتتى، ھەتتا بىۋاستە خانغا ئەرز قىلسىمۇ بولاتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار جېدەل ـ ماجىرالارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلغان. خانمۇ ھەمىشە ئەمر ـ پەرمانلارنى چۈشۈرۈپ، ئەمەلدارلارنى جېدەل ـ ماجىرالارغا ئائىت ئىشلارنى قانۇنغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇغان. بۇنداق كۈچلۈك شەخسىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ھەم خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش

قانۇننىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ــــ خەن - جىن دەۋرىدە نىيا ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاللىقاچان تەرەققىي قىلىپ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، پىشامشان بەگلىكىنىڭ خانلىرى «ئۇلۇغ قاغان»، «شاھىنشاھ»، «تەڭرىقۇت»، «ئادىل خان»، «زەپەر قۇچقان خان»، «يىرۇكا» دەپ ئاتالغان. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ نام - ئاتاقنى ئىشلەتكەن، بەزىلىرى ھەتتا ھەممىسىنى ئىشلەتكەن. بۇ ئەمەل - مەنسەپلەرنىڭ چوڭلۇقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت ئۆزىلا بار، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ قارايتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى قارىغۇلارچە دوراش ياكى ۋارىسلىق قىلىشتىن كەلگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا «ئۇلۇغ قاغان»، «شاھىنشاھ»، «ئادىل خان»، «زەپەر قۇچقان خان» دېگەن ناملار پېرسىيە ئاھمانىدىلار خانلىقىنىڭ خانى دارىئۇس بىلەن ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ كوشان خانلىقىدىكى مەشھۇر قاغان كانىشكا ئىشلەتكەن ناملار بولۇپ، پىشامشان بەگلىكتىكى خانلارنىڭ ئۆزلىرىنى يۇقىرىقىدەك ناملار بىلەن ئاتىشى شەرق، غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

### 2) قانۇن - تۈزۈم

قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، پىشامشان بەگلىكىنىڭ مۇكەممەل، سىستېمىلىق قانۇنى بولغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى بىر قىسىم خان يارلىقلىرىدا ھەمىشە «قانۇنلۇق»، «قانۇنسىز»، «قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش» دېگەن سۆزلەر تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان 439 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە، «بىر ئادەم بەش - ئالتە خىل مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنسا قانۇنسىزلىق بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن پىشامشان بەگلىكىنىڭ قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ قانداق ئەمگەكلەرگە

سىپلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق قانۇن - نىزاملارنىڭ بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە 471 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە «قانۇننىڭ ھۆكۈمى بولماي تۇرۇپ، مۇساپىرلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىۋېلىش — قانۇنسىزلىق» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن پىشامشان بەگلىكىنىڭ قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ (مۇساپىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەخسىي مال - مۈلكىنى قوغداشقا ئائىت ماددىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، 435 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە، «بەگلىكنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنىغا ئاساسەن ئادەمزات ياكى ھايۋان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت بەگلىك ئۈچۈن ئىشلەپ، ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسا، ھۆكۈمەت باھا ھېسابلاپ تۆلەم بېرىدۇ» دېيىلگەن. ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قانۇن كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرگەن. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغان. خان ھەمىشە ئادەتتىكى كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئۆزى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قانۇن بويىچە قانداق ئىش بېجىرىش لازىملىقى توغرۇلۇق پەرمانلارنى چۈشۈرۈپ تۇرغان. بۇنىڭدىن خاننىڭ بۇ بەگلىكنىڭ قانۇنىدىن خەۋەردار بولۇپلا قالماي، بەگلىكنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

پىشامشان بەگلىكىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى ياكى دىنىي تەشكىلاتلاردا يەنە نۇرغۇنلىغان چەكلىمىگە ئىگە نىزام، تۈزۈملەر بولغان. نىيا ئەتراپىدا سۇ كەمچىل بولغاچقا، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ سۇغىرىشتا بىر يۈرۈش قاتتىق تۈزۈمى بولغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتتە بۇ ھەقتىكى پاكىتلار كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇ ھەققى يىغقان جەدۋەلمۇ بار. قۇملۇق ۋە شورنىڭ نىيىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، يەرلىك خەلق تەبىئىي مۇھىتنى ئاسراشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز مەيلىچە دەرەخ كەسكەنلەرگە جازا

بېرىدىغان بەلگىلىمىلەرنى تۈزگەن. پىشامشانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇددا دىنى راھىبلار گۇرۇھىنىڭ ئاممىۋى دىنىي تەشكىلاتلىرى بار بولۇپ، بۇ گۇرۇھتىكى راھىبلارنىڭ ھەممىسى قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەكلىكى، ئۇنداق بولمايدىكەن، تېگىشلىك جازا بېرىلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن[①].

### 3) ئىرق — ئىنسانشۇناسلىق

ئىرق — ئىنسانشۇناسلىق مەسىلىسى نىيانىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. گەرچە، نىيا ئارخېئولوگىيىسىدە 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، قەدىمكى نىيالىقلارنىڭ ئىرق — ئىنسانشۇناسلىق مەسىلىسىدە بىر قىسىم كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ياكى نەزەرىيىۋى ئاساسىنىڭ كەمچىللىكى، تەتقىقاتتا يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋە ئۇنىۋېرسال پەنلەرنىڭ ياردىمىنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ مەسىلىگە ئېنىق بىر جاۋاب بېرىلمەستىن، پەقەت بىر قىسىم ئىلمىي پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جۇڭگو - ياپونىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ نىيا خارابىسىگە قارىتا ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن بۇ مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

1993 - يىلى 10 -، 11 - ئايلاردا جۇڭگو - ياپونىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىدە

---

① چيەن بۇچۇەن: «خەن - جىن دەۋرىدىكى نىيا ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1999 - يىللىق 1 - سان.

بەشىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا بەزى قەدىمكى قەبرىلەرنى قازدى. ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى مۇشۇ قېتىم قېزىلغان خەن، جىن دەۋرلىرىگە مەنسۇپ قەبرىدىن چىققان ئىككى ئەركىشىنىڭ باش سۆڭىكى (نومۇرى: 93NYIM1، 93NYIM7) ئۈستىدە ئىرق ئانتروپولوگىيىسى جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە نىيا رايونىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تىپىنى چۈشىنىشنى ئىلمىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇلار قەدىمكى نىيا رايونىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ قېزىۋېلىنغان باش سۆڭىكىنىڭ 14 تۈرلۈك ھېسابلاش مەلۇمات قىممىتىنى ئۈچ چوڭ ئىرقنى ھېسابلاشتىن مەلۇم بولغان ئالاھىدىلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىگە بولغان سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا، نىيا ئاھالىسىنىڭ ئىرق ئالاھىدىلىكى ياۋروپا ئىرقلىرىغا مايىل، يەنى ئىرق ئالاھىدىلىكى جەھەتتە ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ، دېگەن يەكۈننى چىقاردى ھەمدە نىيا رايونىدىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭىكى بىلەن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى توققۇز گۇرۇپپا قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ باش سۆڭەكلىرىنى ئوتتۇرىچە قىممەت ۋە دەرىجە مىقدار پەرقى جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، نىيا رايونىدىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكلىرى كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر گۇرۇپپىسىغا، ئۇنىڭدىن قالسا تەكرىتېغىدىكى ئالغوي ۋە لوپتىكى سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭىكىگە يېقىنلىشىدۇ، ئەڭ يىراق بولغاندا، مورىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى گۇرۇپپىسىدىكى باش سۆڭەكلىرىگە يېقىن كېلىدۇ، دەپ قارىدى[①].

قەدىمكى نىيىلىقلارنىڭ ئىرق مەسىلىسىدە، يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۇلارنى ئاق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ

---

[①] ۋاڭ بو، سۈي جىڭ: «نىيا خارابىسىدىكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۈيغۇرچە، 2000 - يىللىق 1 — 2 - قوشما سان، 60 -، 70 -، 71 - بەتلەر.

ھەمدە ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى مۇنداق ئۈچ تەرەپكە باغلايدۇ: بىرىنچى، يىراق قەدىمكى زاماندا بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار توخرىلار بولۇپ، ئۇلار بەلكىم بۇ يەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولۇشى مۇمكىن؛ ئىككىنچى، خەن - جىن دەۋرىدە بۇددا دىنىنى تارقىتىش سەۋەبى بىلەن شەرققە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان شىمالىي ھىندىستانلىقلار؛ ئۈچىنچى، يىپەك يولىنى جانلاندۇرغان خەلقئارالىق سودىگەر — سوغدىلاردىن ئىبارەت[1].

## 4) دىنىي ئېتىقاد

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتلىك دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شامان دىنىدا دىنىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلغۇچى پېرىخوننىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان. ئۇلار يەنە قەبىلە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ باشقا دىنلار باش كۆتۈرۈپ، شامان دىنى بارا - بارا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. شۇنىڭ بىلەن پېرىخونلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ بىراقلا تۆۋەنلىگەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن خەن - جىن دەۋرىدىكى نىيا رايونىدا ئايال پېرىخون (باخشى) لارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپى ئېنىقلا جىن قوغلاش ۋە كېسەل داۋالاش ئىدى. بىراق، قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ ئايال پېرىخونلار جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولمايلا قالماي، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ قورقىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. بۇلاردىن شامان دىنىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار

---

[1] چيەن بوچۈەن: «خەن - جىن دەۋرىدىكى نىيا ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1999 - يىللىق 1 - سان، 85 - بەت.

بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. كېيىن نىيا ئەتراپىدا مانى دىنى تارقالغان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتا زوروئاستېر دىنى تارقالغان. بۇ دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئوت بار. بۇ پارسلارنىڭ قەدىمكى دىنىدىن كېلىپ چىققان بىر خىل دىن بولۇپ، كۇشانلار خانلىقىدىن ئىلگىرىكى خانلىقلار زوروئاستېر دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن. نىياغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كۇشانلار خانلىقىدىكى شىمالىي ھىندىستانلىقلار ئىچىدە مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتتە ھەمىشە «باش كاھىن» دېگەن ئەمەل ئۇچرايدۇ. بۇددا دىنىدا بۇنداق ئەمەل يوق. بۇ، زوروئاستېر دىنىنىڭ رىياسەتچىسى بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا «سارتباۋ» دېيىلگەن. بۇددا دىنى نىيا رايونىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، زوروئاستېر دىنى تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىغا ئورۇن بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكتە بۇ دىنغا ئائىت خاتىرىلەر ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. تۆبۈتچە ئەسەر «ئۇدۇن (لىيال) خاتىرىلىرى» دىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، يېغىلىق دەۋرىدىلا بۇددا دىنى ئۇدۇنغا تارقالغان.

بۇددا نوملىرىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پادىشاھ ئاسۇكانىڭ شاھزادىسى ئوردىدىكى كۈرەشتە كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، پادىشاھ ئاسۇكا بۇنى شاھزادىنىڭ نائىبى بولغان ۋەزىردىن كۆرۈپ، ئۇنى شىمالىي تەرەپكە سۈرگۈن قىلغان، ۋەزىر ئۆز ئۇرۇقىنى باشلاپ يۇرتى ۋىسامانپالا شەھىرىدىن ئۇدۇنغا كېلىپ شۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان. شۇڭلاشقا، ئۇدۇن خانلىرىنىڭ ھەممىسى ۋىسا (Visa) دېگەن نامنى ئىشلەتكەن ھەم ئۆزلىرىنى شىمالىي تەرەپ ۋايىسىساداۋانا تەگرى ئىلىك خانىنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتاپ پەخىرلەنگەن. ئۇلار ئۇدۇنغا كۆچۈپ كىرگەندە چوقۇم بۇددا دىنىنى ئېلىپ كىرگەن. نىيا ئۇدۇنغا

يېقىن بولغاچقا ئۇنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، بۇددا دىنىمۇ بۇرۇن تارقىلىپ ناھايىتى تېزلا ئوموملاشقان. چەت ئەل سەيياھلىرى ۋە ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى نىيىدا نۇرغۇن بۇددىزم خارابىلىرىنى بايقىغان.

قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئەينى دەۋردىكى نىيا رايونىدا راھىبلارنىڭ سانى ئاز بولغان، ئۇلار راھىبلىق يولىغا كىرگەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ئۆيلىنىپ بالىلىق بولغان، گۆش يەپ، شاراب ئىچكەن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بولۇپ، دىندىن خالىي تۇرمۇش كەچۈرگەن، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئائىلە قۇلىمۇ بولغان، يۇقىرىقىلاردىن ئۇلارنى ماھايانا مەزھىپىگە تەۋە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

نەچچە يۈز پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر ئىچىدە چەت ئەل سەيياھلىرى بىر پارچە قولدا كۆچۈرۈلگەن نومنى بايقىغان. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى «دىھارماپادا سۇترا» دەپ بېكىتتى. ئۇ دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمكى بۇددا نومى بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ[1].

## 5) دەپنە ئادىتى

قەدىمكى نىيا رايونىدا ئوموملاشقان دەپنە قىلىش ئادىتى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. بۇ تېمىنى بايان قىلغاندا پۈتۈنلەي ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش دوكلاتىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىر مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى نىيالىقلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن

---

[1] چيەن بۈچۈەن: «خەن - جىن دەۋرىدىكى نىيا ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1999 - يىللىق 1 - سان.

جەسەتنى پاكىز يۆيۇپ، يېڭى كىيىم كىيدۈرۈپ، نەزىر بېرىپ بولغاندىن كېيىن ياغاچ جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ دەپنە قىلغان. ياغاچ جەسەت ساندۇقى شۇ يەردىكى توغراق ياغىچىدىن ياسالغان. ئالدى بىلەن يوغان ياغاچنىڭ غولى شاللىنىپ، ئىككى ئۇچى كېسىۋېتىلىپ ئادەم بەدىنىدىن ئۇزۇنراق قىلىپ ئۆلچەپ ئوتتۇرىسى چېپىۋېتىلىپ، تەييارلانغان قاپقاق مىخلانغان. بەزى جەسەت ساندۇقىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ياغاچتىن پاكارراق پۇت چىقىرىلغان. جەسەت يەرلىككە قويۇلغاندا جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاستىغا بىر قات كىگىز سېلىنغان، يەنە يېڭى بىرقۇر ئاخىرەتلىك كىيىم ۋە ئۆلگۈچىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى قاتارلىقلار قويۇلغان. ئوقيا ئەرلەرگە، پەرداز قۇتىسى، تارغاق قاتارلىقلار ئاياللارغا ۋەكىللىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىسمەن ھەمدەپنە بۇيۇملىرى تاللىنىپ، يەنى قوي گۆشى ۋە گۆش كېسىدىغان بەكىنى ۋەكىل قىلىپ جەسەت ساندۇقىنىڭ بوش يېرىگە قويغان. جەسەت ئوڭدىسىغا، پۇتى تۈز قىلىپ ياتقۇزۇلغان. پۇتى پۈكۈلۈپ دەپنە قىلىنغانلارمۇ بار. يۈزى ياپقۇچ بىلەن يېپىلغان، بەدىنىنىڭ ئۈستىگە يوپۇق يېپىلغان، دەپنە قىلىنغۇچىلارنىڭ قوللىرىدا روھنى چاقىرغۇچى كالتەك (تۇغ) مۇ بار. نىيا خارابىسىدىكى 5590MNM001 -نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئايالنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ تال ھاسىسىمان مۇراسىم بۇيۇمى بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىل شايىدىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە كېسىلگەن ئۇزۇن لېنتا باغلانغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ھاسىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئاياللار كىيىدىغان شايى رەختتىن تىكىلگەن يالاڭ كىيىمدىن بىرقۇر قويۇلغان. قەبرە بىر قۇم ئورنىدە بولۇپ، بىر خىل مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن جەسەت ساندۇقىنى ئورەككە ئىتتىرىۋېتىپ، مۇراسىم ھاسىسىنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاغزىنى يېپىۋەتكەن، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قات قوپال كىگىز، يەنە

بىر قەۋەت شاخ ـ شۇمبىلارنى يىپىپ، ئاندىن قۇم ئارىلاش توپا بىلەن كۆمگەن، قەبرە بەلگىسى سىلىنمىغان.

نىيا رايونىدا ئەينى دەۋردە ئەر ـ ئايالنى بىللە دەپنە قىلىش ياكى بىر ئائىلە بويىچە بىللە دەپنە قىلىشتەك ئادەت يولغا قويۇلغان. 59MNM001 ـ نومۇرلۇق قەبرىگە ئەر ـ ئايال بىللە دەپنە قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەر ئاۋۋال ئۆلگەن بولۇپ، جەسەت ساندۇقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلغان، ئايال كېيىن ئۆلگەن. ئەرنىڭ مۇراسىم ھاسىسى ۋە نەزىرلىك بۇيۇملىرى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

**6) مەدەنىيەت ـ سەنئەت**

(1) تىل ـ يېزىق

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار نىيا رايونىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى توخرىلار بولغاچقا، بۇ يەردە ئەڭ بۇرۇنقى زامانلاردا توخرى تىلى ئومۇملاشقان دەپ قارايدۇ. بىراق، بۈگۈنگە قەدەر بۇ خىل تىلغا ئائىت يازما مەنبەلەر بايقالمىدى. شىمالىي ھىندىستانلىقلار نىيا رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان، بولۇپمۇ بۇددا دىنى شۇ يەردە ئومۇملاشقاندىن كېيىن، شىمالىي ھىندىستان تىلى توخرى تىلىنىڭ ئورنىنى ئالغان. بۇلار نۇرغۇنلىغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەت ۋە ئاز ساندىكى براھمى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە ئەكس ئېتىدۇ. غەرب تىلشۇناسلىرى ئۇزاق يىل تەتقىق قىلىش ۋە ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇ ھەقتە بىرقەدەر ئېنىقلىق ئىشەنچلىك خۇلاسىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردە بىر خىل «نىيا پراكىت (ئاۋام) تىلى» ئومۇملاشقان. بۇ خىل تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئاساسىي گەۋدىسى شىمالىي ھىندىستان تىلى، بىراق ئاز ساندىكى يەرلىك تىل ۋە ئىران تىلىنىڭ ئامىللىرى ئارىلاشقان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى باشقا بەگلىكلەرنىڭ تىلىدىن سەل پەرقلىنىدىكەن.

نىيا بەگلىكى ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھامىيسى بولغان پىشامشان بەگلىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن يەنە مەركىزىي ھۆكۈمەت شۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچقان ۋە قورالللارنى ساقلىغان. خەنزۇ تىلى شۇ يەرنىڭ باشقا بىر خىل ئاساسلىق تىلى بولۇپ قالغان.

بۇ يەرگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان ياكى نىيىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان سوغدىلار بولسا سوغدى تىلىدا سۆزلەشكەن. بۇ بىر خىل شەرقىي ئىران تىلى بولۇپ، بۇ خىل تىلنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق «سوغدى يېزىقى» دەپ ئاتالغان. نىيىدىن ھازىرغا قەدەر خەن ـ جىن دەۋرىگە مەنسۇپ سوغدىچە ھۆججەتلەر بايقالمىغان بولسىمۇ، بىراق تارىم ئويمانلىقىدىكى باشقا رايون ۋە قاشقۇۋقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تۇر خارابىسىدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەتلەر، نىيىدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەتلەر يېقىن كەلگۈسىدە ھەقىقىي پاكىت بولۇپ قالغۇسى[1].

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھەرقايسى ئەل سەيياھلىرى نىيا خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن تەخمىنەن 750 دانە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تاپقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلمىز ئارخېئولوگلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نەچچە يۈز دانە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تاپقان. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچ تارىشا پۈتۈكلەر بولۇپ، شەكلى ھەرخىل، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس. ئۇزۇنىسىغا، تۆت چاسا، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك ۋە شىنا شەكىللىكلىرى بار. تارىشا پۈتۈكنىڭ كۆپىنچىسى 10 — 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئاز قىسىملىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70

[1] چيەن بوچۈەن: «خەن ـ جىن دەۋرىدىكى نىيا ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1999 ـ يىللىق 1 ـ سان.

سانتىمېتىردىن ئاشمىدۇ. ئەڭ ئۇزۇنلىرىنىڭ بىرى 2 مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ.

قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنىڭ كۆپ قىسمى ئاستى - ئۈستى ئىككى دانە تارىشىدىن تۈزۈلگەن. ئۈستىدىكى تارىشا ياپقۇچ بولۇپ، كونۋېرتلىق رولىنى ئوينىغان. ئاستىدىكى تارىشا ھۆججەت بولۇپ، خەتلىك رولىنى ئوينىغان. خەتنىڭ مەزمۇنى ئاستىدىكى تارىشىنىڭ سىلىق يۈزىگە يېزىلغان. ئۇ يەرگە ياتمىغاندا ئۈستىدىكى ياپقۇچ تارىشىغا يېزىلغان. ئوتتۇرىسىدىكى بىرقەدەر قېلىنراق ئورۇندا بىر دانە تۆت چاسا يېرىقچە بولۇپ، بۇ يېرىقچە لاي بىلەن پېچەتلەنگەن. لاي پېچەتنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاستى - ئۈستى ئىككى تەرىپىدىكى تارىشىغا كىچىك يېرىقچە چىقىرىلغان. ئاستىنقى تارىشىنىڭ كەينىدىمۇ ئوخشاش ئارىلىقتا بىر يېرىقچە بار. ئىچكى قىسمىدىكى ھۆججەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، لاي پېچەتنىڭ يېنىغا خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسى يېزىلىپ، ئاندىن يۇڭ تانا بىلەن كىچىك يېرىقچىنى بويلاپ ئاستى - ئۈستىدىكى تارىشا چىڭ باغلانغان. تۆت چاسا ئويمان جايغا سېغىز لاي چاپلىنىپ ئورالغان تانا بېپىلغان. ئاندىن كېيىن سېغىز لاينىڭ ئۈستىگە مۆھۈر ياكى بەلگە بېسىلىپ، مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلانغان.

كۆپ ساندىكى قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك ئېچىلغان، پەقەت ئازىرىم ساندىكىلىرى ئېچىلمىغان بولۇپ، ئاستى ۋە ئۈستىدىكى تارىشا، چوڭ تانا ۋە لاي پېچەتلەر ئىنتايىن ياخشى ساقلانغان. لاي پېچەتتە شەخسىي تامغىدىن باشقا يەنە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى گۈزەللىك ئىلاھى ۋېناس، مۇھەببەت ئىلاھى ئافرىدوتنىڭ ئوبرازى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇ يېزىقىدىكى «پىشامشان كاھىبگى» نىڭ تامغىسى بار. تارىشا پۈتۈكنىڭ ياسىلىشى، خەتنىڭ يېزىلىشى ۋە باغلاش ئۇسۇلى ئېنىقلا ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن غەربىي رايونغا

تارقالغان، لاي پىچەتكە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ چۈشۈرۈلۈشى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

تارىشا پۈتۈكنىڭ مەزمۇنى شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شىنا شەكىللىك ياغاچ تارىشا پۈتۈككە خاننىڭ پەرمانلىرى پۈتۈلگەن. ئۇزۇنسىغا تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك تارىشا پۈتۈككە ھەرخىل توختام ھۆججەتلىرى پۈتۈلگەن. تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك تارىشا پۈتۈككە ئادەم ئىسمى ۋە مال تىزىملىكى پۈتۈلگەن.

قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك بايقالغان جايدىن يەنە ئاز ساندىكى خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكمۇ بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆتكەن - كەچكەن سودىگەرلەرنىڭ ئىسمى، تەقى - تۇرقى، ئېلىپ ماڭغان مال ۋە ئېلىپ كېتىش سەۋەبلىرى خاتىرىلەنگەن. ئۇ قورۇلنى قوغدىغۇچى نۆكەرلەرنىڭ خىزمەت خاتىرىسى بولسا كېرەك. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بارلىق قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ يىل - دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 1 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگە مەنسۇپ ئىكەن.

1959 - يىلىدىن ھازىرغىچە ئارخېئولوگلار نىيا خارابىسىدىن 150 پارچىدىن ئارتۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنى تاپقان. بۇ ئەھۋال قارۇشتى يېزىقى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇدۇن، نىيا، كروران قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ نەچچە يۈز يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى، شۇنداقلا شۇ زامانلاردا قارۇشتى يېزىقى تارىم ۋادىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

1901 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەنگلىيىلىك ستەين يەرلىك دېھقان ئىبراھىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن نىيا خارابىسىنى بايقىغاندىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە بولغان 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ - كىچىك قېزىشلاردا يەنە نەچچە يۈزلىگەن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا

پۈتۈكلەر تېپىلىپ، مەزكۇر يېزىق ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى.

ستەيننىڭ نىيا خارابىسىنى بايقىشىغا ئەنە شۇ قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر سەۋەب بولغاچقا، ئۇ بۇ جايدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي نىشانىنى مەزكۇر پۈتۈكلەرنى توپلاشقا قاراتقان. ئۇ 1901 - يىلى ۋە 1906 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە جەمئىي 721 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى قېزىۋالغان بولۇپ، 1920 - يىلدىن 1929 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ياۋروپالىق تىلشۇناسلاردىن م. ئا. بۇيېر، ئى. ج. راپسون، سېنا ۋە پ. س. نوبلېلار بۇ قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى ئوقۇپ يېشىپ، ئۈچ توملۇق ئەسەر يېزىپ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلدۇرغان. 1930 - يىلى ستەين نىيا خارابىسىگە قايتا كەلگەندە يەنە 18 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تاپقان. ئەمما، ئۇ قېزىۋالغان بارلىق يادىكارلىقلارنى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى تۇتۇپ قالغاچقا، ئۇ تارىشا پۈتۈكلەر ۋەتىنىمىزدە ساقلىنىپ قالغان. ستەين تارىشا پۈتۈكلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتەلمىگىنى بىلەن فوتو سۈرەتكە تارتىۋالغان. 1937 - يىلى ئەنگلىيىلىك براھمىشۇناس پارروۋ ستەين تارتقان فوتو سۈرەتكە ئاساسەن، قارۇشتى يېزىقىدىكى 18 پارچە تارىشا پۈتۈكنى ئوقۇپ يېشىپ، «نىيىدىن يېڭى تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرى» ناملىق ماقالىنى يېزىپ، «لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى»نىڭ 1937 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلغان. 1905 - يىلى ئامېرىكىلىق خۇنتىڭتون (Huntington) ئامېرىكا جۇغراپىيىشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندە، نىيا خارابىسى ئەتراپىدىن ئالتە پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تېپىۋالغان. بۇ تارىشا پۈتۈكلەرنى

ئەنگلىيىلىك ھىندىشۇناس، تۈبۈتشۇناس توماس (F. W. Thomas) ئوقۇپ يەشكەن ۋە بىز يۇقىرىدا نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۈچ توملۇق ئەسەرنىڭ 1 - تومىغا Kh. 76 - 758 نومۇرى قويۇلۇپ كىرگۈزۈلگەن.

1959 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى لى يۈچۈن ئەپەندى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئەزالىرىدىن ئابدۇكېرىم، سابىت ئەخمەت، رىشىت، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئىسمائىل جېلىل... قاتارلىق 10 ئادەمنى باشلاپ نىيا خارابىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە 66 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى قېزىۋالغان. بۇ تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ فوتو سۈرىتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، لىن مېيسۈن ئەپەندى «شىنجاڭدىن تېپىلغان بىرنەچچە پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلغان. 1980 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگلىرى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملار سابىت ئەخمەت ۋە رەجەپ يۈسۈپ قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا نىيا خارابىسىگە كىرىپ تەكشۈرۈش ۋە قىسمەن قۇرۇلۇش خارابىلىرىنى تازىلاش خىزمىتىنى ئىشلىگەندە، 40 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى يىغىۋالغان.

1981 - يىلى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋۇ جىڭشەن يىپەك يولىنى ۋېلىسىپىتلىك ئايلىنىش سەپىرىدە نىيا خارابىسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن بىر ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن بىر پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تاپقان. يەنە شۇ يىلى «يىپەك يولى» تەتقىقات قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن جۇڭگو مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ياپونىيىنىڭ «MHK» سى بىرلىكتە «يىپەك يولى» غا

ئائىت كۆپ قىسىملىق ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن نىيا خارابىسىگە كىرگەندە، نىيە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى لى شۈخۇا قاتارلىقلار بىر تۈركۈم قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنى تاپقان. 1988 - يىلى «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇنلىغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر بايقالغان. 1990 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە (جۇڭگو - ياپونىيە) تەكشۈرۈشتە بىر پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك؛ 1991 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان بىرلەشمە تەكشۈرۈشتە 28 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك؛ 1992 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان بىرلەشمە تەكشۈرۈشتە توققۇز پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك قېزىۋېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە 1993 - ، 1994 - ، 1995 - ، 1996 - يىللىرى ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىلغان جۇڭگو - ياپونىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كۆپلىگەن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر بايقالغان. «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش دوكلاتى» ناملىق كىتابنىڭ 1 - تومىدا 1988 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان بىرلەشمە تەكشۈرۈشنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە شۇ جاي (نىيا خارابىسىدىن)دىن تېپىلغان يادىكارلىق بۇيۇملىرىنىڭ رەڭلىك - رەڭسىز فوتو سۈرەتلىرى، 25 كە يېقىن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنىڭ تولۇق كۆرۈنۈشلۈك (ئىچى - تېشى، ئالدى - ئارقا تەرەپلىرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن) فوتو سۈرىتى ھەم 1991 - يىلى قېزىۋېلىنغان تارىشا پۈتۈكتىن 18 ىنىڭ

يېغىدىن ئىشلەنگەن سۈرىتى، خەلقئارا ترانسكرىپسىيىسى، ياپونچە تەرجىمىسى ۋە قىسمەن ئىزاھاتلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئومۇمەن، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى نىيا خارابىسىدىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇش ئىشىنىڭ غەلىبىلىك باشلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئېلىمىزدە قارۇشتى يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ باشلانغانلىقىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كۆپلىگەن تىل - يېزىق، تارىخ تەتقىقاتچىلىرى 1988 - يىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. لىن مېيسۈننىڭ «قۇم ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەر توپلىمى» ناملىق مەخسۇس قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى ھەمدە قارۇشتى يېزىقى ھەققىدىكى ئەتراپلىق مەلۇمات كىتابىدىن پايدىلىنىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تىل - يېزىق تارىخى تەتقىقاتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشتى.

(2) كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى

نىيا خارابىسىدىكى قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرگە كىيدۈرۈلگەن كىيىم - كېچەكلەر ۋە ھەمدەپىنە بۇيۇملار ئىچىدە قەدىمكى نىيالىقلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان ۋەكىل خاراكتېرىدىكى كىيىم - كېچەك ئۆرنەكلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۆزگىچە ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى بىلەن قەدىمكى نىيالىقلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۆك: 1959 - يىلى نىيا خارابىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئەرنىڭ بېشىغا يۆمىلاق، ئۈستى تۈز بۆك

كىيدۇرۇلگەن بولۇپ، بۆكنىڭ ئۈستى چوڭ، ئاستى كىچىك، ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، گىرۋىكىنىڭ ئايلانمىسى 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۆكنىڭ تېشى كىمخابتىن، ئەستىرى كەندىر تالاسىدىن تىكىلگەن، تاش رەخت بىلەن ئەستىرى ئارىسىغا پاختا رەخت ئېلىنغان. بۆكنىڭ يېنىدا كالا تېرىسىدىن ياسالغان بىر تال كىچىك تاسما بولۇپ، ئۈستى سېرىق، ئاق، گۈل رەڭدىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭلىك ياقۇت بىلەن بېزەلگەن. ئاياللارنىڭ بېشىغا هازىرقى تاجىك ئاياللىرىنىڭكىدەك كۆپ گىرۋەكلىك ئاق شايىدىن تىكىلگەن تۇماق كىيدۇرۇلگەن.

كىيىم - كېچەك: ئەرگە «ھەممە ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولسۇن» دېگەن خەنزۇچە خەت بار، تېشى رەڭلىك كىمخابتىن، ئەستىرى كۆك رەڭلىك مەشۇتتىن تىكىلگەن پېشى سول تەرەپتىن ئىزمىلىنىدىغان يەڭ ئۈچى تارراق تون كىيدۇرۇلگەن بولۇپ، تونىنىڭ پاسونى هازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ چاپىنىغا ئوخشاپ قالىدۇ. قوپال توقۇلغان پاختا رەخت تاش قىلىنغان، يېشىل شايى ئەستەر قىلىنغان ئىشتان كىيدۇرۇلگەن بولۇپ، ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنىڭ ئۈستىگە يېشىل شايىدىن كەڭرەك جىيەك تۇتۇلغان. ئايالغا تېشى قېنىق سېرىق رەڭلىك، ئەستىرى سۇس سېرىق رەڭلىك شايىدىن قىلىنغان، 10 تال يېشىل رەڭلىك ئىنچىكە بەلۋاغسىمان لېنتىنى جىپسىلاشتۇرۇشتىن هاسىل قىلىنغان بەللىك تۇتۇلغان، چوڭ قايرىما ياقىلىق چاپان كىيدۇرۇلگەن.

پايپاق: ئەرگە شايىدىن تىكىلگەن پايپاق كىيدۇرۇلگەن، ئايالنىڭ پۇتىغا ئاستى تۈز، ئۈستى كانايسىمان، رومبىسىمان گۈل نۇسخىسى ۋە خەنزۇچە «阳» خېتى كەشتىلەنگەن شايىدىن تىكىلگەن پايپاق كىيدۇرۇلگەن. پاچىقىغا ئۈچ بالداقتا ئايرىلغان، ئوتتۇرىسىدا گۈلى بار بىر تال بەلۋاغسىمان لاتا بىلەن چىگىلگەن بولۇپ، ئىككى ئۈچى كۆك رەڭلىك ئىنچىكە شايى بىلەن

تۇتاشتۇرۇلغان.

(3) يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى

ئىچىملىك: قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردىن قەدىمكى نىيالىقلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىپ، كالا، قوي، ئات باققانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. نىيا خارابىسىدىكى قەبرىلەردىن قوي پۇتى، كالا ۋە ئاتنىڭ ئۇستىخىنى تېپىلغان. ئۇلار ئادەتتىكى تۇرمۇشتا قوي، كالا، ئات سۈتلىرىنى ئىچكەن، گۆش پىشۇرغاندا شورپىنى ئىچكەن. نىيا خارابىسىدىن بايقالغان تارىشا پۈتۈكتە ئۈزۈم دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شاراب بېجى ۋە ئەمەلدارلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن شاراب ھۆججەتلىرىمۇ خېلى كۆپ. بۇلاردىن قەدىمكى نىيا بەگلىكىدە ھاراق ئىچىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، ئىچىتقۇ خام ماتېرىيالىنىڭ ئۈزۈم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يېمەكلىك: نىيا خارابىسىدىن بايقالغان ئۆستەڭ ئىزلىرىغا ۋە قەبرىلەردىن ھەمدە ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرىدىن تېپىلغان ئارپا، تېرىقلارغا ئاساسەن، نىيالىقلارنىڭ قەدىمكى دەۋردە ئارپا، تېرىق قاتارلىقلارنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلغانلىقىنى؛ قەبرىلەردىن جەسەت بىلەن بىللە تېپىلغان كالا، قوي گۆشى ۋە سۆڭەكلىرىگە ئاساسەن، كالا، قوي قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنى قوشۇمچە يېمەكلىك قىلغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئوتياش ئىستېمال قىلغانلىق توغرىسىدىكى خارابىلەر بايقالمىدى.

(4) ئولتۇراق تۇرمۇش ئادىتى

قەدىمكى نىيالىقلاردا كارىۋات بولمىغان، ئۆينىڭ ئىچكى تېمىغا يۆلەپ توپا سۇپا سېلىنغان بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن 2 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 40 ـ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. سۇپىنىڭ گىرۋىكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئىچى توپا بىلەن تىندۇرۇلۇپ ئۇستىگە بورا ياكى كىگىز سېلىنغان. سۇپىنىڭ ئالدىغا ئۇستەل ۋە ئورۇندۇق قويۇلغان، ئاشخانا ئۆي ئىزىدا چوڭ ـ

كىچىك ساپال كومزەكلەر بايقالغان بولۇپ، ئۇلار سۇ قاچىلاش ۋە سۇ قويۇشتا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. سىرتقى تامغا يېقىن يەردە ئوچاق ۋە مورا بار. ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرىدا قازناق ئۆيلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئاشلىق ساقلاشقا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھەر خىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۇيۇملىرى ياكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ بايقالدى.

(5) نىيا ئاھالىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ۋەسىقە ـ ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئەينى دەۋردە نىيا بەگلىكىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

بىر قىسىم قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تىلى ئىنتايىن پاساھەتلىك. مەسىلەن، 107 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق ئىككى كەلىمە سۆز بار. «ئادەم ۋە ئىلاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان، نامى مەشھۇر، جەننەتكە تۇتىشىدىغان يولنى ياسىغۇچى باجگىر لەيىپياغا چەكسىز سېغىنىپ سالام، تېنىڭىز سالامەت، ئۆمرىڭىزنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەيمەن!» بۇنداق ھەمدۇسانا ۋە تىلەكلەر قۇلاققا بەكلا يېقىشلىق ئاڭلىنىدۇ.

قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان 511 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە نىيالىق بىر ئادەمنىڭ بۇددا يىغىلىشىغا قاتناشقان چاغدىكى نەسىھەتنامىسى ۋە ئارزۇسى مۇنداق بايان قىلىنغان. بۇت يۇيۇش يىغىلىشىدا قانداق ساۋابقا ئېرىشىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىنى بۇدداغا ئاتىغان چاغدا، ئۆزى ھەمدە باشقىلارغا قانداق ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ دېگەنلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ نەسىھەتنامىنىڭ قاتلاملىرى ئېنىق، سۆزى گۈزەل بولۇپ، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان نەسىھەتنامە ۋە ئىستەكنامىلەردىن قېلىشمايدۇ.

514 ـ نومۇرلۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكتە

«نەچچە مىڭ قاپاق سىرىق ماي بىلەن نەچچە يۈز قاپاق قىچا يېغى مەلۇم پارچە گۆشنىڭ ئالتىدىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ دەپ قارايمەن» دېگەن ئەقلىيە سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن.

«ئەرلەر ئەگەر ئاياللار ياخشى كۆرمىسە خۇشاللىق تاپالمايدۇ، ئاياللار ئۇتقا ئوخشاش، ئۇلار بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، كىملەر ئۇلارنى ماختايدۇ؟» بۇ ئىبارە نىمىدىگەن پاساھەتلىك - ھە!

514 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ يەنە بىر يۈزىگە بۇددىزم پەلسەپىسىگە ئائىت ئىبارىلەر يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

سۇمېرو تاغ ياكى باشقا ئۇلۇغ تاغ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تاغنى مەنمۇ تىرەپ تۇرالايمەن!

بىراق، شەپقەت ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۇنتۇغان ئادەم مېنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئازاب، ھېرىپ - چارچاشنى ئېيتىپ بولماق بەسى مۈشكۈل، مەن كائىناتتىكى ھەممىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىمەن [ئۇلار] ئاسترونومىيە، تىل، رەسساملىق، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەندە پەقەت شۇ نەرسىلا بولىدىكەن، دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ[1].

نىيا رايونىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن خەن - جىن دەۋرلىرىدە نىيا رايونىدا نەزمىچىلىك ۋە ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىنىڭ خېلى گۈللەنگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

نىيا رايونىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ھەم ئۇنىڭغا بۇددىزمنىڭ تەسىرى سىڭگەن. بۇ قەدىمكى ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددا دىنى تارقالغان رايونلاردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە. بۇ خىل ھادىسىدىن قەدىمكى

---

[1] چيەن بوچۈەن: «خەن - جىن دەۋرىدىكى نىيا ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1999 - يىللىق 1 - سان.

نىيا ھەرگىزمۇ مۇستەسنا بولالمىغان. نىيا رايونىغا يېقىن بولغان مىرەن، ئۇدۇن ۋە كوسەن تام رەسىملىرىدە نۇرغۇنلىغان نەغمىچى تەڭرىلەرنىڭ ئوبرازى ۋە ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلار، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سورۇنلار تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار رېئال تۇرمۇشنىڭ كارتىنىسى بولۇپ، ئۇلار نىيا رايونىدىمۇ ئوخشاشلا ئومۇملاشقان.

نىيا خارابىسىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئويۇقچىلىرىغا لايدىن ياسالغان ھەر خىل بۇت ھەيكەللىرى قويۇلغان بولۇپ، بۇ ھەيكەللەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. نىيا خارابىسىدىن بايقالغان بۇددا مۇنارى (ستۇپا)، ئىبادەتخانىنىڭ تېمىغا بۇددانىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، لېكىن تەبىئىي ۋە سۇنئىي ئامىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ئەنگلىيىلىك ستەيىن ئىلگىرى نىيا رايونىدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ ئاز ساندىكى تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقى ۋە كىچىك بۇددا ھەيكەللىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. 1995 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى 93A35 - نومۇرلۇق ئىبادەتخانىنى قېزىپ، بىر قىسىم تام رەسىملىرى ۋە بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان.

## 9. نىيا خارابىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتتىكى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى

نىيا خارابىسىنىڭ بايقالغىنىغا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى. بۇ ساقلىنىشى ياخشى، دائىرىسى كەڭ، تەتقىقات قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان قەدىمكى مەدەنىيەت خارابىسى بولۇپ، بىرقانچە ئەۋلاد ئارخېئولوگ ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق دۇنيا ئەھلىگە تونۇلدى. شۇنىڭ بىلەن نەچچە ئەسىر مابەينىدە تىمتاس ئۇيقۇغا كەتكەن نىيىنىڭ چۈمپەردىسى ئېچىلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نىيا

خارابىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتى ئىلمىيلىشىشقا، سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. نىيا خارابىسى ئارخېئولوگىيىسى — يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەزمۇن بولۇپ قالدى.

1) 100 يىل مابەينىدە، بولۇپمۇ 1991 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە جۇڭگو - ياپونىيە ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىدە نۇرغۇنلىغان مۇھىم قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بايقاپ، نىيا خارابىسىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى، نىيا دەريا ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتى ھەمدە سالنامىچىلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

نىيا خارابىسىدە ناھايىتى چوڭ بىر ئولتۇراق ئۆي رايونى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن كىچىك ئالاھىدە نۇقتىلارغا ئايرىلغان. ئارخېئولوگلار تەتقىقات ۋە دالا تەكشۈرۈشىدىكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، پۈتۈن خارابىلىك رايونىدىكى ئولتۇراق رايونىنى 12 گۇرۇپپىغا بۆلگەن. خارابىلەرنى قۇرۇلۇش ۋە ئىشلىتىلىش فۇنكسىيىسىگە قاراپ، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، تېرىلغۇ يەر، سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى، شەھەر (بازار)، قول ھۈنەرۋەنچىلىك رايونى، دىنىي قۇرۇلۇش ۋە قەبرىستانلىق قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىغان. بۇلاردىن باشقا، يەنە پۈتۈن خارابىلىك رايونىنى ماكرو ۋە مىكرو جەھەتتىن باسقۇچلارغا ئايرىغان. نىيا رايونىدا ئۇزۇلمەي ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلار ئارقىلىق ئەنئەنىۋى نىيا خارابىسى رايونى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتىدا بىر رامكا سىستېمىسى ھاسىل قىلىنىش بىلەن بىللە، نىيا دەرياسى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ يىل - دەۋر تەتقىقاتىغا ئاساس سېلىندى. نۆۋەتتە كۆپ خىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق نىيا دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىنىڭ مەنبەسى بولغان قاراقورۇم

تېغىنىنىڭ قاپتىلىدىكى دەريا ئېقىنىنىڭ سول قىرغىقىدىكى تۆپىلىك — ئۆلۈغساي دېگەن يەردىن يىل - دەۋرى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان تاش ياپراقچە، تاش قوراللار ۋە سىپتا تاش قوراللار بايقالغان. نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە گىدرولوگىيە تارماقلىرى تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسلانغاندا، ئەنئەنىۋى نىيا خارابىسىنىڭ شىمالىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە برونزا قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئولتۇراق ئۆي خارابىسى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنئەنىۋى نىيا خارابىسى رايونىدا يەنە خەن - جىن دەۋرىگە مەنسۇپ نۇرغۇن خارابە ئىزلىرى بايقالغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىلگىرى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش رەسمىي تۈردە قانات يايدۇرۇلمىغانىدى. ئىلمىي، ئۆلچەملىك، سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. كىشىلەر ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ئاساسەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سۋېن ھېدىن، ستەين قاتارلىق چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللارغا تايانغانىدى، لېكىن بۇ ماتېرىياللار يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەمما، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە نىيا ئارخېئولوگىيىسىدە ماتېرىياللار ئۈزلۈكسىز توپلىنىش، تېخنىكا دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، تەتقىقات ئۇسۇللىرى مۇكەممەللىشىش، كۆپلىگەن ئىلىم ساھەسى بىرلىكتە قاتنىشىپ ئۈنۋېرساللىشىشتەك بىر باسقۇچ باشتىن كەچۈرۈلگەندىن كېيىن، دالا خىزمىتىدە ياكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردا بولسۇن، يۇقىرى قاتلاملىق، ئىلمىي، سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش دەۋرى بارلىققا كەلدى.

2) نىيا ئارخېئولوگىيە خىزمىتى يوقالغىنىغا نەچچە مىڭ يىل بولغان ئۆلگەن يېزىق — قاروشتى يېزىقىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە قايتىدىن تونۇتۇپ، قەدىمكى غەربىي يۇرت

تىلشۇناسلىق تەتقىقات ساھەسىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. بىر تۈركۈم مەشھۇر ئالىملارنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق، قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر خەن - جىن دەۋرىدىكى نىيا بوستانلىق جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

3) نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر غەربىي يۇرت تارىخى، يىپەك يولى شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى، جۇملىدىن قەدىمكى خوتەن تارىخى قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

نىيا ئارخېئولوگىيىسى — خەن - جىن دەۋرىدىكى نىيا دەرياسى ئەتراپىدىكى ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كونكرېت نامايان قىلىپ، بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى توغرا، ئېنىق تونۇشىمىزغا زور ياردەم بەردى. تەكشۈرۈش، قېزىش جەريانىدا بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەينى زاماندا بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغانلىقىنى ھەمدە قوي، ئات، تۆگە باقمىچىلىقى ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. خارابە رايونىدىكى ھەرقايسى ئولتۇراق ئۆي، مەھەللە خارابىسى ۋە قوتاندىن بايقالغان قىغ دۆۋىسى، ھەرقايسى قېزىش نۇقتىلىرىدىن تېپىلغان ھايۋانات سۆڭەكلىرى ۋە قەبرىلەرگە ھەمدەپنە بۇيۇم سۈپىتىدە قويۇلغان قوي سۆڭىكى، ئوقيا قوندىقى، كىيىم - كېچەك بېزەكلىرى، يۇڭ، كۆن بۇيۇملار يۇقىرىقى قاراشنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ خارابىدە ساقلانغان M4، M8، 95MNNIM3 ئۈچ قەبرىنىڭ قەبرە ئورىسىنى تولدۇرغان بۇغداي سامىنى ئارىسىدىن تېرىق ۋە ئارپا دانچىلىرىنىڭ بايقىلىشى بۇ رايوندا ئەينى دەۋردە بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ۋە تېرىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. يەنە قىسمەن

مەھەللە، قوتان خارابىلىرىدىنمۇ تېزەككە ئارىلىشىپ كەتكەن چۈجگۈن دانچىلىرى بايقالدى. نۇرغۇنلىغان ئولتۇراق ئۆي ئەتراپىغا ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۈجمە دەرەخلىرى تىكىلگەن. خارابىلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر ئۈزۈملۈك باغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر بولۇپ، ئەتراپى چىتلاقلار بىلەن قورشالغان. باغنىڭ ئىچىدە شەرق، غەرب يۆنىلىشىدە توققۇز رەت قۇرۇپ قالغان ئۈزۈم كۆتىكى ۋە ئۈزۈم تاللىرى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېرىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، ئەينى دەۋردە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا توقۇمىچىلىق، كۇلالچىلىق قاتارلىقلارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. 95NM1 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان نەپىس گىلەم ئەينى دەۋردىكى يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جەسەت ساندۇقى ئۈستىگە يېپىلغان كىگىز سىپتا بېسىلغان، گۈل نۇسخىلىرىمۇ تەرتىپلىك. ئەرنىڭ جەسىتىگە ئورالغان پالاس توقۇلۇشى ياكى گۈل نۇسخىلىرىنى لايىھىلەش جەھەتتىن بولسۇن يۇقىرى سەۋىيىلىك تېخنىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

دەسلەپكى دەۋرلەردىكى قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قوڭۇر رەڭلىك ساپال بۇيۇملار تۆۋەن ھارارەتلىك ئوتتا پىشۇرۇلۇپ قولدا ياسالغان ھەم قوپالراق بولغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ساپالچىلىق تېخنىكىسى خېلى تەرەققىي قىلىپ، ساپال بۇيۇملارنىڭ خىللىرىمۇ كۆپەيگەن، ئوتنىڭ ھارارىتىمۇ ئېشىپ، گۈل نۇسخىلىرىمۇ گېئومېتىرىيىلىك نۇسخىلارنى ئاساس قىلغان. كۆپ قىسمى لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك ساپال

بۇيۇملاردۇر. ساپال خۇمىدىنى ئۇزۇنسىغا، تىك تۈت بۆلۈك شەكىلدىكى ئوچاق بولۇپ، خۇمدان سۇپىسى گۇرۇپپا بويىچە زىچ تارقالغان.

ياغاچ بۇيۇملارنى ياسىغاندا سىرتقى قىسمىنى نەقىشلەپ زىننەتلەشنى ئاساس قىلغان. بۆلاردىن باشقا، كۇندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىمۇ شۇ يەردىكى توغراق ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، بۇ ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە چېۋەرلىكىنى نامايان قىلىپلا قالماي، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتكەن. يىغىۋېلىنغان ۋە قېزىۋېلىنغان نۇرغۇنلىغان مارجانلار كېيىم - كېچەكلەرنىڭ بېزىكى قىلىنغان بولۇپ، تۈرى ھەرخىل، سانى كۆپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن چىققان مەھسۇلاتتەك قىلىدۇ. 1997 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر بىر خۇمدان خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، نەق مەيداندا بۇنىڭ ئەينەك پىشۇرىدىغان خۇمدان ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن. نۇرغۇنلىغان يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، ھەرخىل رەڭلىك مارجان، ئويما ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشى ئەينى دەۋردە بۇ رايوندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشتەك تۇرمۇش فورماتسىيىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

N5 - نومۇرلۇق ئىبادەتخانا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان تام رەسىمدىن بىز مىلادىيە 3 — 4 - ئەسىردىكى نىيالىقلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە دائىر چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇق. ئۇلار بۇددا مۇنارى، ئىبادەتخانىلارنى ياساپ، تام رەسىملىرىنى سىزىپ بۇتقا تېۋىنغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى نۇرغۇن تارىشا پۈتۈكلەر بۇ يەردىكى ئىبادەتخانا ئىقتىسادىدا يۈز بەرگەن تەرەققىياتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەھۋالىنى كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇددا دىنى راھىبلىرى ئىچىدە دەرىجىگە بۆلۈنۈش، باي -

كەمبەغەللىك پەرقى روشەن ئىپادىلەنگەن.

يازما ماتېرىياللار، بولۇپمۇ قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ئىلگىرى بۇ بەگلىكتە مۇكەممەل مەمۇرىي ئاپپارات سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھەر جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ ئۇنۇملۇك باشقۇرۇلغانلىقىنى، تەرتىپ - تۈزۈملەرنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى، توختام ماجىراسى، ئەرزلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە باج يىغىش، كەلدى - كەتتى سودىگەرلەرنى تەكشۈرۈش، سىرتتىكى ۋەزىيەتنى كۆزىتىش قاتارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نىيا بەگلىكىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ھەرخىل تەبىقىلەرگە ئايرىلىش ئەھۋالى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان. 1959 - يىلى قېزىۋېلىنغان ئەر - ئايال بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان M8، 95MNIM3 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ھەمدەپنە بۇيۇملار باشقا قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملىرىدىن كۆپ بولۇپ، ئۆلگۈچىگە كىيدۈرۈلگەن ئىپىل كىيىم - كېچەك ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان. كۆپلىگەن ئالىملار يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۆلگۈچىنى خەن - جىن دەۋرىدىكى نىيا بوستانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ياكى ئاقسۆڭەك تەبىقىسىدىكى شەخس دەپ قارايدۇ.

4) نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتا بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نىيا بەگلىكىنىڭ پىشامشان، ئۇدۇن بەگلىكلىرى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىلىم ئەھلىنى پايدىلىق ئىلمىي ئىسپاتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «نىيا بېگىنىڭ يارلىق قوبۇل قىلىشى» دېگەن تارىشا پۈتۈك بۇ خارابىدىن تۇنجى بولۇپ تېپىلغان يازما ماتېرىيال بولۇپ، ئۇ خارابىلىكنىڭ يىل - دەۋرىنى ھېچبولمىغاندا مىلادىيە 3 - ئەسىردىن مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىگە سۈرۈۋەتتى. بۇ تارىشا

پۈتۈك خەن دەۋردىكى نىيا بەگلىكى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

5) نىيا خارابىسى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ خارابىدىن بايقالغان نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىپەك يولىدىكى قەدىمكى شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ۋە تارقىلىش ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر قەدىمكى ھىندى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بۇ رايوندا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ، ئەمما خەنزۇچە خەت يېزىلغان تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بايقىلىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان نۇرغۇنلىغان گىلەم ھەمدە قىسمەن توقۇلما بۇيۇملاردىكى گۈل نۇسخىلىرى، ياغاچ ئويما ئورۇندۇقتىكى نەقىشلەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى لىم، كېشەك، پەرامان، تۈۋرۈك بېشى نەقىشى قاتارلىقلار لايىھىلىنىش ئۇسلۇبى جەھەتتە ئېنىقلا قەندىھار سەنئەت ئۇسلۇبىدىن ئۈلگە ئېلىنغان. بىر قىسىم تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ لاي پېچىتىنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پىراس، ئافىنا، ھىراكلس، ئافرىدوت، ئېرۇس قاتارلىق ئىلاھلارنىڭ ئوبرازى قەدىمكى يۇنان سەنئىتىنىڭ بۇ يەردىكى تەسىرىنى ئىپادىلەيدۇ. نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى ئىنتايىن قىممەتلىك يىڭناغۇچنىڭ كۆزى شەكلىدىكى مارجان ۋە چىرايلىق بويالغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇم قاتارلىقلار غەربىي ئاسىيادىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

6) نىيا خارابىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق، نىيا ھەم پىشامشان بەگلىكىنىڭ

جەمئىيەت تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بىر قەدەر چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغىلى بولىدۇ. ئالدى بىلەن «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، نىيا بەگلىكىدە 480 تۈتۈن، 3360 ئاھالە بولغان. مۇبادا ھازىرقى زامان نوپۇس ستاتىستىكىسىغا ئاساسەن ھەربىر تۈتۈندە يەتتە ئادەم بار دەپ پەرەز قىلساق، خەن، ۋېي، جىن دەۋرىگە بارغاندا نوپۇس ئومۇمىي سانى ئېشىپ بارغان بولىدۇ. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خارابىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى بىلەن بۇنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەربىر ئولتۇراق ئۆي رايونى خارابىسىگە قارىتا نوپۇسشۇناسلىق ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساق، بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆلگۈچىلەرنى دەپنە قىلىش ئادىتىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىنىڭ نۇرغۇنلىغان شەكلى ۋە مۇرەككەپ مەزمۇنى يوشۇرۇنغان. بۇ خارابىدىن قېزىلغان قەبرىلەردە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى مەۋجۇت.

بىرىنچى، نۇرغۇنلىغان قەبرىلەردىكى ئۆلگۈچىنىڭ يېنى (بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمى)غا Y شەكىللىك بىر دانە ئاچىماق ياغاچ قويۇلغان، باش تەرىپىگە ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملار ياكى ئالاھىدە بۇيۇملار تىزىپ قويۇلغان. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەبرىستانلىقلار، خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەبرىستانلىقى، چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ خىل ياغاچ ئاچىماق دىنىي تۈس ئالغان بۇيۇم — ياغاچ مۇراسىم بۇيۇمى، «بۇ يەرلىك بىر خىل پېرىخونلۇق ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى» مۇمكىن دەپ قارايدۇ. تەتقىقاتچىلار يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئاچىماق ياغاچلارنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، يەنى

ئۆزۈنلۈقلىرىنىڭ 1 مېتىردىن ئاشىدىغانلىقىنى، قىسقىسىنىڭ پەقەت 10 نەچچە سانتىمېتىر كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېڭىدىن ياسالغان، بەزىلىرى ئۇزاق مەزگىل ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئالاھىدە ئىجتىمائىي فولكلور ھادىسىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، 1995 - يىلى بايقالغان قەبرىستانلىقتىكى N3 -، N8 - نومۇرلۇق قەبرىلەرگە كىمخابتىن تىكىلگەن تورقا بېلىقى قويۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە سەككىز قەبرىدىكى كىمخابتىن تىكىلگەن تورقا بېلىق ئايالنىڭ بەدىنىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا يولۇۋاس تېرىسىگە ئوخشاش پەرداز خالتىسى بىلەن بىللە قويۇلغان، N3 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى كىمخابتىن تىكىلگەن تورقا بېلىقنىڭ ئايالنىڭ يېنىغا قويۇلۇشى يامان روھلارنى ھەيدەش ياكى پەرزەنت تىلەش ئۈچۈن قويۇلغانمۇ بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، نۇرغۇنلىغان قەبرىلەردىن بايقالغان ئۇزۇن بوغقۇچى بار، چاسا شەكىلدىكى كىمخاب بۇيۇملار، يەنى «شەرقتىن كۆرۈنسە بەش ئەختەر، پايدىسى جۇڭگوغا ياغار» دېگەن خەنزۇچە خەت كەشتىلەنگەن يەڭلىككە ئوخشايدىغان بۇيۇملار ئەرنىڭ يېنىغا قويۇلغان. بەزى قەبرىلەردە ئەرنىڭ سول قولىنىڭ بېغىشىنىڭ يېنىغىمۇ قويۇلغان. بۇ نەرسىلەرنىڭ بۇ جەسەتلەر بىلەن بىللە قويۇلۇشى بەلكىم ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە سالاھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

7) نىيا ئارخېئولوگىيىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللار خەن - جىن دەۋرىدىكى غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

بىرىنچى، قېزىۋېلىنغان 20 گە يېقىن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكتە، نىيىنى داۋاملىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان سوپىيە (Supiye) لەر تىلغا ئېلىنغان، بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ مەخسۇس تەتقىقات نەتىجىسى بار.

ئىككىنچى، 95MNIM8 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان كىمخابتا جەنۇبىي چاڭلارغا ھۇجۇم قىلىش دېگەن خەنزۇچە خەت بار. (بۇنى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە «تارىخىي خاتىرىلەر. فەرغانە تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان جەنۇبىي چاڭلارغا ئائىت مەزمۇنلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

8) نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، پىشامشان بەگلىكى دەۋرىدە بۇ يەر «كەيدۇدو ئايمىقى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭغا قاراشلىق ئايماقنىڭ ئاستىدا «ناھىيە»، «رايون»، «كەنت»، «مەھەللە»، «ئاۋانا»، «باشقۇرۇش رايونى»، «قورۇق»، «زېمىنلىق يەر»، «يايلاق»، «يۈز تۈتۈن» قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار تەسىس قىلىنغان. بۇلاردىن قەدىمكى نىيا بەگلىكىدە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان يەرلىك مەمۇرىي ئاپپاراتنىڭ ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىلگىرى بۇ خارابىلىك 12 ئولتۇراق رايونىغا ئايرىلغان، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، خاراكتېرى قاتارلىقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

9) نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مول يادىكارلىقلار پەن - تېخنىكا تارىخىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن بىزنى قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. مەسىلەن، نىيا خارابىسىدىكى سەككىز قەبرىستانلىقتىن ناھايىتى نەپىس توقۇلما بۇيۇملار بايقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىپەك توقۇلما بۇيۇملار كۆپرەك. 1959 - يىلى رەتلەنگەن شەرقىي خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بىرىكمە قەبرىدىن «ھەممە ئىشلىرىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولسۇن»، «ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەيسىز، نەۋرە - چەۋرە كۆرگەيسىز» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر بار

كىمخاب، ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانات سۈرەتلىرى غۇۋا چۈشۈرۈلگەن گۈللۈك تەتىللا، ھايۋانات نۇسخىلىق كەشتە بۇيۇم، ھەرخىل رەڭدىكى دۇردۇن قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ تۈرى كۆپ، ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. شۇ قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇددىزم مەزمۇنىدىكى تېگى كۆك، گۈل بېسىلغان پاختا رەخت مەملىكىتىمىزدە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى بۇددىزمغا ئائىت يادىكارلىقلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى پاختا رەخت ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ. 1995 - يىلى نىيا خارابىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن ئۇرغۇنلىغان يىپەك توقۇلما بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەڭگى ئېنىق بولۇپلا قالماي، ئۈستىدىكى گۈل نۇسخىلىرى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن لايىھىلەنگەن، توقۇلۇشى مۇرەككەپ ھەممىدە نەپىس. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىگە ئاساسلانغاندا، كۆپ قىسمى سىچۇەن كىمخابى ئىكەن. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ رەڭلىك تاۋار - دۇردۇن ھەممىدە رەڭگارەڭ كىمخاب قاتارلىق توقۇلما بۇيۇملارنىڭ بايقىلىشى، يىپەك يولى قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارىخى، سودا تارىخى تەتقىقاتى ھەممىدە ئەينى دەۋردىكى كىيىم - كېچەك سەنئىتى تەتقىقاتىغا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقۇسى.

10) تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مۇمىيالارنىڭ سانى 30 دىن ئاشىدۇ. بۇ مۇمىيالار خەن - جىن دەۋرىدىكى نىيا دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي تەركىبى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەن ساپا ئىنسانشۇناسلىق مەسىلىسى، ئەينى دەۋردىكى ئاھالىلەرنىڭ كېسەللىك ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى ۋە ئۆلۈش سەۋەبى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم. بۇلار قەدىمكى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخى، شەرق، غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى

ھەمدە غەربىي يۇرت قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە تەسىرى قاتارلىقلارنى توغرا تونۇش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە[1].

نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ - تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان سانسىزلىغان، خىلمۇخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نىيا بەگلىكىنىڭ مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەزگىللەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، بىناكارلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، باپكارلىق قاتارلىق ساھەلىرىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەزگىللەردە نىيا قاتارلىق شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ سۇ بايلىقى مول، يېرى مۇنبەت، كىلىماتى مۆتىدىل بولغاچقا، خەلق ئىگىلىكىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تارماقلىرى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىنغان، ئۆزىنى ئۆزى قامداپ ئېشىنىدىغان تىپىك يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ زامانلاردا نىيا بەگلىكىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى خېلى تولۇق قامدىغاندىن تاشقىرى، «يىپەك يولى» لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈنلۈك ئالاھىدىلىكى بىلەن شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسى، سودا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە ئولتۇراق ئۆي رايونلىرىنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى، خارابە - ئىزلار تىپىنىڭ قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت، يىلنامىشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتتىكى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە بىر قىسىم

---

[1] يۈ جىيۈڭ: «نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1998 - يىللىق 1 - سان، 55 -، 58 -، 66 -، 67 - بەتلەر.

مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭدىكى مەقسەت، نىيا خارابىسىنى قوغداش ۋە تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل بولىدىغان ئادەملەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، تارىخشۇناسلىق، جۇغراپىيەشۇناسلىق، ئېكولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەر گىرەلەشمىسى ئارقىلىق، نىيا بەگلىكىنىڭ گۈللىنىش، خارابىلىشىش تارىخى ئۈستىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئۇ يەردىكى ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان قەدىمكى جەمئىيەتنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كېيىنكى نىيا ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بىرىنچى، نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئەستايىدىل رەتلەپ، نىيا خارابىسىدىكى بارلىق نۇقتىلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىيالىنى تۇرغۇزۇش. جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈپ قېزىۋالغان ماتېرىياللىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى سەۋىيىدە نەشر قىلدۇرۇش. نىيا خارابىسى ئارخېئولوگىيىسىنىڭ ئاساسي تەتقىقات خىزمىتىنى ئەمەلي قانات يايدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى نىيا خارابىسىنى ئۆلچەملىك باشقۇرۇپ، مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك.

ئىككىنچى، نىيا خارابىسىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، تەتقىقات ساھەسىنى كېڭەيتىش، تەتقىقات كۈچىنى زورايتىش، تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە نىشانىنى تۇرغۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خارابىنى مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھازىرقى نىيە دەرياسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچى بولغان قاپاقئاسقان كەنتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھازىرقى ئولتۇراق ئۆي شەكلى، ئولتۇراق رايون ئېكولوگىيىسى قاتارلىقلاردا بىر قىسىم تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قەدىمكى بىلەن ھازىرقىنى سېلىشتۇرۇش، قومغا

كۆمۈلگەن قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئىزدەش جەريانىدا، ھازىرقى زامان بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قىسىم پايدىلىق چارە - تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى نىيا خارابىسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئاساسىدا، بۇنىڭدىن كېيىنكى دالا تەكشۈرۈش خىزمىتىدە مۇھىم بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، نىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەشنى تۇتقا قىلىپ، جەنۇب، شىمالدىن تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلمىي نىشاننى توغرا تۇرغۇزۇپ، تىپىك ئولتۇراق ئۆي رايونىنى بىرلىك قىلىپ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىشامشان بەگلىكىنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يازما ماتېرىياللارنى قاروشتى يېزىقى، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نىيا ئارخېئولوگىيىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، دالا ئارخېئولوگىيە ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنۇملۇك يىل - دەۋر تەرتىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش كېرەك.

## تۆتىنچى باب

# خوتەننىڭ قەدىمكى تىل - يېزىق، ۋەسىقىلىرى

قەدىمكى تىل - يېزىق ۋە ۋەسىقىلەر — قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ تۈپ بەلگىسى. قەدىمكى ئىنسانلار يېزىق ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ياۋايىلىق دەۋرى» (يەنى تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرى) بىلەن خوشلىشىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يۇقىرى پەللە — «مەدەنىيەتلىك دەۋر»گە قەدەم قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە كۈچەيدى. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدا مەدەنىيلىشىشتىن ئىبارەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكرى، ئالاقىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتى يېزىق شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولدى. ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا يېزىق جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلى ۋە بەلگىسى سۈپىتىدە، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشنى باشتىن كەچۈردى. بۇنىڭ بىلەن زامان ۋە ماكان چەكلىمىسى ئارقىلىق خىلمۇخىل يېزىق شەكىللىرى بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى.

شىنجاڭ قەدىمدە «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغاچقا، تارىختا غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى بولغان. قەدىمكى دەۋردە غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى بۇ

يەردە ئۇچراشقان ھەمدە دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت — قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب - پارس مەدەنىيەتلىرى؛ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنلىرى؛ ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى — ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسى ۋە خەن - زاڭ تىل سىستېمىسى شىنجاڭدا ئۇچراشقان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىن بىللە مەۋجۇت بولغان، كۆپ خىل تىل - يېزىق ئىشلىتىلگەن ھالەت بارلىققا كەلگەن.

شىنجاڭدا ھازىرغىچە بايقالغان ۋە ئىشلىتىلگەن قەدىمكى تىللار ئاساسلىقى تۆت چوڭ تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، بۇلار ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەن - زاڭ تىل سىستېمىسى ۋە سام - ھام تىل سىستېمىسىدىكى 18 خىل تىلدىن ئىبارەت. بۇ خىل تىلغا ئائىت ماتېرىياللار شىنجاڭدىكى تۇرپان، لوپنۇر، خوتەن، نىيە، بارچۇق، چاقىلىق، كۇچا، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق بوستانلىقلاردىن كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ تىلدىكى يېزىقلار شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىل - يېزىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى كۆپلىگەن ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شىنجاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن يېزىقلار ئارقىلىق خاتىرىگە ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي، دىنىي، تارىخ، ئەدەبىيات، قانۇن، تېبابەتچىلىك، تەقۋىمچىلىك قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخ - مەدەنىيىتى ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن — تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى قەدىمكى تىل - يېزىق ۋە ۋەسىقىلەر ئەڭ كۆپ بايقالغان جاي. خوتەن بوستانلىقىدا قەدىمكى

دەۋردە ئىشلىتىلگەن تىل - يېزىقلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ، بۇ خىل يېزىقتا يېزىپ قالدۇرۇلغان ماتېرىياللارنىڭ سانىمۇ بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، قەدىمكى خوتەننىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. خوتەن رايونىدا ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا بايقالغان، تېپىلغان قەدىمكى تىل - يېزىقلار ۋە ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1. قارۇشتى يېزىقى

قارۇشتى يېزىقى مىلادىيە 2 - ئەسىردىن 5 - ئەسىرگىچە ئۇدۇن، پىشامشان، كۇسەن قاتارلىق رايونلاردا ياشىغان ئاھالىلەر ئىشلەتكەن بوغۇملۇق يېزىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ئەرەب يېزىقىدۇر. بۇ يېزىق ئەڭ بۇرۇن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردە ئۆتكەن قەدىمكى ھىندىستان پادىشاھى ئاسوكانىڭ قەبرە تېشىدا بايقالغان. شىنجاڭدا بايقالغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۇتۇكلەر ئاساسلىقى قەندىھار ۋە ئۇدۇن تىلىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئوڭدىن - سولغا تۈز يېزىلىدۇ. دەۋرلەر ۋە تېپىلغان ئورۇنلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، قارۇشتى يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى 43تىن 57 گىچە بولۇپ، شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بار. ئۇزۇن تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك، شىنا شەكىللىك ۋە شەكلى تەرتىپسىز قاتارلىق بىرقانچە تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ؛ ياسىلىش شەكلىدىن پېچەتلىك، كۆپ شەكىللىك، پوستى سويۇقلۇق قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ. شىنا شەكىللىك پېچەتلەنگەنلىرىگە دۆلەت ئەمر - پەرمانلىرى يېزىلغان، ئۇزۇن تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكىلىرىگە ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەتلىرى، قانۇن - پەرمانلىرى ياكى مەكتۇپلار يېزىلغان، كۆپ شەكىللىك ۋە پوستى سويۇلغانلىرىغا ئاساسەن ئېلىم - بېرىم ئىشلىرى يېزىلغان. قارۇشتى يېزىقىنى بايقالغان جايلارغا

ئاساسەن تۆت خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1) قەدىمكى ئۇدۇن ئىلى ۋەسىقىلىرى. خوتەندىن تېپىلغان خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە خەت يېزىلغان يارماقلار، «بۇددا شەرھى كالاملىرى» ھەمدە نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى ئەندىرە خارابىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر.

2) قەدىمكى پىشامشان بەگلىكىنىڭ ۋەسىقىلىرى. نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ تارىشىلار، يازما نۇسخا ۋە ئويما نۇسخىلار، ئەندىرە خارابىسىدىن تېپىلغان پىشامشان قارۇشتى ۋەسىقىلىرى، مىرەندىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن توقۇلمىلار ۋە سوئاللار خاتىرىسى، كروران خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ تارىشىلار، يازما ۋە ئويما نۇسخىلار.

3) كۈسەن بەگلىكى ۋەسىقىلىرى. كۇچانىڭ سۇ بېشى خارابىسىدىن تېپىلغان قەبرە پۈتۈكلىرى، يازما نۇسخا ۋە ياغاچ تارىشىلار.

4) باشقا ۋەسىقىلەر. مارالبېشىدىكى توققۇز شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ تارىشىلار، دۇنخۇاڭدىكى خەن سۇلالىسى سېپىلى خارابىسىدىن تېپىلغان ئويما ۋەسىقىلەر، لوياڭ ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تېپىلغان قەبرە پۈتۈكلىرى قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، 700 پارچە ئەتراپىدا. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار ۋە قانۇن قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايدۇ.

قارۇشتى يېزىقى يىپەك يولىدىكى سودا ئىشلىرىدا ۋە بۇددا دىنىدا ئىشلىتىلگەن يېزىق بولۇش سۈپىتى بىلەن تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، يەنى ھازىرقى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى، پاكىستان، ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالى، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان

دۆلەتلىردىن تارتىپ تاكى ئىلىمىزنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىغىچە ، دۇنخۇاڭ، لوياڭ قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلىرىگىچە تارقالغان.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قارۇشتى يېزىقى ئەڭ بۇرۇن ھىندىستاندىكى مائورا خانلىقىنىڭ خانى ئاسوكا قەندىھارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تاغ باغرىدىكى قىيا تاشقا ئويۇپ ئىيلان قىلغان قانۇن - پەرمانلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئەڭ كېيىن ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پىشامشان بەگلىكى (مىلادىيە 2 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە) نىڭ خانى ۋاسمانا (Vasmana) دەۋرىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردە كۆرۈلىدۇ.

قارۇشتى يېزىقى مىلادىيە 4 - ئەسىردىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئىشلىتىلىشتىن قالغان. كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ 1500 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە، ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قايتىدىن بۇ خىل يېزىق بىلەن ئۇچراشتى.

قارۇشتى يېزىقىدىكى تىل ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىچىدىكى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ئارىيان تىلىغا مەنسۇپ شېۋىدۇر. بۇ تىلنىڭ بارلىققا كەلگەن جايى ۋە تىلنىڭ ھىندىستاندىكى باشقا ئاممىباب تىللارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئەنگلىيىلىك ئالىم بايلېي (H·W·Bailey) بۇ يېزىقنىڭ تىلىنى «قەندىھار تىلى» (Gandhari) دەپ ئاتاش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. بۇ تەكلىپ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

قارۇشتى يېزىقى ۋە قەندىھار تىلىنىڭ يىپەك يولىدا تارقىلىشىدا، مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا كۇشان خانلىقىنى قۇرغان توخرىلار (توخرىلار — ئۇلۇغ ياۋچىلار دەپمۇ ئاتالغان، ئۇلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرلەردە ئىلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ ۋە كروراننىڭ شەرقىي تەرەپلىرىدە

ياشىغان، كېيىن هونلار تەرىپىدىن غەربكە قوغلىۋېتىلگەن) ئاساسلىق رول ئوينىغان. كۇشان خانلىقى قەندىھار تىلى ۋە قارۇشتى يېزىقىنى ھۆكۈمەت تىل - يېزىقى قىلغان.
كۇشان خانلىقىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، قەندىھار تىلى ۋە قارۇشتى يېزىقى توخرىلار تەرىپىدىن شەرقتىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ تىل يىپەك يولىدىكى خەلقئارا ئالاقە تىلىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. قەندىھار تىلى ۋە قارۇشتى يېزىقى تارىم ۋادىسىدىكى پىشامشان (Pskamshan)، نىيا (چادوتا - Cadoto)، ئۇدۇن (Khotan) قاتارلىق بەگلىكلەرگە تارقالغان. تارىم ۋادىسىدىكى قەندىھار تىلىنىڭ بۇ تارماقلىرىنى ئېلىمىز تىلشۇناسلىرىدىن جى شيەنلىن، لىن مېيسۈن قاتارلىقلار «نىيا پراكىت (ئاۋام) تىلى»، «پىشامشان ئاۋام تىلى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتاشنى تەشەببۇس قىلماقتا.
ئېلىمىزدە قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئەڭ ئاۋۋال ئەنگلىيىنىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى قولغا چۈشۈرگەن. 1874 - يىلى ئەنگلىيىلىك د. فورسىت (D·Foersyt) باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئىككى دانە خەنزۇچە - قارۇشتىچە خەتلىك يارماق (پۇل)نى يىغىۋالغان.
1883 - يىلدىن 1901 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دىپلوماتلىرىدىن كوسدفرېي (S·H·Cosdfrey)، ماكارتنېي (G·Macartney)، تالبوت (A·C·Talbot) قاتارلىقلار كۇچا، خوتەن رايونلىرىدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن نۇرغۇنلىغان يۈگەلمە قولىيازما ۋە خەنزۇچە - قارۇشتىچە خەتلىك پۇلدىن 97 دانىدىن كۆپرەكنى سېتىۋېلىپ، ئەنگلىيە مۇزېيىغا تاپشۇرغان.
19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ن. پېتروۋسكىي (N·Petrovsky) نۇرغۇنلىغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى سېتىۋالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە

21 دانە خەنزۇچە - قارۇشتىچە خەتلىك يارماق ۋە قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان «دھارماپادا سۇترا»نىڭ پارچە ۋاراقلىرى بار.

1890 - يىلى فرانسىيىلىك خەرىتىشۇناس دۇترېئىل دىرىنس (J.L.Duteruil de Rhins) بىلەن شەرقشۇناس گرېنارد (F.Grenard) باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنجاڭ ۋە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلار 1892 - يىلى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ يەرلىك ئاھالىنىڭ قولىدىن تۆت دانە خەنزۇچە - قارۇشتىچە خەتلىك يارماق ۋە قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان «دھارماپادا سۇترا»نىڭ باشقا ئۈچ ۋارىقىنى، شۇنىڭدەك بىرقانچە پارچە يىرتىق ۋارىقنى سېتىۋالغان.

ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ستەين (S.A.Stein) شىنجاڭدا ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بېرىپ قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك، ھەر خىل توقۇلما، قەغەز پۈتۈك، ئابىدە قاتارلىق 778 پارچە ۋەسىقىنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 721 پارچىسى نىيا خارابىسىدىن، 48 پارچىسى كروران خارابىسىدىن، ئۈچ پارچىسى دۇنخۇاڭدىكى تۇر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان. يەنە خەنزۇچە - قارۇشتىچە خەتلىك يارماقتىن 187 دانىنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ 176 دانىسى خوتەن رايونىدىن، 10 دانىسى كۇچا ئەتراپىدىن، بىر دانىسى يەكەندىن قېزىۋېلىنغان ۋە كىشىلەرنىڭ قولىدىن سېتىۋېلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ستەين ئەنگلىيە مۇزېيىغا تاپشۇرغان.

1930 - يىلى ستەين تۆتىنچى قېتىم نىيا خارابىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 18 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى قولغا چۈشۈرگەن. كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالماي قايتىشىدا قومۇل تەرەپكە بارغان، ئۇ يەردىكى تەكشۈرۈشمۇ توسالغۇغا ئۇچراپ تەكشۈرۈپ تاپقان بارلىق بۇيۇملىرى تۇتۇپ قېلىنغان. ستەين پەقەت بۇ بۇيۇملارنىڭ فوتو سۈرىتىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

1900 - يىلى 3 - ئايدا شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن (Sven Hedin) كروران خارابىسى رايونىدا تەكشۈرۈش -

قىزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە تارىشا پۈتۈكلەرنى ۋە قارۇشتى يېزىقىدىكى بىر پارچە تارىشا پۈتۈك، بىرقانچە پارچە ۋاراقلىرىنى تاپقان.

1905 - يىلى ئامېرىكىلىق خۇنتىڭتون (E·Huntington) نىيا خارابىسى ئەتراپىدا تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئالتە پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تاپقان.

1906 - يىلى 6 - ئايدا فرانسىيىلىك پېللىئوت (P·Pelliot) باشچىلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش ئەترىتى كۇچانىڭ سۇ بېشى، دۇلدۇلئوقۇر بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىرىدە تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەتكەن.

1902 - يىلىدىن 1914 - يىلغىچە ياپونىيىنىڭ ئوتانى كوزۇئى تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 11 دانە خەنزۇچە - قارۇشتىچە خەتلىك يارماق ۋە نۇرغۇن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن.

1902 - يىلىدىن 1914 - يىلغىچە گېرمانىيىلىك گرۈنۋېدېل (A·Crunwedel) ۋە لېكوك (A·V·Lecogq) باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تۆت قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك، بىر دانە قارۇشتى يېزىقىدىكى ئابىدىنى ئېلىپ كەتكەن.

1928 — 1929 - يىللىرى ئېلىمىز ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خوتەن ئاقسىپىل خارابىسىدىن بىر دانە قارۇشتىچە خەتلىك يارماق تېپىۋالغان.

1928 - يىلى شۋېتسىيە ۋە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئارخېئولوگ فولك بېرگمان (F·Bergman) كروران خارابىسىدىن قارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە يىپەك توقۇلمىنى تاپقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش پائالىيەتلىرىنىڭ سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، يېڭىدىن بىر قىسىم قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تېپىلدى.

1959 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى نىيا خارابىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا 66 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تاپقان.

1970 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇملۇقنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى جايلاردىن 40 نەچچە پارچە تارىشا پۈتۈكنى تاپقان.

1980 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى كروران قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن بىر پارچە تارىشا پۈتۈك ۋە قارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە رەختنى تاپقان.

1980 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن نىيا خارابىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 20 نەچچە پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تاپقان.

1988 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىدە ئۇدا توققۇز قېتىم تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 50 نەچچە پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكنى تاپقان.

1997 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېي، نىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى نىيا خارابىسى، شايانتاق شەھەر خارابىسى ۋە يادىكارلىق ئوغرىلىرىنىڭ قولىدىن بەش پارچە تارىشا پۈتۈك، بىر پارچە كېسەككە يېزىلغان پۈتۈك، بىر پارچە قەغەز پۈتۈك يىغىۋالغان.

ئېلىمىزدىن، جۈملىدىن قەدىمكى خوتەن رايونىدىن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر كۆپلەپ تېپىلغاندىن كېيىن، بۇ يېزىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلار جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ

ئاساسلىق تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق قارۇشتى يېزىقى توغرۇلۇق مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ۋە قارۇشتى يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى مەخسۇس كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. تۆۋەندە خوتەن رايونىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقى ۋە ۋەسىقىلەر ھەققىدە مەخسۇس يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىكلىرىدىن بىرقانچىسى تونۇشتۇرۇلدۇ.

1. «نىيەدىن يېڭىدىن تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرى».

(Further Kharosthi Documents Niya, BSOAS· IX, 1937·)

بۇ توپلامغا ستەين ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆتىنچى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نىيا خارابىسىدىن تاپقان 18 پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقە كىرگۈزۈلگەن. ئەنگلىيىلىك براھمىشۇناس بۇرروۋ (T·Burrow) تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ فوتو سۈرىتىگە ئاساسەن (ئەسلىي تارىشا پۈتۈكنى يەرلىك ھۆكۈمەت ستەيندىن قايتۇرۇۋالغان) ئوقۇپ يېشىپ، 1937 - يىلى ئەنگلىيە «لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق - ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى» نىڭ 9 - سانىدا ئېلان قىلغان.

2. «قەندىھار تىلىدىكى ‹دھارماپادا سۇترا›» (لوندون مەدەنىيەت توپلىمى 7 - سان، 1962 - يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى).

(The Gandhari Dharmapada, London Oriental Series, Vol· 7, OxFord University Press, 1962)

ئەنگلىيىلىك ج. برۇئۇگ (J·Brough) رۇسىيىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان «دھارماپادا سۇترا»نىڭ پارچە ۋاراقلىرىنى ۋە فرانسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دھارماپادا سۇترا»نىڭ پارچە ۋاراقلىرى (فوتو سۈرەتلىرىنى)نى بىر يەرگە يىغىپ، ئاشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا «قەندىھار تىلىدىكى ‹دھارماپادا سۇترا›» ناملىق توپلامنى تۈزۈپ چىققان. «دھارماپادا سۇترا» ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئائىت بىر پارچە شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، قوليازما قېيىن دەرىخى قوۋزىقىغا يېزىلغان. قوليازمىنى

19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى رۇسىيە، فرانسىيىلىكلەر يەرلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن سېتىۋالغان. بۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ تولۇق بولمىغان قىسمىنى يەرلىك كىشىلەر خوتەننىڭ قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان كۆھمارىم تېغىدىكى كالا مۈڭگۈزى ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تاپقان.

3. «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش دوكلات ماتېرىيالى» (1 - توم، ياپونىيە كيوتو 1996 - يىلى خەنزۇچە - ياپونچە نەشرى).

(The Sino - Japanese Joint Research the Niya Site)

بۇ كىتابقا ياپونىيىلىك ئىنوگۇچى تائىجۇننىڭ «قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ۋە بۇددا دىنى» ناملىق ماقالىسى، توشىتاكا خاسۇئىكېنىڭ «نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار تەتقىقاتى» (1 - قىسىم) ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا قارۇشتى يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن دەۋر، تارقالغان جايلار ۋە بۇددا دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنە بىرلىشىپ (جۇڭگو - ياپونىيە) تەكشۈرۈشتە تېپىلغان 24 پارچە تارىشا پۈتۈكنىڭ فوتو سۈرىتى، ئوقۇلۇشى، ياپونچە تەرجىمىسى، قىسقىچە سۆزلۈك لۇغىتى كىرگۈزۈلگەن.

4. «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش دوكلات ماتېرىيالى» (2 - توم، ياپونىيە كيوتو 1999 - يىلى 10 - ئاي خەنزۇچە - ياپونچە نەشرى).

(The Sino - Japanese Joint Research the Niya Site)

بۇ كىتابقا ياپونىيىلىك توشىتاكا خاسۇئىكېنىڭ «نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار تەتقىقاتى» (2 - قىسىم)، «قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار بىلەن خارابىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق ماقالىسى، ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتچىسى لىن مېيسۇن ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ

تەرجىمىسى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭغا نىيا خارابىسىدىن يېڭىدىن تېپىلغان 10 پارچە ۋەسىقىنىڭ ئوقۇلۇشى، فوتو سۈرىتى، خەنزۇچە - ياپونچە تەرجىمىسى، قىسقىچە سۆزلۈك لۇغىتى، ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلغان جايلىرى ۋە ستەين نىيا خارابىسىدىن تاپقان 800 گە يېقىن تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ ماتېرىيال ھەققىدىكى تەتقىقاتى كىرگۈزۈلگەن. يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان نىيا خارابىسى بىلەن كروران خارابىسىدىن تېپىلغان 20 پارچە ۋەسىقىنىڭ ئوقۇلۇشى، خەنزۇچە - ياپونچە تەرجىمىسى، قىسقىچە سۆزلۈك لۇغىتى بېرىلگەن[1].

1959 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى نىيا خارابىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، نىيا خارابىسىدىكى 10 ئېغىز ئۆي قېزىپ رەتلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۆيلەردىن نۇرغۇنلىغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر قېزىۋېلىنغان.

1 - ئورۇندىكى رەتلەنگەن ئۆي (№: 59MN0001) دىن ئىككى تەرىپىگە «+» بەلگىسى ۋە بەش يۇلتۇزغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بەلگە ئويۇلغان بىر ياغاچ دەستە بىلەن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك تېپىلغان. بۇ تارىشا پۈتۈكنىڭ ھەر ئىككى يۈزىدە ئۈچ قۇردىن بەش قۇرغىچە خەت بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ. شۇ ئۆيدىن يەنە ئىككى تارىشا پۈتۈك تېپىلغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان خەت ئىزى بار، بىرى 21 سانتىمېتىر، بىرى 16 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

رەتلەنگەن 3 - ئورۇن (№: 59MN0003) دىكى تامنىڭ

---

[1] ئىلھام تاھىر، جۇمەنىياز تۇرسۇن: «قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىللىق 2 - سان، 62 -، 64 -، 66 - بەتلەر.

ئۆلىدىكى بىر قەۋەت قۇم تازىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، تامىنىڭ بۇلۇڭىدىن ياخشى ساقلانغان بىر جۈپ تارىشا پۈتۈك تېپىلغان. توغراق ياغىچىدا ياسالغان بۇ ئىككى تارىشا پۈتۈكنىڭ يۈزى بىر - بىرىگە جۈپلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.7 سانتىمېتىر، ئۈستىدە بىرنەچچە قۇر قارۇشتىچە يېزىق بار. يۇڭ يىپ بىلەن ئۈچ يەردىن چىگىلگەن، چىگكەن يىپنىڭ ئاستى - ئۈستى ئايرىم - ئايرىم سېغىزلاي بىلەن پېچەتلەنگەن بولۇپ، ئالدى يۈزىنىڭ ئىككى يېرىگە ئىمزا قويۇلغان، ئىمزانىڭ بىرى تۆت چاسا شەكلىدە بولۇپ، ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 سانتىمېتىر، ئۈستىدىكى قاپارتما خەت گۈل بەرگىسىگە ئوخشىتىپ يېزىلغان. يەنە بىر ئىمزا ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە كىچىكرەك يېزىلغان، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 سانتىمېتىر، سىزىقلىرى تۇتۇق، ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىدە ئىككى لاي پېچەت بار، سول تەرىپىدە بېشى يوغان، قاڭشارلىق، ئورۇق، قولىنى كۆتۈرۈپ يېنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يالىڭاچ ئادەمنىڭ رەسىمى بار. سول تەرەپتىكى لاي پېچەت بۇزۇلغان، رەسىم نۇسخىسى ئېنىق ئەمەس، ئوتتۇرىسىدا ئۈچ پۈتلۈك، ئىچىگە خېلى ئۇزۇن ئۈچ تال نەرسە سېلىنغان بىر لوڭقا باردەك قىلىدۇ. يۇقىرىقى تارىشا پۈتۈكلەر تالان - تاراجقا ئۇچرىغاندا بايقالمىغان، ستەين ئېلىپ كەتكەن نەچچە يۈز تال تارىشا پۈتۈك ئىچىدىمۇ پېچىتى بۇزۇلمىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

رەتلەنگەن 4 - ئورۇن (№: 59MN0004) دىن بىر يۈزىنىڭ ھەممە يېرىگە قارۇشتى يېزىقىدا خەت يېزىلغان، يەنە بىر يۈزىگە يېرىم قۇر خەت يېزىلغان ئۇزۇن تارىشا پۈتۈك (ئۇزۇنلۇقى 47.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر)، يەنە بىر تامىنىڭ بۇلۇڭىدىن يەنە بىر ئۇزۇن تارىشا پۈتۈك (ئۇزۇنلۇقى 52 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر ) ۋە بىر يۈزىگە قىسقا - قىسقا تۆت گۇرۇپپا خەت يېزىلغان، ئۇچى يۇمىلاق تاختا شەكىللىك كىچىك بىر تارىشا تېپىلغان.

رەتلەنگەن 5 - ئورۇن (№: 59MN0005)نى رەتلەش داۋامىدا

ئوتتۇرىدىكى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىن ئىچىگە بىرمۇنچە سۇنۇق تارىشىلار سېلىنغان بىر ئەسكى ئىدىش تېپىلدى، ئۇ تارىشىلار ئېلىپ كېلىنىپ، سۇنۇقلىرى يەملەپ ئۇلانغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر يۇرۇش (ئىككى تال) شىنا شەكىللىك تارىشا، سەككىز تال تاختا شەكىللىك تارىشا تېپىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىغا خەت يېزىلغان، ياغاچلىرى بەك چىرىپ كەتكەچكە، خەت ئىزى تۇتۇق بولۇپ قالغان. ئىدىش ئىچىدىكى تارىشىلارنىڭ ساقلىرى ئىلغىۋېلىنغاندىن كېيىن تاشلىۋېتىلگەن سۇنۇق تارىشىلاردەك قىلىدۇ.

رەتلەنگەن 6 - ئورۇن (№: 59MN0006) دىن ئىشلىتىپ بولۇپ ئىشىك ئارقىسىغا تاشلىۋېتىلگەن بۇيۇملار ئىچىدە ئىككى دۆۋە تارىشا پۈتۈك بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككى يۇرۇش تارىشا پۈتۈك ئوبدان ساقلانغان، تىزىپ قويۇلغان تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بىرىگە بىر تال تارىشا پۈتۈك ياپقۇچ قىلىنغان، ئۇنىڭ ئاستىنقى يۈزىدە ۋە باشقا ئىككى تال تارىشا پۈتۈكتە خەت بار.

رەتلەنگەن 10 - ئورۇن (№: 59MN0010) بۇ ئۆيدىن يەنە توققۇز تال قاروشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈك تېپىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەتتە تال تارىشا پۈتۈكتە قاروشتى يېزىقىدىكى خەت بار ئىكەن. بۇ تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بەزىلىرى شىنا شەكىللىك، بەزىلىرى سوزۇنچاق تۆت بۇرجەك بولۇپ، سۇپا ئۈستىدە چېچىلىق ئىكەن. ھەممە ئۆيدىن قاروشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكچىلەرنىڭ تېپىلغانلىقى ئۇ يەردە قاروشتى يېزىقى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[1].

## 2. ئۇدۇن يېزىقى

ئۇدۇن يېزىقى مىلادىيە 4 — 11 - ئەسىرلەردە قەدىمكى ئۇدۇن ئاھالىلىرى ئىشلەتكەن بوغۇملۇق يېزىقنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] لى يۈچۈن: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە ، 1988 - يىللىق 4 - سان 163-، 169 - بەتلەر.

ئەسلىي مەنبەسى براھمى يېزىقىنىڭ كۆپ ھەرپلىك نۇسخىسى. سوزۇق تاۋۇش قوشۇمچە بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلگە، نۇسخا، يازما نۇسخا. تېز يېزىش نۇسخىسى قاتارلىق ئۈچ خىل يېزىش نۇسخىسى بار. ئۇدۇن يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن تىل — ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسى شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى تارمىقىغا مەنسۇپتۇر. نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۇنى ئۇدۇن ساك تىلى دەپ ئاتىماقتا. ھازىرغىچە بايقالغان ئۇدۇن ساك تىلىنىڭ ئۈچ خىل شېۋىسى بار. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئاساسەن خوتەن، مارالبېشى، كېرىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسى، قەشقەر كونىشەھەردىكى تۇمشۇق، دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ئالتۇن ياروق»، «سەددەرمە پۇنتەرىكە سۇترا»، «بۇددا ئېيتقان ئۆلمەسلىك سۇتراسى»، «پادىشاھ ئاسوكانىڭ تەمسىللىرى» قاتارلىقلار. بۇددا دىنىدىن خالىي ۋەسىقىلەردىن يارلىق، مەكتۇپ، خەت - چەك، ھېساباتلار، تېببىي كىتاب، ئەدەبىيات، لۇغەت قاتارلىقلار بار، مەسىلەن، «ستايول خالستوي ساقلىغان نوملار»، «يەتتە شاھزادىنىڭ ئەلچىلەر بىللە ئۇدۇن خانىغا مەلۇماتنامە بېرىشى»، «يەتتە شاھزادىنىڭ ئۇدۇن خانىغا مەكتۇپ يوللىشى»، «ئەلچىلەرنىڭ ئۇدۇن خانىغا قامچۇ تۇركلىرىنىڭ توپىلىڭى ھەققىدە مەلۇمات سۇنۇشى»، «خەنزۇچە - ئۇدۇنچە سۆزلۈكلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى»، «ئۇدۇن خانىنىڭ ساۋيوەنچۇڭغا يازغان مەكتۇپلىرى»، «كانىشكانىڭ تەرجىمىھالى»، «ئۇدۇنچە - خەنزۇچە قوش تىللىق مەكتۇپلار» قاتارلىقلار. جۇڭگودا ساقلىنىۋاتقان ئاز بىر قىسىم ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن باشقا، نۆۋەتتە كۆپ ساندىكى ئۇدۇن يېزىقىدىكى قولىيازمىلار ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانا ياكى مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا.

سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا،

قەدىمكى خوتەنلىكلەرنىڭ تىلى تارىختىكى پارس، سانسكرىت، گرېك، لاتىن تىللىرى ھەمدە ھازىرقى ياۋروپادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى تىللار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە. نۆۋەتتە خوتەندىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى ھۆججەتلەر قارۇشتى يېزىقى، قەندىھار تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ تىل مىلادىيە 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 3 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئىشلىتىلگەن.

قەندىھار تىلى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا ئىشلىتىلگەن بىر خىل ھىندى شېۋىسىدۇر. يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن قەندىھار تىلى يىپەك يولىدىكى سودا - ئالاقە ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن ۋە دىنىي تىلغا ئايلانغان. بىراق، ئۇدۇندا ئىشلىتىلگەن قەندىھار تىلى زور مىقداردا يەرلىك شېۋىلەر ئارىلاشقان ئەبجەش بىر تىلدۇر. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ تىل ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىنىڭ شەرقىي رايون شېۋىسىنىڭ بىرىدۇر. مىلادىيە 4 -ئەسىردىن 5 - ئەسىرگىچە ئۇدۇنلۇقلار براھمى يېزىقى ئارقىلىق ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئۇدۇندىكى خارابىلەردە ۋە دۇنخۇاڭدىكى بۇددا نوملىرى ساقلانغان ئۆڭكۈرلەردە بۇ تىلغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەر ساقلىنىپ قالغان. ھالبۇكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەر تېپىلغاندىن بۇيان، بۇ تىلغا نام بېرىش مەسىلىسى دېگەندەك ھەل قىلىنماي كەلدى. دەسلەپتە گېرمانىيىلىك تىلشۇناس رايمان بۇ تىلنى «شىمالىي ئارىيان تىلى» دەپ ئاتاپ، بۇ، ھىندى ۋە ئىران تىللىرىدىن باشقا، ئۈچىنچى بىر خىل ئارىيان تىلى دېگەن قاراشقا كەلدى. كېيىن فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پىللىئوت بۇ تىلنىڭ ئىران تىلىغا ناھايىتى يېقىن كېلىدىغانلىقىنى بايقىغاچقا، بۇ تىلنى «شەرقىي ئىران تىلى» دەپ ئاتىدى. ئەڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىلىك سانسكرىت تىلى تەتقىقاتچىسى ئالىم لۇدېرس بۇ تىل ئىران تىلىنىڭ شەرقىي رايون شۋېسىدىكى ساك تىلى بىلەن ئەڭ

يېقىن كېلىدىغانلىقىنى بايقىغاچقا، بۇ تىلنى «ساك تىلى» دەپ مۇقىملاشتۇردى. لۇدېرسىنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلدى. مۇنداق نام بېرىش تىلدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرسىمۇ، لېكىن تارىخىي پاكىتنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇدۇندا تارقالغان بۇ خىل ئوتتۇرا ئەسىر ئىران تىلىدىكى شەرقىي رايون شېۋىسىنى مۇۋاپىق ھالدا «ئۇدۇن تىلى» دەپ ئاتاش كېرەك[1].

خوتەن ساك يېزىقىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقنى ئەڭ دەسلەپ رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋىسكىي بىلەن گېئورگىي ماكارتىنىي قاتارلىقلار تاپقانىدى. 1901 - يىلى گېرمانىيىلىك ھوئېرنلىي قاتارلىقلار تۇنجى بولۇپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن غەرب ئەللىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتكەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەنگلىيىلىك ستەين، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن، گېرمانىيىلىك گرونۋېدىل، لىكوك، فرانسىيىلىك پائول پېللىئوت، ئامېرىكىلىق خۇنتىڭتۇن، ياپونىيىلىك تاچىبانا زىيچۇ، رۇسىيىلىك ئولدېنبورگ قاتارلىقلار خوتەن، تۇمشۇق، تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۇدۇن تىل - يېزىقىدا يېزىلغان كۆپ مىقداردىكى دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈرگەن.

ستەين ئېلىپ كەتكەن ئۇدۇن تىل - يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا، فېدېراتسىيە ئىشلىرى كۇتۇپخانىسى ۋە يېڭى دېھلى دۆلەتلىك مۇزېيىدا، پائول پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا، سۋېن ھېدىن ئېلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەر ستوكھولم ئىرقشۇناسلىق مۇزېيىدا، گرونۋېدىل، لىكوك قاتارلىقلار ئېلىپ كەتكەن يازما يادىكارلىقلار ھازىر بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا، تاچىبانا زىيچۇ ئېلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەر رىيوكوكو ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا

---

[1] «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1992 - يىللىق 2 - سان.

ساقلانماقتا. غەرب ئالىملىرىدىن هوئېرنلىي شۆمانىن، ستىن كونو بىيلى هەم ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن دىرىسىدىن ۋە ئېممىرىكى قاتارلىق ئالىملار، تىلشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ تىلنى يېشىپ چىقىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپە ئاخىر هەل قىلىندى.

1901 - يىلى گېرمانىيىلىك تىلشۇناس ئالىم هورئېرنىي بۇ تىلنى «تونولىغان تىل» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى توهپىسى بۇ تىلدىكى كۆپلىگەن ئىسىم ۋە سانلارنىڭ هىندى - ياۋروپا تىللىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىشى بولدى. 1907 - يىلى لۇئىمان ئۇدۇن تىلىنىڭ هىندى - ياۋروپا تىلى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە 1912 - يىلى بۇ تىلنىڭ شىمالىي ئارىيان تىلى ئىكەنلىكىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نورۋىگىيىلىك ئالىم ستىن كونوۋ بۇ تىلنى شەرقىي ئىران تىلى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلدى. تىل سىستېمىسى بويىچە ئېيتقاندا، كونوۋنىڭ قارىشى توغرا ئىدى. بىراق، تېپىلغان رايون نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ تىلنى ئۇدۇن ساك تىلى دەپ ئاتىسا توغرا بولاتتى. چۈنكى، قەدىمكى خوتەندە ئاق تەنلىكلەرگە تەۋە ساكلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، هىندىستاندىكى ساكلار بىلەنمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس ئالىم بايلى مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، خوتەن ساك تىلىنى ساك تىلى دەپ ئاتاش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ئېلان قىلىنىپ بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، خوتەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر خوتەن، تۇمشۇق، مۇرتۇق، دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆي قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان بولۇپ، تۇمشۇقتىن تېپىلغان خوتەن تىل - يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇن ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بايلى ئۆزىنىڭ «ساك تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە، خوتەن ساك تىلىنى تۇمشۇق تىلى (قەدىمكى زامان خوتەن تىلى)، دەسلەپكى

دەۋرىدىكى خوتەن تىلى ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى خوتەن تىلى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىدى. بايلى يەنە تۇمشۇق تىلى بىلەن دەسلەپكى، كېيىنكى مەزگىللەردىكى خوتەن تىللىرىدا ئازراق پەرق بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى خوتەن تىلىدا يېزىلغان ئەسەر، ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا نوملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن دېگۇدەك تۇمشۇق رايونىدىن ستەين ۋە پائول پېللىئوت تەرىپىدىن بايقالغان. بۇ بۇددا نوملىرى ئۇدۇنغا تارقالغان ئەڭ قەدىمكى بۇددا دىنىي دەستۇرلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ دەستۇرلار بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ساڭگاتا سۇترا، ۋاھىلا كىرىتى نېرداسا سۇترا، سۇرانگاما سامادىھى سۇترا قاتارلىقلار بار. بۇ نوملار فاشيەن قاتارلىقلار ئۇدۇنغا كەلگەن ۋاقىتتىدا ئاللىقاچان شۇ يەردە ئومۇملىشىپ بولغان.

ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان تارىخىي قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان دىنىدىن خالىي ھۆججەتلەرنى ئاساسەن خوتەننىڭ بۈگۈنكى دامىكو، خادالىق، بالاۋاستى، دەندان، مازارتاغ قاتارلىق جايلىرىدىن سۋېن ھېدىن بىلەن ستەين قاتارلىقلار ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، سانى 100 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئەمر - پەرمان، ھېسابات دەپتىرى، ھۆججەت، ئۆزئارا يېزىشقان سالام خەتلەردىن ئىبارەت. مۇشۇ ھۆججەتلەر ئارقىلىق قەدىمكى ئۇدۇن ئېلىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى يۈرگۈزگەن قائىدە - تۈزۈم، باج قاتارلىق تۈزۈملىرىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

تۆۋەندە ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە تىل ئۇسلۇبى ھەمدە گراماتىكىلىق تەركىبلىرى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن، كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان، ئۇزۇنلۇقى 22 ـ 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 13 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2 سانتىمېتىر كېلىدىغان خوتەن ساك يېزىقىدا يېزىلغان تارشا

پۈتۈكنىڭ مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلىدۇ:

مېھىر - شەپقەتلىك خوتەن پادىشاھى ۋىساسىمھي ئالىيلىرىنىڭ 4 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى. ئەھدىنامە تۈۋەندىكىچە: قائۇ ئەمەلدارى سۇراي شۇنى جاكارلايدۇكى، مېنىڭ ئىنىمنىڭ بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئۇنى ساتماقچى بولدۇم، سانىراكا ئالىيلىرى 2000 مۇرى چىقاردى، مەن بالىنى 2000 مۇرىغا سانىراكا ئالىيلىرىغا ساتتىم. سانىراكا پۇلنى پۈتۈنلەي تۆلەپ بولدى. مەن ئەمەلدارى سۇراي بۇ مۆھۈرنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ... مۇشۇ جايغا قويۇپ قويدۇم، بۈگۈندىن باشلاپ قارىسا سانىراكانىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. ھەرقانداق مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ... باشقىچە پىكرىمىز يوق. تۈزۈلۈپ بولغان ھەم ئەمەلىيلىشىپ بولغان توختامنى ئۆزگەرتىپ خىلاپلىق قىلسا، جازا تايىقى كۈن ئولتۇرغان چاغدا ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تەگكەي! بۇ توختامغا پارناما ئەمەلدارى پونادداتتا، قاتارلىقلار شاھىت[1].

يۇقىرىقى ۋەسىقىلەر خوتەن رايونىنىڭ بۇددا دىنىنى ھەمدە شىنجاڭنىڭ بۇددا دىنى تارىخى، بۇددا نوملىرىنىڭ تارقىلىش تارىخى، ئۇدۇن تارىخى ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىياللاردۇر، بولۇپمۇ دىندىن خالىي ۋەسىقىلەردىكى خانلارنىڭ ئەمر - پەرمانلىرى، تۈزۈملىرى، ئىقتىسادىي ھېساباتلىرى، مەخپىي ھۆججەتلىرى، ئەرزنامىلەر، تېبابەتچىلىككە دائىر ماتېرىياللار ئىلمىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى.

## 3. خەنزۇ يېزىقىدا قەغەزگە پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر

خەنزۇ يېزىقىدا قەغەزگە پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ خەنزۇ يېزىقىدىكى

---

[1] تەلئەت ئوبۇلقاسىم: «ئۇدۇن ساك يېزىقى ۋە ئۇنىڭدا يېزىلغان يادىكارلىقلار»، «مىراس» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2001 - يىللىق 3 - سان، 13 -، 14 - بەتلەر.

پۈتۈكلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تۇرپان ئاستانىدىن 2000 پارچىدىن كۆپرەك خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر بايقالدى. كروران قەدىمىي خارابىسىدىن خەن - جىن دەۋرلىرىگە مەنسۇپ پۈتۈك، ۋەسىقىلەردىن جەمئىي 575 پارچە قېزىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تارىشا پۈتۈك 413 پارچە، قەغەزگە پۈتۈلگەن پۈتۈكلەر 162 پارچە. تۇيىندىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ 71 پارچە تارىشا پۈتۈك قېزىۋېلىندى. نىيىدىن خەن - جىن دەۋرلىرىگە مەنسۇپ 98 پارچە تارىشا پۈتۈكلەر قېزىۋېلىندى، كۇچانىڭ دۇلدۇلئوقۇر دېگەن يېرىدىن تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ 212 پارچە ۋەسىقە قېزىۋېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، مارالبېشىنىڭ توققۇز ساراي، مازارتاغ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەندەن ئۆيلۈك، چەرچەن ناھىيىسىدىكى ۋاششەھرى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك تاڭ دەۋرى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر بايقالدى. خوتەننىڭ دامىكو دېگەن يېرىدىن يەنە خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇدۇن يېزىقىدا يېزىلغان قوش تىللىق تارىشا پۈتۈكلەر، تۇرپاندىن خەنزۇچە - قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوش تىلدا يېزىلغان ۋەسىقىلەر بايقالدى. ئومۇمىي جەھەتتىن، تارىشىغا، قەغەزگە پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇنقىلىرى غەربىي خەن سۇلالىسى خۇاڭلۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 49 - يىلى)غا، ئەڭ كېيىنكىلىرى تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ تۇنجى يىلىغا مەنسۇپ بولۇپ، سۇڭ دەۋرىگە مەنسۇپلىرى ئاز بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ھەربىي، سىياسىي ۋەقەلەرگە، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەرگە، باج - سېلىقتا، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆتنە - يېرىم ئىشلىرىغا، دىنىي ئېتىقادقا، شەخسىي مەكتۇپلارغا، قەدىمكى قولىيازمىلارغا، يېزىقچىلىقتا دائىر كۆپ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش، قوشۇنلارنى بەرپا قىلىش، قانۇن - تۈزۈملەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق

قىلىش ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ، بۇددا دىنى، زوروئاستېر دىنى ھەمدە كىشىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە زور ئىلمىي قىممىتى بار بولۇپ، باشقا تارىخىي ئەسەرلەردىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدۇ.

خەنزۇ يېزىقىدىكى خوتەن تارىخىغا دائىر ۋەسىقىلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خوتەن ۋە دۇنخۇاڭدىن بىر قەدەر كۆپرەك تېپىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوخشاشلا چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن. بولۇپمۇ شۇئېتسىيىلىك سۇۋېن ھېدىن بىلەن ئەنگلىيىلىك ستەيىن ئېلىپ كەتكەنلىرى بىرقەدەر يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بۇلار ھازىر ستوكھولىم بىلەن لوندوندىكى داڭلىق مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ. ستەيىن ئېلىپ كەتكەنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى چاۋانىس (E·Charannes) بىلەن ماسپورى (Hl·Maspore) تەتقىق قىلىپ ۋە ئىزاھلاپ ئېلان قىلغان. لېكىن، سۇۋېن ھېدىن ئېلىپ كەتكەن بىر تەرىپى خەنزۇچە، يەنە بىر تەرىپى ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بىرنەچچە پارچىسىنى ئەنگلىيىلىك سانسكرىت - ئىران تىلى مۇتەخەسسىسى بىلى (H·W·Bailey) تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغاندىن باشقا، كۆپ قىسمى تېخى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى[1]. ستەيىن قېزىپ تاپقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن يازما يادىكارلىق ۋەسىقىلىرىدىن قارىغاندا، خەنزۇ يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن خوتەن تىل - يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر بىلەن بىللە خوتەندىكى دامىكو، خادالىق، بالاۋاستى، دەندان ئۆيلۈك ۋە مازارتاغ قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمگاھلاردىن تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە يىلنامىسى بىلەن ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن دالىنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 768 - يىلى)، 7 - يىلى (مىلادىيە 772 - يىلى)، جيەنجۇڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە

[1] يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ھەرقايسى ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەچچە مىڭ پارچە بولۇپ، ھازىر تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغىنى ئوندىن ئىككى - ئۈچىكىمۇ يەتمەيدىكەن.

782 - يىلى)، 7 - يىلى (مىلادىيە 768 - يىلى) ۋە چىن يۈەننىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 789 - يىلى) ۋە 6 - يىلى (مىلادىيە 790 - يىلى) دېگەن يىلنامىلەر بولۇپ، ئىقتىسادىي ۋە سودا - سېتىق، توختام تۈزۈش، يەر خېتى، چارۋا، ئاشلىق سودىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەدەبىيات، تېبابەتچىلىك، قانۇن، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت مەزمۇنلارمۇ بار، ھەتتا بۇلارنىڭ بەزىلىرى قوش تىللىق بولۇپ، بىر تەرىپىگە خەنزۇ يېزىقىدا، يەنە بىر تەرىپىگە خوتەن (ساك) يېزىقىدا ئوخشاش مەزمۇندا يېزىلغان.

1901 - يىلى 2 - ئايدا ستەين خوتەندىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن براھمىچە، خەنزۇچە، تۈبۈتچە يېزىقلاردا قەغەزگە يېزىلغان يادىكارلىقنى قېزىۋالغان بولۇپ، خەتلەر بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدىكى بانتىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى تۈبۈتچە بۇددا پەلسەپىسىگە دائىر ئىلمىي ماقالە ئىكەن. بۇ تۈبۈتچە خەتلەرنىڭ يېرىمى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، بانت تەرىپىدىن 1903 - يىلى پادىشاھلىق ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ستەين يەنە بۇ خارابىلىكتىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكىرى ھۇجرىسىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇلۇڭىدىن تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ خەنزۇچە بېغىشلىمىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «□ يۈەننىڭ 7 - يىلى پۈتۈلدى. جىجيەن ئۇلارنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر بېگى ۋە تۆت چوڭ شەھەرنىڭ تۇبۇت ئەمەلدارى، مۇراسىم ئەركانى چىن جياشىڭ مەزكۇر يولغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى». تەكشۈرۈپ دەلىللىنىشىچە، بۇ بېغىشلىما جېنيۈەننىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 798 - يىلى) يېزىلغان بولۇپ، تۇبۇتلەرنىڭ ئۇدۇننى بېسىۋالغان ۋاقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بەش كۇنلۇك قېزىشتا ستەين يەنە تام رەسىملىرى، ياغاچ ئويما رەسىملەر، يىپەك توقۇلمىلار، بوز رەخت، پۇل ۋە بىر قىسىم بۇددا سەنئىتىگە دائىر سەنئەت بۇيۇملىرىنىمۇ تاپقان. 1906 - يىلى 11 - ئايدا ئىككىنچى

قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ قارۇشتىچە تارىشا پۇتۇكلەرنى قېزىۋالغان[1].

ستەين 1900 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دەندان ئۆيلۈك خارابىسىگە بېرىپ قېزىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ پارچىسى ۋە ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ پارچىلىرىدىن باشقا، يەنە 17 پارچە خەنزۇچە ھۆججەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جيەنجۇڭ (建中)، جېنيۈەن (贞元) يىلنامىلىرى چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەر بار. ھۆججەتلەر مال ئالماشتۇرۇش توختامنامىلىرى، پۇقرالارنىڭ ئەرزىيەتنامىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ستەين قېزىۋالغان ياغاچ تاختىغا سىزىلغان رەسىملەر كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان مۇھىم ماتېرىياللاردۇر. بۇ رەسىملەر قەدىمكى ئۇدۇن ئېلىدىكى چاشقان باشلىق ئىلاھ رىۋايىتى ۋە شەرقىي ئەل مەلىكىسىنىڭ پىلە غوزىسىنى ئۇدۇنغا ئاپارغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، پارسلارنىڭ تارىخىي داستانىدىكى رۇستەم، ھىندىستان ئايال ئىلاھى، تۆگىنىڭ بوتىلىقىنى ئېمىتىۋاتقان كۆرۈنۈشى، ئاتلىقلار كۆرۈنۈشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رەسىملەر كۆپ تەرەپلىمە مەدەنىيەت مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپ، بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، دىنىي ئېتىقادىنى ۋە بۇ جاينىڭ قوشنا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ[2].

## 4. تۇبۇت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر

شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان تۇبۇت يېزىقىدىكى بامبۇك تارىشا

---

[1] لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى 8 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 411 -، 412 - بەتلەر.

[2] ئېلى لىتىپ، نىجات روزى: «دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1999 - يىللىق 1 — 2 - قوشما سان، 17 - بەت.

پۈتۈكلەر جەمئىي 464 پارچىدىن ئارتۇق. ئاساسەن تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ قەلئەسى، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى مىرەن قەلئەسى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. ھازىر 380 پارچىسى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدىكى ھىندىستان ئىشلىرىنى بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ كۈتۈپخانىسى ۋە بۈيۈك برىتانىيە كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا. 78 پارچىسى شىنجاڭ مۇزېيىدا، ئالتە پارچىسى رۇسىيىدە ساقلانماقتا. تارىشا پۈتۈكتىكى ۋەسىقىلەر يەر، ئېتىز - ئېرىقلارنى باشقۇرۇش، يەر تەقسىم بېرىش، تېرىقچىلىق قىلىش، ئارپا، بۇغداي، كۆممىقوناق تېرىش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇغداي تېرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكى 56 پارچە، نەرسە - كېرەكلەرنى ئىجارىگە بېرىش، ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان باج، ھاشار قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى 13 پارچە، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاشلىق، مال - مۈلۈك، چارۋا - ماللار، قاچا - قومۇچلارنى ئۆتنە - يېرىم بېرىش ئىشلىرى خاتىرىلەنگەنلىرى 16 پارچە، كىيىم - كېچەك، توقۇمىچىلىق، ئوزۇق - تۈلۈك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى خاتىرىلەنگەنلىرى 30 پارچە، لەشكىرىي قوشۇن، ئۇرۇش - تالاش، قورال - ياراغ، چارلاش - قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش قاتارلىق ھەربىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى 65 پارچە، ئوغرى - قەبىلە، نەسەبلەرگە مۇناسىۋەتلىكلىرى 84 پارچە، دوكلات، ئەمر - پەرمان، ئۇقتۇرۇشلار، لەشكىرىي قوشۇنلارنىڭ تۇرار جايى، ئاشلىق يۆتكەش، قاچقۇنلارنى تۇتۇش ئېلانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى 97 پارچە، دىنىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى 25 پارچە بولۇپ، ئۇلاردا ئاساسلىقى تۆبۈتلەرنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئىپادىلەنگەن. يەنە باشقا مەزمۇنلاردىكى بىر قىسىم تارىشا پۈتۈك پارچىلىرىمۇ بار. بۇ ماتېرىياللار تۆبۈتلەر مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش - ماجىرالار ھەمدە ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، دىن ھەمدە ئىجتىمائىي

تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللاردىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان ۋەسىقىلەر بولۇپ، زور ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

مىلادىيە 7 - ئەسىرلەردە باش كۆتۈرۈپ چىققان تۇبۇتلەر مىلادىيە 791 - يىلىدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تارىم ئويمانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇدۇن ئېلىنى بېسىۋالغان بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ مەزگىلدە ئۇدۇندا مەلۇم تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان. شۇڭا، تۇبۇتلەرنىڭ مۇشۇ ۋاقىتلاردا يازغان بۇددا دىنى ئەسەرلىرى بىلەن تارىخىي ئەسەرلىرىدە شۇ دەۋرلەردىكى خوتەن تارىخىغا دائىر نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغان. بولۇپمۇ تۇبۇت يېزىقىدىكى «گەنگۇر» (甘珠尔) ۋە «دەنجۇر» (丹株尔) دېگەن چوڭ ھەجىملىك ئىككى ۋەسىقە توپلىمى ئىچىدىكى بەش قىسىم ئەسەردە مەخسۇس خوتەن ھەققىدىكى بايانلار بار. بۇلار: (1) «پاك - نۇرلۇق بۇددا ئېيتقان سۇترا»، (2) «كالا مۆڭگۈزى تېغى (كونسىرىنگا) ھەققىدە قىسسە»، (3) «ئارخات سانگاۋاردىخانا ھەققىدە قىسسە»، (4) «ئۇدۇن ئېلى ھەققىدە قىسسە»، (5) «ئۇدۇن ئېلى تارىخى»دىن ئىبارەت. بۇ بەش قىسىم ئەسەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىلا تۇبۇت يېزىقى بىلەن يېزىلغانمۇ ياكى ئۇدۇن ساك يېزىقىدىن تەرجىمە قىلىنغانمۇ دېگەن مەسىلىدە ھازىرغىچە تالاش - تارتىش مەۋجۇت. يەنە دۇنخۇاڭدا ساقلىنىۋاتقان ھەم تۇبۇت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ساكيامۇنىغا ئوخشاش كەلمىش بۇددا ھەققىدە خاتىرە» ۋە تۇبۇت يېزىقىدىكى ئۈچ ۋەسىقىمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى خوتەن تارىخىغا دائىر مۇھىم يازما يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. تۇبۇت يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقە - پۈتۈكلەر خوتەن بۇددىزمىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق يازما مەنبە بولۇپلا قالماي، بەلكى خوتەننىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، تىل - يېزىقى، دىئالېكتى، ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بىرىنچى قول ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ. بۇددىزم ئەسەرلىرىگە ئائىت ۋەسىقىلەردىن باشقا، شىنجاڭدا يەنە تۇبۇت خانلىقىنىڭ ئوردا پۈتۈكچىلىرى تەرىپىدىن پۈتۈلگەن بەزى تارىخىي

ئەسەرلەرمۇ ساقلانغان. مەسىلەن، «خانلىق سالنامىسى» بىلەن «تۇبۇتلەرنىڭ زور ۋەقەلەر خاتىرىسى» قاتارلىقلاردا تۇبۇتلەرنىڭ تارىم ئويمانلىقى، جۇملىدىن خوتەندە ئېلىپ بارغان زور ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلاردا خوتەن تارىخىغا دائىر خېلى مول ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان. شۇ قاتاردا ستەين خوتەندىكى مازارتاغ، خادالىق ۋە بالاۋاستى قاتارلىق جايلاردىن تاپقان تۇبۇت يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەرمۇ خوتەن تارىخىغا دائىر بەزى بوشلۇقلارنى تولدۇرالايدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى تۇبۇتلەرنىڭ ئۇدۇندىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تۇبۇت يېزىقى مەلۇم مەزگىل ئىشلىتىشتىن قېلىپ قالمىغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا ۋايجىرا (ياكى ۋىسا) خان جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇدۇن ئېلى ئوردىسىدا تۇبۇت يېزىقى بىلەن ئۇدۇن يېزىقى ئوخشاشلا ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، خوتەندىن تېپىلغان مەشھۇر ۋەسىقە «ستائېل خالستوي» (Stael Holsein) دوكلاتى بولۇپ، پۇللېي بىلانىك (E·Pulleyblank) ئەپەندى ئۇنى مىلادىيە 925 - يىلى يېزىلغان دەپ ھېسابلايدۇ[1].

[1] جاڭجى كۇتەيفىڭ: «خوتەن تىلىدىكى ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن ۋىسا خان جەمەتىنىڭ شەجەرىسى ۋە يىلنامىلىرى»، جاڭ گۇڭدا، رۇڭ شىنجاڭ: «تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئاخىرى، سۇڭ سۇلالىرىنىڭ باشلىرىدىكى خوتەن خانلىقىنىڭ دۆلەت نامى، يىلنامىسى ۋە خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى مەسىلىسى ھەققىدە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تەتقىقات مەركىزى تۈزگەن «دۇنخۇاڭ، تۇرپان ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1982 - يىلى بېيجىڭ نەشرى، 185 - بەت؛ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان خوتەن تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1992 - يىللىق 1 سان، 98 - بەت.

[General Information]
书名=古代和田　维吾尔文
作者=阿迪力·穆罕默德
页数=269
SS号=40250838
出版日期=2008.11
出版社=新疆人民出版社
ISBN号=978-7-228-12064-2
中图法分类号=K294.52
原书定价=20
主题词=文化史-和田地区-古代-维吾尔语（中国少数民族语言）
参考文献格式=阿迪力·穆罕默德.古代和田　维吾尔文.乌鲁木齐市：新疆人民出版社,